# تارىم

AltunOq

3

1985

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## رەسساملار ۋە گۈزەل سەنئەت خادىملىرى دىققىتىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز يېقىندىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسى ھەققىدە كىتاپخانلار- دىن نۇرغۇن پىكىر-تەكلىپلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، كۆركەم چىقىرىش ئۈچۈن بۆلۈمىمىز بۇيىل «تارىم» ژۇرنىلى ئۈچۈن مۇقاۋا ئىشلەش مۇسا- بىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. مۇقاۋا ئىشلەش تەلىۋى: مىللى ئالاھىدىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن سادده، چوڭ سۈپەت بولۇشى لازىم. تاللانغان نۇسخىلارغا تېگىشلىك قەلەم ھەققىدىن تاشقىرى مۇكاپات بېرىلىدۇ.

كەڭ رەسساملار ۋە گۈزەل سەنئەت خادىملىرىنىڭ بۇ مۇسابىقىغا قىزغىن قاتنىشىشىنى ۋە ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

28- يىل نەشرى

AltunOq

1985

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقاتقۇچىسى

# بوستانلىق

## ھېكايىلار

يىراقتىن خەتلەر ................ تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن 13
پۇل ................................ پەرھات جىلان 17
باللارنىڭ دوستى .................... ھاجى ئەخمەت 24
تەقدىر (پوۋېست) .................... ئالىمجان ئىسمايىل 35
ئانا قەلبى ......................... مەمتىمىن ھەزرەت 64
سەگىدەش ........................... ئەخمەت ھاشىم 67
كارامەتچى .......................... گايىت مۇسا 82

## شېئىرلار

باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار ........ ئابدۇكېرىم خوجا 4
دېڭىز لېرىكىلىرى .................... يۈسۈپجان ئەخمىدى 5
سەھۋالىم تەسراتلىرى ................. ئابدۇللا سۇلايمان 7
شېئىرلار ............................. ئەمەت جاپپار 10
بۇلبۇل بىلەن سۆھبەت ............... مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى 11
شېئىرلار ............................. تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 30
پارچىلار ............................ بېلىقىز سۇلايمان 33
گۈل ۋە ھەرە ......................... ھەجەر گۈل قاسىم 33
ئىككى شېئىر ......................... رىزۋانگۈل ھۈسەيىن 34
تاجىك قىزى .......................... ئادالەت قەلەم قىزى 34
شېئىرلار ............................. كامىل رەھىم 58
تاغلار قامىتى ....................... روزى نىياز 59
رۇبائىلار ............................ تۇرسۇن نىياز 60
تەقلىت قىلسام ....................... ئابدۇكېرىم مەخسۇت 60
باھار يامغۇرى ....................... ئوسمانجان زۇنۇن 61
كۆچەت ۋە ئۆمۈر ..................... ئىلھامجان ئابلىز 61
پارچىلار ............................ ماخمۇتجان ھېزىم 61
ئانا مېھرى .......................... ئابابەكرى 62
شېئىرلار ............................. بەگمەت يۈسۈپ 62

# تارىم


ئايخان (ناخشا تېكستى) ........ ئابدۇرشىت ھاشىم 63
كاككۇكنىڭ راۋايىتى ........ يالقۇنجان ئىسلام 85
ئىككى مەسەل ........ ئابدۇرېھىم ئىسمايىل 160


## ئوبزور ۋە ماقالىلار


يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا باسماقتا ......
........ جاڭ گۇاڭنيەن 101
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان
رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، ھەيئەت رىياسەتى ۋە شۇجىچۇ ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 114
ئىلمىي فانتازىيىلىك ھىكايىلارغا ئەھمىيەت بېرەيلى ........ يۈسۈپ ھۈسەيىن 115
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاياتى توغرىسىدا بىر ئاز
پىكىر ........ خېۋىر تۆمۈر 120
مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ........ 147
ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ........ 155


## بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز


ئاتاقلىق شائىر — تېيىپجان ئېلىيوپ ........ 126
ئىقتىدارلىق يازغۇچى — زوردۇن سابىر ........ 129


## تەرجىمە گۈللەر


ئانا (ھىكايە) ........ دىلبەر قەييۇم 131
ئىككى شېئىر ........ مەخسۇت مۇھەممەت 138


## ئەينەك


«ھوشيارۇپ» ........ تېيىپجان ئېلىيوپ 139


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


ئىلزابىت كاكروۋن (نەسر) ........ ۋېرگىنا كېللى 143



رەسىمنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان، ھۆسنخەتنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن يازغان......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار

ئابدۇكېرىم خوجا

1

باش باھار ئەترە ئېلىپ كەلدى، قارا،
ئاچ ئىشىك ۋە پەنجىرەڭنى كەڭتاشا.
ئۆزگىچە لىق تولغاي باھارنىڭ شامىلى،
ھايدىلىپ بولغۇنچە چاڭ، بىقسىق ھاۋا.
ئىس - تۈتەكتىن كۆپ زەھەر چەككەن يۈرەك،
ساپ ھاۋانىڭ پەيزىدىن تاپقاي شىپا.

2

كەلدى يۇرتۇمغا كېرىپ تېرىلغۇ ئاي،
خېلىلا قالدى ئىسسىپ ھەمىلا جاي.
قالدى پۇشماقلاردىلا قىشنىڭ يۇقى،
تۇرىدۇ ياش تامچىتىپ مىسكىن چىراي.
بەك ئېغىر كەلگەن چېغى قىشقا ئۇزاش،
بولمىسا چىقامدۇ ياش كۆزدىن ئوڭاي؟

3

ئەتىيازدۇر بىر پۈتۈن يىلنىڭ بېشى،
باشلىنار شۇ پەسىلدە يۇرتنىڭ ئىشى.
كۆز دىمەككىم بى رەھىم ئۆتكەل ھونۇز،
سىنىلىپ ئاندىن ئۆتەر ھەر بىر كىشى.
تولدى كىمنىڭ چۆنتىگى، كىمنىڭ قۇرۇق،
كەلسە كۆز ئايرىيدۇ نەق جىڭنىڭ تېشى.

4

(جۇزۇڭلى ۋاپاتىنىڭ و يىللىقىنى ئەسلەپ)

كۈن ئوچۇق، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم تۇتۇق،
قۇش خوشال، گۈلمۇ خوشال، روھىم سۇنۇق.
نە سەۋەپ بۇ ئويلىسام، ئېسىمگە دەل - .
يانۋارنىڭ سەككىزى چۈشتى تولۇق.
ھەر يىلى كەلسە ئاشۇ كۈن، ئاھ دەرىخ!
بىر بوزۇق چىقمايدۇ ئەستىن، بىر ئۇلۇغ.

5

ساغىرىپ كەلدى قىياق ئاغرىق سۈپەت،
بېسىلىپ تاش ئاستىدا تالاي مۇددەت.
تاشنى ئەمدى ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ ئۇ،
غەيرىتىگە تىڭىرقاپ قالدىم قەۋەت،
ياكى باھار ئۈنىنى ئاڭلىدى ئۇ،
ياكى قۇياش نۇرىدىن ئالدى قۇۋەت.

6

ياندى قالغاچ چاڭگىسىغا ھىللا،
قانتى تالدى چېغى ئۇچقاچ تولا.
بالىپانلار تەلپۈنەر سىرتقا بىراق،
ئۇچقىلى كېرىپ قانات ئاسمان ئارا.
تەبىئەتنىڭ مۇقەررەر قانۇنى شۇ،
بەك ئۇياتتۇر قىزغىنىش بۇندىن ساڭا

7

ياش تېرەكلەر ئېچىدە بىر توپ تېرەك،
خۇددى تۇراتتى بولۇپ كۆككە تىرەك.
ئەمماكى، قاپتۇ بۇدا كۆكلەمدە ئۇ،
كۆكلىمەي شاخ - شاخلىرى ئاتماي چېچەك.
شۇندىمۇ قالماپتۇ ئۇ يەردە يېتىپ،
تۇرىدۇ قەددى راۋان، تىك بايىقىدەك.

8

ھىسسىيات ئالدىدا تۇت ئۆزەڭنى بەك،
ھىسسىياتتۇر لەيلىگەن بۇلۇت، دېمەك.
كېلىدۇ ئىلھام دېگەن باھاردا كۆپ،
بەزىدە چېچەك بولۇپ، بەزى تۇتەك.
ئاڭا ئەقىل - پەمنى يانداش ئەتمىسەك،
كېتىدۇ ئاسان سېنى ئەيلەپ بوزەك.

9

بۇ جاھاننىڭ سىرى كۆپ، بوش چاغلىما،
چىچىڭگى يوق شاخقا ئۈمىت باغلىما.
يۈرمە دوستسىز، ئەمما تاللا دوستنى چىڭ،
ئەيلە ھەزەر كەلسە تىلى ياغلىما.
تىل دېگەن گۆش، ھەر تەرەپكە دۆملار،
گول بولۇپ ئاڭا دىلىڭنى داغلىما.

10

ئاتسا مەرگەن ئوقنى كۆزلەپ قايان،
كېتىدۇ ئوقمۇ ئۇزاپ ئۇدۇل شۇ يان.
ۋەدىنى بەرمە ئاسان، بەردىڭمۇ بەس،
قىل ۋاپا ۋەدەڭگە راست كەتسىمۇ جان.
قەرز يامان، تاغدىن ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ،
ۋەدىنىڭ ئەمما خۇنى قەرزدىن يامان.

1984 - يىل، دېكابىر. 1985 - يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى - بېيجىڭ.

# دېڭىز لىرىكىلىرى

يۈسۈپجان ئەخمىدى

## دولقۇنلارغا تويماي قارايمەن

1

دېڭىز بويى — قۇمساڭغۇ ساھىل،
ئايىغىمدا دولقۇن چايقىلار.
ئۇخشاپ كېتەر ئاق بۆزغۇنلارغا
سۇ بېغىرلاپ ئۇچقان چايكىلار.
ئاق بۆزغۇنلۇق ياپ - يېشىل دېڭىز
ئاق چېچەكلىك باغنى ئەسلىتەر؛
تۇسۇن دولقۇن كۆمۈش يايلىلىق
يىلقا تولغان تاغنى ئەسلىتەر ...

2

بىر - بىرىنى قوغلاپ دولقۇنلار،
تىنىم تاپماي ئۇرۇلار قاشقا.
سۇ پەرىسى نەقەدەر سېخى،
چاچىدىكەن كۆمۈشتىن چاچقا.
ساھىل، ساھىل، سېھىرگەر ساھىل،
پەرىلەرنىڭ چاچقۇسى قېنى؟
ئوت - خەس بولۇپ قالدىغۇ ئەجەپ،
كەمىننىڭ كۆمۈش دېگىنى؟!

بۇ مۇئەمما، قىزىق مۇئەمما
سالدى چوڭقۇر ئويلارغا مېنى.
كۆزگە كىرىپىك قاراۋۇل،
دىمەك
شۇ كىرىپىككە ئوخشاتتىم سېنى.

نىچۈن دولقۇن كېچەيۇ - كۈندۈز،
قانمايدىكىن قۇچاقلاپ دىسەم،
ئۇنىڭ قىزغىن سۆيۈشلىرىدە
سىر بار ئىكەن ئەمدى چۈشەنسەم...

3

دولقۇنلارغا تويماي قارايمەن،
ھەر قارىسام ئۆزگىچە بىر ھال.
شايى ياغلىق سىلكىپ چاقىرار
زەڭگەر كۆينەك بىر ساھىپجامال.

مەپتۇن قىلار مېنى ئۆزگىچە
رەققاسلارغا تولغان بىر دۇنيا.

قانداق نەپىس دېڭىز ئۇسۇلى،
ئۇندا شاۋقۇن مۇزىكانت گويا.

قارا، ئەنە ئۆتەر پاراتتىن
غالىپ قوشۇن قەيسەر، پىداكار.
پاكلىق ئۈچۈن يارالغان ئۇلار،
يۈرۈشلەردە ھارمايدۇ زىنھار.

4

دولقۇنلارغا تويماي قارايمەن،
ھەر قارىسام ئۆزگىچە بىر ھال.

ئاشۇ تىلسىز دولقۇن ئالدىدا
سۇندى قەددىم،
بولدى تىلىم لال...

5

مەن دېڭىزنى ياخشى كۆرىمەن،
ئۇ ئەينىكىم، ئۆرنىكىم مېنىڭ.

بولسۇن قەلبىم دولقۇنلۇق دېڭىز،
شۇ سەممىي تىلىكىم مېنىڭ.

## ئاي قۇلۋاق ناخشىسى

ۋەدىلەشكەن ئىدى قىز - يىگىت،
— چۈشەيلى، دەپ، — قۇلۋاقتا كۆلدە.
يىگىت كەلمەي، ئازاپلاندى قىز،
تەشنالىقتا قالغاندەك چۆلدە.

كۆل بويىدا ئاشۇ ئوماق قىز،
يىگىتىنى كۈتكىلى نىكەم.
خىيال سۈرەر: «قەرەل — ساداقەت،
بىۋاپادىن ساقلا ئەي ئىگەم...»

كېچىكمەيتتى،
كېچىكتى نىچۈن،
ئۇقۇشماسلىق بولدىمۇ ياكى؟

چىدام كېرەك مۇھەببەت ئۈچۈن،
كۈتەي قۇياش پاتقىچە تاكى.

راست دىگەندەك، كەلدى يىگىتى،
كەلدى كۈلۈپ كۈن پاتقان مەھەل.
قىز بۇتىندى، تەتۈر قارىدى.
(قىزلار نازى يېقىملىق، گۈزەل).

پەرىشاندۇر ھامان قىز كۆڭلى،
بىر چۈشەلمەي قالغاچ قۇلۋاقتا.
ئاھ، ئىچىنى قىزىتىپ قىزنىڭ
نۇرغۇن قۇلۋاق تۇرار قىرغاقتا.

چىن سۆزنى ئېيتتىكى يىگىت:
«ئەي قەلبىمنىڭ گۈلى ـ لەيلىسى.
ئاي قۇلۋاقتا باشلىنار ئەمدى،
ئىككىمىزنىڭ شېرىن سەيلىسى.

كېزەيلى بىز يۇلتۇزلار ئارا،
جىمى يەرنى ـــ كەڭرى ئالەمنى.
كەل، ئۇنتۇيلى،
ئۇنتۇيلى بىر پەس،
ئۆگىنىشنى، خىزمەتنى، غەمنى.»

ئۇلتۇرۇشتى ئۇلار يانمۇ ـ يان،
كۆلنىڭ بويى تازا خىلۋەت جاي.
خۇش كەپسىلەر، دىڭگەندەك قىلىپ،
سۇ يۈزىدە تەيىن بولدى ئاي.

كەتتى ئۇلار، كەتتى يىراقلاپ،
بولۇپ گويا بىر گەۋدە ـ بىر تەن.
ئاي قۇلۋاقنىڭ كارامىتىگە،
قىز كۆڭلىدە بەردى ئاخىر تەن.

يىگىت دەيدۇ: «قانداقكەن جېنىم،
ئاي قۇلۋاقتا قىلماقلىق سەيلى؟»
قىز پىچىرلاپ دەيدۇ جاۋابەن:
«ئاڭا چۈشتى كۆڭلۈمنىڭ مەيلى.»

*

چايقىلىدۇ سۇدا ئاي قۇلۋاق،
چايقىلىدۇ سۇدا جۈپ سايە.
كۆل بويىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت،
كۆل بويىدا ئۇمىت ۋە غايە.

# سەھۋالىم① تەسىراتلىرى

ئابدۇللا سۇلايمان

## مۇقەددىمە

كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرەر خىلۋەت باغلار،
تاغ سىلىپ ئۆتەر دىلغا مەرتلىك ئوتى.
شەھەرلىك رەسسام سىزغان ماي بوياقتۇر،
يېزىلار مىڭ ـ تۈمەن خىل گۈللەر يۇرتى.
گۈزەلدۇر ياشلىقنى ساقلىغان يەر،
گۈزەلدۇر ئىشچان قىزلار، ئىجاتچان ئەر،
ياققاچقا ئاڭا دەۋران بەركەت ـ قۇتى.

قىلدىم ھەس بۇ تەرىپنىڭ چىنلىقىنى،
سەھۋالىم بويلىرىنى بويلىغاندا.
بەردى شاھ ھوزۇرىنى غار قىياسى،
بىلمەستىن كەچ كىرگەننى ئوينىغاندا.
ئېسىمدە، مەشرەپ تۈزگەن ئاشۇ ئاخشام،
كەتكەنتى يىراقلارغا مەغرۇر ناخشام،
قىز ـ يىگىت ۋىسالىنى تويلىغاندا.

## سېغىنىش سەيلىسى

رىشتىدىن دىللارغا دىل چېگىلگەندەك،
زىمىندە تۇتۇشىدۇ يوللار يولغا.
سەھۋالىم ـــ مەنزىلىمىز، شۇ يوللاردىن ـــ
ھېڭىشتۇق تويماي قاراپ ئوڭ ۋە سولغا.

ئارىشى شوخ دەريانىڭ ـ يېشىل دوقمۇش،
كېلىپ بىز ئۇچۇپ گويا بولۇپ جۈپ قۇش،
ئىگىزگە چىقتۇق تۇتۇپ قولنى قولغا.

① سەھۋالىم ـــ خوتەن يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقان مەشھۇر قەدىمقى سەيلىگاھ.

يېيىلىپ ئالدىمىزدا تۆپىلىكلەر،
يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتتى ئىللىق شامال.
ياپ ـ يېشىل چاپان كىيگەن كەڭ يېزىلار،
بىزگە نۇر قۇچىغىدا ئاچتى جامال.
قىيالار زۇمرەت سۇغا سايە تاشلاپ،
سۇ شاۋقۇن سېلىپ ئويناق ناخشا باشلاپ،
گۈزەللىك بىلەن قىلدى دىلنى قامال.

سەن دىدىڭ شۇ چاغ: «بۇ ئۇز سەيلىگاھنىڭ
نە ئۈچۈن يالتىرايدۇ تاغۇ ـ تېشى؟
قىيالار ئۇخلاپ ياتقان پەھلىۋانمۇ،
ئاققىنى قايغۇ ياكى شاتلىق يېشى؟»

مەن دىدىم: «تاش يالتىرار قىزىل قاندىن،
قىيالار جەسۇرلۇقتا تىمسال ئاندىن،
شېغىللار يەنچىلگەن شۇم ياۋلار بېشى.

بىر كۆرگەن ھەر تۈپ دەرەخ، قىيا، تاشلار
بولۇدۇ ئاتا جانلىق گۇۋا ـ شاھىت.
ئەمەسمۇ بۇ سەيلىمىز ئەجداتلارنىڭ
روھىنى سېغىنىشقا دەلىل ـ پاكىت...»
بۇ سۆزدىن ئۆتمۈشنى سەن ئېلىپ ئەسكە،
قولۇمنى تۇتتۇڭ، بىللە چۈشتۇق پەسكە،
تىك يولدا ئەيمىنىشنى قىلىپ ساقىت.

## دەريادىكى ھىسلار

كۆن نۇرى يالتىرايدۇ سۇ ئەكسىدە،
چېچىلغان كەبى پەسكە ئۈنچە ـ چاشقا.
بىرىنى ـ بىرى قوغلاپ يېنىك دولقۇن
ئۇرۇلار ئەگمىلەردە تاشتىن ـ تاشقا.
سۇ قىرغاق لەۋلىرىگە لەۋلەر يېقىپ
ئاققاندا، قالسىمۇ تاش كۆزىن چېقىپ،
ئۇلارنىڭ قىممەتلىرى ئەمەس باشقا.

ئانا يەر مېھرى گويا زۇمرەت ئېقىن،
يېشىللىق ئالىمىنىڭ كاپالىتى.
سۆيگۈسى ــ بولسا ئۇنىڭ سۇزۇكلىگى،
ئاققىنى ــ ۋاپادارلىق جاسارىتى.

كەلگەندە ئۆزى باشلاپ ئۇ شوخ ھايات،
تەشنالار چىقىرىپ غول ـ ياپراق، قانات،
ئېتىدۇ داۋام ئىنسان سائادىتى.

ئېنىقكى، سۇ ئاقمىسا ۋادىلارغا،
قىلالماس ئىدى يېشىل ھايات داۋام.
چىدامىلىق بولمىسا گەر تاش ـ تۇپراقمۇ،
تۈگەيتتى ياشلىغىدىن كېتىپ تامام.
كېلىدۇ بۇلار ئىنسان ئۆمرىگە ماس.
بولغاچقا سۆيگۈ، سۇبات ئۇلارغا خاس،
قىلىنار تىلدا زىكرى بۇ ئۇلۇغ نام.

## شېيىخنىڭ ھىممىتى

ئۇچراشتىم غار ئالدىدا شېيخ بىلەن،
بۇ يەرنى ئۆزى يالغۇز ساقلايدىكەن.
دۇئاگۇي كەلسە يىراق ـ يېقىنلاردىن،
كۆتۈپ ئۆز بۇرچىنى ئۇ ئاقلايدىكەن.
سېلىنغان ئۆيى قىيا يوتىسىغا،
ئوخشاپ بەل باغلىغان ئەر پوتىسىغا،
زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ چاقنايدىكەن.

ساپتۇ ئۇ ئۆزۈم تېلى ھويلىسىغا،
ئاقسىمۇ تەكتەكسىرا ئىچرە دەريا.
نەچچە ئون مېتىرلىق تىك قىرغاقلىرى،
سۇ دىگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جان، تۇتىيا.
قانداقچە ئۆستۈردىڭىز بۇنى ــ دىسەم،
قەيەردىن ئەپ چىقتىڭىز ــ سۇنى دىسەم،
كۈلدى ئۇ كۆرمىگەندەك ھىچ ئىش گويا.

ئويلىدىم: ئەقىدە ۋە ئىخلاس ئۇنى
تېچقىنا راھىتىدىن كەچكۈزۈپتۇ.
قويغۇزۇپ ئۇنىڭ قولى بىرلە تالنى،

«مۆجىزە» سىرلىرىنى يەشكۈزۈپتۇ.
دەريادىن سۇنى ئېلىپ چىقماق ئۈچۈن،
تاۋاپچى دىللىرىنى ئۇتماق ئۈچۈن،
ھەممەتنى ئاغامچا قىپ ئەشكۈزۈپتۇ.

## كوھمارىم①

قاچاندا ئاتالدىكىن بۇ نام بىلەن
قىيانىڭ ئۇستىدىكى قاراڭغۇ غار.
گەر قىياس قىلىنسا تاش تاغ دۇتارغا
ئۇ گويا چىڭ تارتىلغان ئۈزۈلمەس تار.
يازلىقى ئۇنىڭ ئىچى مۇزدەك سوغۇق،
قاپلىنار ئىسسىق ھورغا قىشتا قويۇق،
كەڭ جىلغا، چوققىلارنى باسىدۇ قار.

شۇ جەڭگاھ قىسسىسىگە بولۇپ شاھىت،
ھىلھەم بۇندا كونا تاش ئوچاق بار.
يالىڭاياق پۇتىنىڭ ئىزى، بارماق ئىزى،
قۇرامىلار يۈزىدە زەپ روشەن چاقنار،
كىملەردۇر غار ئالدىغا قۇرە ياساپ،
توغ - شەددە ئاسقان ئىگىز خادا قاداپ،
ئۇلارغا ھۆرمىتىنى قىلىپ ئىزھار.

تىلىدا ئەلنىڭ بۇ غار رىۋايىتى،
بولغانىكەن نەسلىمىزگە پانالىق جاي.
تالاپەت يەتكۈزگەچكە تەكىسىز جەڭلەر،
قانلارغا بويالغانىكەن ئېدىرلىق ساي.
يارىسى ئېغىرلىرى بۇندا يېتىپ،
كىرگەچكە جەڭگە قايتا، دەرمان تېپىپ،
بولغانىكەن قورشاۋچى ياۋ ھالىغا ۋاي.

ئالالماي ئىستىلاچى قوشۇن غارنى،
«كوھمارىم» دىگەن بۇ نام شۇندىن قالغان.
ئىلان دەپ قاغىسىمۇ نەسلىمىزنى،
ھەق ئارا مات قىلىنغان يالا - يالغان.
ئەمەسمۇ بىز ئەزەلدىن باتۇر ئەرلەر،
مەرتلەرنى ئۆستۈرگەن بۇ ئەزىز يەرلەر.
قىياسى نەيزە، تېغى بولۇپ قالغان.

## ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە...

چوققىنى چوققىلارغا تۇتاشتۇرۇپ،
تۇرۇدۇ ئەرش ئۈزرە ئاسما كۆۋرۈك②.
گوياكى جەننەت، دوزاق پىلسىراتى،
كۆرۈنەر يىراقتىن ئۇ ھەيۋەت، سۈرلۈك.
ئۇستىدە بۈركۈت ئەگىپ ئۇچۇشىدۇ،
پەستە شوخ دەريا سۈيى ئوخچىشىدۇ.
دىللارنى سېلىپ ئويغا نەچچە تۈرلۈك.

ئەتراپقا باقتۇق ئۇندا تۇرۇپ بىردەم،
گويا مەن بولۇپ پەرھات، ئۇ بىر شىرىن،
تاشلاشتۇق سۇغا ۋىسال گۈللىرىنى.

قويغاندا ئاڭا قەدەم يارىم بىلەن،
باسقاندەك بولدۇق سىناق يوللىرىنى.
سىلكىنىپ زەنجىر، باشلار ئايلانغاندا
چىڭ تۇتتۇق بىر - بىرىمىز قوللىرىنى.

ئۆتتۇپ بىز بۇ تەۋرەنمەس پىلسىراتتىن،
يول ئالدۇق خىلۋەتتىكى گۈلزار تامان.
بۇ تېخى تۇنجى ئۆتكەل، ئالدىمىزدا —
ئالغۇسى قىيىن سىناق بىزدىن زامان.
شۇلارنى چىدام بىلەن كۈتەلىسەك،
چېكىنمەي ئارتقا، ئۇندىن ئۆتەلىسەك،
بولغۇسى بىزدىن رازى ئاندىن جاھان.

① كوھمارىم — تاغ ئىسمى. بۇ نام پارسچە بولۇپ، «ئىلانلىق غار» دىگەن مەنىدە.
② ئاسما كۆۋرۈك — سەھۋالىدىن قارىقاش ناھىيىسىنىڭ توزاقچى يېرىسىغا تۇتۇش ئۈچۈن سېلىنغان زامانىۋى كۆۋرۈك.

## نۇر تەسىراتى

نۇرلاندى كەچكى شەپەق جۇلالىنىپ،
ئۆتكىچە تاغ كەينىگە سېرىق قۇياش.
قىزىللىق سۆيدى ياپراق لەۋلىرىنى،
خوشلىشىش پەيتىدىكى قوشماق ئوخشاش.
تاشلاردا، قىيالاردا شەپەق ئەكسى،
يېپىلدى كەڭ ئەتراپقا نۇرلار تەكشى،
يەر بىلەن كۆك ئارىسى مىسلى ئوتقاش.

قەلبىمنىڭ ئاپاراتى چۈشۈپ ئىشقا،
بۇ گۈزەل كارتىنىنى تارتتى تولۇق.
لەرزان، شوخ سىمپونىيە بىلەن تولدى،
ھۇجەيرەم ئۇنى ئالغۇسى قالماي قۇرۇق.
ئىچىدە نۇرنىڭ نۇرغا سىڭىپ كەتتىم،
گۈلگۈن نۇر تامان مەغرۇر مېڭىپ كەتتىم،
ھاياتقا بولغاچ سۆيگۈم چوڭقۇر، قويۇق.

دەريادا ئاقار چايقاپ قاشتېشى سۇ،
مىڭگىشىپ بىر ـ بىرىگە، دولقۇن ياساپ.
ئاڭلاندى يىراقلاردىن لەرزان ناخشا،
ساداسى بۆك توقايلار ئارا ياڭراپ.
«خەير» دەپ ئۇزاتقاندا كۈننى تەكلىك،
قىيالىق ئۇۋىسىغا قايتتى كەكلىك،
گۈگۈملۈق جىلغىلاردا تويۇپ، يايراپ.

كۆزلىدىم مۇشۇ دادىل مېڭىش بىلەن،
مۇرادىم چوققىسىغا يېتىشىمنى.
تاغۇ ـ تاش، كۆكۈللەرنىڭ قات ـ قېتىغا
نۇر بولۇپ ئېقىپ سىڭىپ كېتىشىمنى.
تۆرۈلۈپ نۇر ئىچىدە يېڭىۋاشتىن،
كۈچ ئېلىپ بەختى كۈلگەن قېرى ـ ياشتىن،
كۆزلىدىم بۇركۈتتەك پەي قېقىشىمنى.

خاتىمە

مەنبەسىز بۇلاق بولماس، نوتىسىز گۈل،
ھېسسىيات ئۇرغىمىسا چىقماس شېئىر.
قوزغاتتى ئىلھامىمنى تاغ ـ قىيالار،
سەپ تۈزدى مىسرا ئۈچۈن باغ، جىلغا قىر.
گاھ قارلىق چوققا، گاھى تەشمە بولۇپ،
گاھى گۈل ـ چېچەك، گاھى چەشمە بولۇپ،
يېزىشقا دەۋەت قىلدى بولۇپ پىكىر.

دىللارنىڭ سەيناسىغا يايدىم ئۇنى،
دوستلىرىم باھالىسۇن قىلىپ سەيلى.
ۋاپادىن سوراپ سوئال ئالسۇن سىناق،
چىن سۆيگۈ ئۆرنەكلىرى ــ مەجنۇن ـ لەيلى.
ئاڭا يۇرت غەزىلىنى ئېيتىپ بېرەي،
ئىجاتكار خەلقىم ئىچرە كۆكرەك كېرەي،
ئاندىن كۆز يۇمۇپ پانى بولسام مەيلى.

1984 ـ يىل، دېكابىر، خوتەن.

# شېئىرلار

ئەمەت جاپپار

## ۋارىسىنىڭ ۋارىسى

دۇنياغا دەسلەپتە كۆز ئاچقىنىمدا،
دادامنىڭ خوشاللىغى كۆككە يەتكەن.
ئانامنىڭ مېھرى گويا دەريا بولۇپ،
سۈتى بۇ ۋۇجۇتقا جان بەخش ئەتكەن.

ئېپكەتتى يىللار سەبى بالىلىقنى،
يىگىتلىك مەزگىلىگە قويدۇم قەدەم.
ئەل، ۋەتەن بېغىشلىدى كۈچ ـ جاسارەت،
ۋەتەن دەپ قولغا ئالدىم ياراق ـ ئەلەم.

www.uyghurkitap.com

ئوغلانلىق بۇ بۇرچۇمنى ئاقلاش ئەھدىم،
بولۇمەن ئەجداتلارنىڭ ۋارىسى مەن.

ئوغلاندىن يارالدى بىر ئوغلان يەنە،
ۋارىسىنىڭ ۋارىسى ئۇ بۇلار جەزمەن.

**ئىلھامىم**

ئەزەلدىن ئاقكۆكۈل، ئويچان يىگىتمەن،
ئۇلۇغۋار ئىستىگىم مەدەتكار ماڭا.
چۇشكۈنلۈك لەشكىرىن كەلدىم يېڭىپمەن،
ئىلھامدىن بولدۇم مەن ئىجاتكار مانا.

ئىلھامىم ئىجاتتا پىكرىمىنىڭ جېنى،
كۈن - تۈنى بولماقتا ئۇ ماڭا ھەمدەم.
ئىلھامىم ئارزۇمغا يەتكۈزەر مېنى،
پىداكار چېكىنمەس، جەڭچىدەك ھەردەم.

**تىت - تىت**

تىت - تىت قىلار ئىچىڭ تىنىمسىز،
سەۋىۋنى تاپالمىدىڭ سەن.
باش - ئاياقسىز خىيال چىرمىغاچ،
ئارام ئېلىپ ياتالمىدىڭ سەن.

سىڭىپ كەتكەن تەبىئىتىڭگە —
بۇ مىجەزدىن قاچالمىدىڭ سەن،
ئامال قىلغىن، ئوسال مىجەزگە،
تېنىڭگە ئەت ئالالمىدىڭ سەن.

# بۇلبۇل بىلەن سۆھبەت

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى

بېغىمدا بىر تۇپ گۈل ئېچىلغان باھار،
ھەۋەسلىك كۆز بىلەن كۈندە قارايمەن.
زوقلىنىپ تاماشا قىلىپ ھۆسنىنى،
خۇش ھىدنى تويغىچە قېنىپ پۇرايمەن.

گۈلى يوق مىسكىنكەن دەپمۇ قالمىغىن،
ماڭىمۇ مەھبۇپ بار مۇشۇ گۈل كەبى.
گۈزەللىك ھۆسنىدە پەرىدىن ئارتۇق،
پاك قەلبى ھەسەتتىن خالى ۋە سەبى.

بىر كۈنى سەھەردە تۇراتتىم يالغۇز،
قىزىلگۈل يېنىدا ئىلھامغا تولۇپ،
ئاۋايلاپ بىر بۇلبۇل قوندى بەرگىگە،
تىكتى كۆز، چۆچىدى ۋە ھەيران بولۇپ.

خىسلەتىنىڭ بابىدا ئۆزى يىگانە،
ئىشقىنىڭ يولىدا شۇنداق پىداكار.
ئاشۇنداق مەشۇقتىن نىچۇن بۇ دىلىم،
سەزمىسۇن ئۆزىنى خوررام - بەختىيار...»

ئۇ دىدى: «ھەممىشە مېنىڭدىن بۇرۇن،
قىزىلگۈل يېنىدا بولۇسەن پەيدا،
مەن ئىدىم بۇنىڭغا ئىشقىۋاز ئاشىق،
سەن قايسى گۈل ئۈچۈن ئاشىقى شەيدا؟»

كۈلكىنىڭ ئاۋازى بىلەن سۆزۈمنى،
بۆلدىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇلبۇل.
دىدى ئۇ: «سەن دىگەن جانان قەيەردە؟
ئۇ قانداق ئىش بىلەن بولاركەن مەشغۇل؟

مەن دىدىم: «ئەي ئاشىق، خۇش ناۋا بۇلبۇل
بىلىپ قوي، مۇشۇ يەر مېنىڭ گۈلبېغىم،
سەن سۆيگەن چىرايلىق قىپ - قىزىل گۈلنى،
خۇشپۇراق چاچتۇزغان مېنىڭ ئەمگىكىم.

بېغىشلاپ ئۆمۈرنى ئۇنىڭ يولىغا،
يىگانە دىل بىلەن سۆيسە بولامدۇ؟
تاڭ يورۇپ باھارنىڭ پەيزى كەلگەندە،
ۋىسالنىڭ شارابى جامغا تولامدۇ؟»

مەن دىدىم: «نادانلار سۆزىنى قىلما،
سەنمۇ ھەم بۇ باغقا ئەمدىلا كەلگەن.
ئىلكىدە نالە قىلىپ كېچە - ھىجرانىنىڭ،
ئازاپ ۋە قايغۇڭنى بىر - بىرلەپ تۆككەن.

مەجنۇنىنىڭ ھىجرىنى بىلمىگەن جانان،
قانداقچە ئاتالسۇن ۋاپادار لەيلى.
ئەقىل ۋە ھۇشيارلىق بىلەن مەن دائىم،
شۇ ئىشىق باغىدا قىلىمەن سەيلى.

دىلىدىن مۇھەببەت ئوتىن ياندۇرۇپ،
سۆيىدۇ ئۇ مېنى مەن ھەم سۆيىمەن.
شام دىسەم ئاز كېلەر گويا نۇر كەبى،
ياندۇ ئۇ ئوتتا مەنمۇ كۆيىمەن.

سەن ئاشىق بولساڭمۇ، مەشۇق بولمىسا،
نە ئۇنى مۇھەببەت دىگەي بىر ئادەم.
بارىڭنى ئاتىساڭ پەرۋايى پەلەك،
تۇرسا ئۇ كىشىگە ئازاپ ۋە ئەلەم.

ئەرزىيدۇ جانانىم جانان دىيىشكە،
چېكىلىسە چېكى يوق جاراڭلار تازا.
مۇھەببەت دىگەندە ئاقار توختىماي،
قەلبىدە بىر ئىشىق بىر ئەزىم دەريا.

پاك دەيمەن دىلىمدا يانغان مۇھەببەت،
پاكلىقى ھەققىگە تاڭ - سۇبھى گۇۋاھ،
سەن بىلەن مەن تۇرغانباغ ئەمەسئاددى،
ئىشىقىنىڭ مەنبىئى شۇ ئۇلۇغ دەرگاھ.»

بۇلۇلمۇ قايىل بوپ دىدى: «ئاپىرىن،
كۆڭۈلمۇ، نىيەتمۇ ئەجەپ ئاق ئىكەن.
ۋىسالىنىڭ زوقىدىن كۆڭدە ياشىرىپ،
گۈل ئاچقان مىسلىسىز گۈزەل باغ ئىكەن.»

# يىراقتىن خەتلەر



(ھېكايە)

### تۇرسۇن مۇھەممەت ئىمىن

1

ئاپا:

مېنى سېغىنغانلىقىڭ خېتىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ... خېتىڭدە، يەنە يېڭى جاي سېلىپ كونا مەھەللىدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلىگىڭلار، كونا مەھەللىنىڭ ئۆيلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش جەريانىدا تۈزلىنىپ، سالا-سالا ئېتىز بولۇپ كەتكەنلىكى، ھېلىقى دەريا ياقىسىدىكى ياداڭدىن شاقىراپ چۈشكەن سۇ ئۈستىگە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلغانلىقى، ئەمدى مەھەللە ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئېلېكتىرلىشىپ كەتكەنلىكى، دەريانى ياقىلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېزىلارنىڭ رەتلىنىپ، ھېلىقى كۆزلەكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاشيولنىڭ ياماتۇغا سېلىنغان يېڭى كۆۋرۈككە تۇتاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە يېزىپسەن.

خېتىڭنى ئوقۇغان چېغىمدا كۆز ئالدىمغا نىمىلەر كەلمىدى دەيسەن؟ ئېھ... مېنى سېغىندۇرغان دەريا بويلىرىدىكى سۇزۇك بولاقلار، بىپايان ئېدىرلار، قاتار كەتكەن تۆگمەنلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بۈككىدە بوستانلىق... يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئوخچۇپ ھاۋاغا ئېتىلىپ تۇرۇدىغان بېلىقلار بىلەن تولغان كىچىك-كىچىك كۆللەر، كەچلىگى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىپ مەھەللىگە قايتقان غاز، ئۆدەكلەر... ئەيتاۋۇر نىمىسىنى ئېيتىسەن... باللىغىم ئۆتكەن ئاشۇ كىچىككىنە مەھەللىمىز، ھېلىقى توقايلىقلارغا قاراپ بۆلىنىپ كەتكەن چىغىريوللار، توقايلىق ئىچىدىكى قوي-كالا بېقىپ، ئېغىناپ ئوينىغان چىمىلىقلار، بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تاللىقلار كۆز ئالدىمدا نامايەن بولماقتا. توقاي ئارىسىدىكى تەمى چۈچۈمەل زىرىق ۋە قارىقاتلارنى تېرىپ يېگەنلىرىمنى ئەسلىسەم، ھېلىمۇ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىدۇ...

ئاپا، ئېسىڭدىمۇ؟ يازلىق تەتىلنىڭ قايسى بىر كۈنى مەن ئادىتىم بويىچە قوي-

كاللىرىمىزنى ھەيدەپ توقايلىققا قاراپ ماڭغىنىمىزدا:

— ھېبى، ھاي، ھەببۇللام ساقام، قايتقىنىڭدا خالتىغا ئاز-تولا زىرىق، قارىقات تەرگەش كەلگىن. قۇرۇتۇپ قويساق، قىشلىقى تازا ئوبدان سوغۇقلۇق دورا بولىدۇ، — دېگىنىڭ.

شۇ كۈنى زىرىق، قارىقات بىلەن خالتىنى تولدۇرۇپ ماللارنى يىغىۋالغىچە كۆز باغلىنىپ قالغان ئىدى. سەن بەلكىم مەندىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن بولساڭ كېرەك، مەن ئارالدىن كېچىپ ئۆتۈۋاتسام، سەن قىرغاقتا تۇرۇپ، دائىم چېكىلەپ تېڭىۋالىدىغان شىپىك ياغلىقىڭنى قولۇڭغا ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ:

— ھەي... ھېبى!— دەپ ۋاقىرىدىڭ. مەن سۇنىڭ ئېقىمىغا قارشى قىيپاش يۇقۇرىلاپ سېنىڭ يېنىڭدىن قىرغاققا چىقىشىمغىلا، مېنى قۇچاقلاپ باغرىڭغا بېسىپ خۇددى بوۋاقلارنى ئەكىلەتكەندەك، ئەكىلىتىپ كەتكەن ئىدىڭ. ئاشۇ تۇرقىڭنىڭ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا مەڭگۈ ئۆچمەس سۈرەت بولۇپ قالغىنىنى بۇ يەردە كىمگىمۇ چۈشەندۈرەلەيمەن؟... مېھرى شەپقەتكە باي كۆكسۈڭ مېنى قانچىلىك سېغىنغاندۇر-ھە!؟

...ئاپا، جېنىم ئاپا، ساڭا، ئاشۇ كىچىككىنە مەھەللەمگە، ھىلىقى چەكسىز توقايلىقلارغا، مەن چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان دەريا سۈيىگە قاچانمۇ باغرىم قانار؟...

2

ئاپا:

بۇ قېتىمقى خېتىڭنى «جېنىم قوزام» دەپ باشلاپسەن... يەنىلا كۆز ئالدىمغا بۇرۇنقى ئىشلار كەلدى. گەرچە ئۇ چاغلاردا سەن ھىلىدىن-ھىلىغا سىلايدىغان قاپقارا بۇدرە چاچلىرىمنىڭ ھازىر چۈشۈدىغىنى چۈشۈپ، ئاقىرىدىغىنى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بالىلىقىم ئېسىمگە كەلدى. سەن مېنى تولا چاغلاردا «قوزام»، «ساقام» دەپ ئەكىلەتتىڭ. شوڭا بوي تارتىپ، ئۈنلىرىم غاراڭ-غۇرۇڭ بولغان ۋاقىتلاردىمۇ قۇچىقىڭغا بېسىشىمنى قويۇپ، بىردەم يېتىۋالسام مەنمۇ ئۇنىمايتتىم، سەنمۇ شۇ بىر كۈندىكى بىر دەم-بىر دەملىك ئايرىلىشلارنىڭ ئوتىغا چىدىيالمايتتىڭ...

جېنىم ئاپا، ئەمدىلىكتە ۋاپاسىز ئوغلۇڭنىڭ سېغىنىشتىن ھاسىل بولغان يۈرىكىنى مۇجىغۇچى ئازاپقا قانداقمۇ چىداۋاتقانسەن؟... مانا مەن ساڭا خەت يېزىۋاتىمەن. بېيجىڭ رادىيوسىدىن پاشا ئىشانىنىڭ ئورۇنلىشىدا «كۆچ، كۆچ» ناخشىسىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ:

«كۆچ - كۆچ دەيدۇ بىلمەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بىرىپ كۆرمىگەن يەرلەر...»

ئانا ۋەتەن رادىيوسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا تۈگىگىچە بۇ بىر نەچچە قۇر خەتنىڭ سىياسى يېيىلىپ كەتتى. كۆزۈمدىن ئاققان تامچىلار بۇ بىر بەتنى بويىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ...

ئېھ، يۇرتۇمنىڭ ناخشىلىرى. كىچىكلىگىمدىنمۇ ئاكامنىڭ ئايدىڭ كېچىلەرگىچە ئوما ئورۇپ ھارغىنىغا قارىماي، يول بويى بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىدىغان «كوچا ناخشىلىرى» نى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىدىغىنىغا ھەيران بولاتتىم. ئەمدى ئويلىسام، شۇ ناخشىلارنىڭ كىشىلەرگە زوق-شوق بېغىشلاپ، كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغانلىقىنى، شۇ بىر كۈنلۈك قاينام-تاشقىن ئالدىراش ھاياتىنىڭ ھاردۇقىنى شاماللارغا قوشۇپ ئاللىقاياقلارغا ئې-

لىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ چاغلاردا تازا چۈشەنمەپتىكەنمەن...

ئاپا، يېقىندا تۇققان يوقلاشقا بېرىپ يۇرتىمىزنى كۆرۈپ كەلگەنلەر، ئۇ يەردىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، يۈرىكىمگە ئوت يېقىۋەتتى... بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟

ئۆتكەندە، مۇنداق بىر ئىش بولدى: خۇددى مۇشۇنداق بېسىپ بولماس بىر تۇيغۇ نەچچە كۈنگىچە ئارامىمنى قويمىدى. ئاخىر بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئالدىم-دە، چېگرىغا يېقىن بىر كىچىك شەھەرگە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ يېتىپ كەلدىم ۋە بىر چەت ياقىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ كۆز يەتكۈسىز شەرق ئۇپۇقىغا تىكىلدىم. يىراقتىن، تاڭ شەپىقى بىلەن ئەمدىگىنە غۇۋا يورۇشقا باشلىغان ئاۋال تېغىنىڭ چوققىسىنى ئاران-ئاران پەرق ئېتەلىگىنىمدە، يۈرىكىم ئوخچۇپ قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك، بوغۇزۇمغا قانداقتۇر بىر ئوتلۇق ھارارەت كېلىپ تىقىلىدىغاندەك، خۇددى نەپەسلىرىم كېسىلىپ، ئۆزەم خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك بىر ھالەت پەيدا بولدى. مەن پۈتۈن زېھنىم بىلەن كۆز نۇرۇمنى يىغىپ، تېخىمۇ تىكىلىپ قاراشقا باشلىدىم. ئاپا، راستىنى ئېيتسام، شۇ كۈنى سەن ئۇنىڭ قاپتاللىرىدىكى قايسى بىر سالادىن تاڭ نۇرىغا يۈركىنىپ چىقىپ كېلىدىغاندەك تەلمۈرۈپ قارىدىم. شۇ يوسۇندا قانچىلىك ۋاقىت تەلمۈرۈپ قارىغىنىمنى بىلمەيمەن، ھەي ئىستەي... ئاڭغىچە قۇياش كۆتىرىلدى-دە، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى كۆزلىرىمنى قاماشتۇرۇپ ياشاڭغۇرتىۋەتتى. مېنىڭ ئانا يۇرتۇمۇ شۇ نۇرلارغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ قېتىم كۆزۈمنىڭ «ياشاڭغۇرۇشى» باشقىچە ئىدى. ئاشۇ كۈنى كۆزلىرىمنىڭ چاناقلىرى تاكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىچە قۇرۇمىدى...

كونىلارنىڭ «ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دېگەنلىرى نېمىدېگەن جايىدا ئېيتىلغان بىباھا سۆزلەر - ھە؟! ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتۇمدا ھېلىقى بىر چاغلاردىكىدەك ئېرگىلىۋ ھارۋىنى ھەيدەپ ئاۋالنىڭ ئېتىكىنى ياقىلاپ كەتكەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول بىلەن قانچە رەت ئۆتكەن بولسام، جېنىم شۇنچە رەت سۆيۈنگەن بولاتتى-ھە؟!



ئاپا:

بۇ قېتىمقى خېتىڭنى ۋە سۈرىتىڭنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇپ ئالدىم. خېتىڭدە ئەينى يىللاردىكى ئوكچى قالپىقىدىن قۇتۇلۇپ خىزمىتىڭنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە پېنسىيىگە چىققانلىقىڭنى يېزىپسەن. ئاخشام تاكى بىر ۋاقىتلارغىچە خەتنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ ئوقۇدۇم. رەسىمىڭگە ئۇزۇنغىچە تويماي قاراپ ئولتۇرغان ئىدىم، قىزىم يېنىمغا كېلىپ:

— دادا، بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى (بۇ كىشىگە قانچىلىك ئەلەم قىلىدىغان سوئال-ھە؟!).

— مومىڭىز قىزىم، مومىڭىز، مېنىڭ ئاپام، — دېسەم:

— ياق، ئەمەس. بۇ ئۆتكەندە ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن مومامنىڭ سۈرىتىگە تازا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دېدى.

ئاپا، راستىنلا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىسەن. ئاۋۇ سەن يۆلىنىپ تۇرغان دەرەزە تەكچىسىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر تەشتەك «موللا قىز» گۈلى خۇددى سەن بىلەن رەڭ تالىشىۋاتقاندەك تۇرۇپتۇ. مېنىڭ

كۆز ئوڭۇمدا ئۇ يەردە ھايات — گۈل، كىشلەر گۈل چىراي بولۇپ كەتكەندەك. ئەنە ھىلىقى يىللاردىكى سولغۇن چىرايىڭدىن ئەسەرمۇ يوق. كۆزلىرىڭ تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. قوۋۇزلىرىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن قورۇقلار ئەمدى تولۇپ كېتىپتۇ. لەۋلىرىڭنىڭ سۆزۈكلىگىدىن ھىلىلا ماڭا پىچىرلاپ گەپ قىلىدىغاندەك تۇرۇسەن. چېھرىڭنىڭ ئوچۇقلىغىدىن شاتلىقنى، ھاياتتىن مەمنۇن بولغان خۇرسەنتلىكنى كۆرۈۋاتىمەن... ئەمدى تېخىمۇ بىلدىمكى، ھايات ئىرادە ۋە تاقەتنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان كىشلەرگە ھەقىقەتەنمۇ بەخت ئاتا قىلىدىكەن. پۈتمەس - تۈگىمەس روھي قۇۋۋەت بېغىشلايدىكەن. بۇ جايدا ئۆزىڭنىڭ نۇرغۇن بايلىقلىرى بىلەن مەغرۇر يۇرۇشكە تىرىشىدىغان ماڭا ئوخشاش مۇساپىرلارنىڭ چىرايىدا سېنىڭ ھۆسنىڭدىكى يارقىنلىقنىڭ ئۇنىدىن بىرى بولغىنىدا ئىدى...

ئەپسۇسكى، بىز مۇساپىرلارنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايىدىن ھېس قىلىدىغىنىمىز، دۇنيادا ھېچنىمىگە تەڭلەشتۇرۇپ بولمايدىغان ھىجران ئوتىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى... ھىجران نىمىدىگەن بى رەھىم - ھە؟! ھىجران ئوتىنى ئاللا سالدۇ، دەيدۇ. بەزىدە تۇرۇپ بۇنىسى راسمىكىن دەپ قالىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشلەر ئۇنى سەۋىر - تاقەت بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋېتەلمىگەن بولار ئىدى.

## 4

ئاپا!

مېنىڭ بۈگۈنكى خوشاللىغىمغا كىممۇ ئورتاق بولالسۇن؟ مەن بۈگۈن سېنىڭ خېتىڭنى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ تۇققان يوقلاش ئىلتىماسىمنى تەستىقلىغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى بىر كۈندە تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن ئەمدى سېنى، ئانا يۇرتۇمنى كۆرۈپ كېلىش تەييارلىغى بىلەن تەمتىرەپلا قېلىۋاتىمەن. بەزىدە نىمە قىلاردىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىمەن، خوشاللىقنىڭ مەس قىلىشى كەيپى مېنى گاڭگىرىتىپ قويىدى.

ئۆزەممۇ ھەيران... خوشاللىقتىن يۈرىكىم قېپىغا پاتماي يېرىلىپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئاپا، سەن بۇ قېتىمقى خېتىڭدە: «بالام، ماڭا بۇ يىل قېرىلىق يېتىپ قالغاندەك. شۇڭا شەھەردىن ئۆز يېزىمىزغا قايتىپ چىقىپ، ئاكاڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن. بىزدە مەھسۇلاتنى كۆتىرە بېرىش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ باي بولۇشىغا كەڭ يول ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاكاڭنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولۇپ، ھازىر يېزىمىزدىكى كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئوڭچى ئۇنسۇرنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىلىپ ‹ئۆزگەرتىش› ئوبيېكتى بولغان ئاكاڭ بۈگۈنكى كۈندە تۆھپىكارلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، نەچچە-نەچچە رەت مۇكاپاتلاندى» دەپ يېزىپسەن. يۇرتىمىزدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر نىمىدىگەن چوڭ - ھە؟!

ئاپا! بىزنىڭ دىدار كۆرۈشىشىمىزگە ساناقلىق كۈنلەر قالدى. مەنمۇ خۇددى ۋەتەنگە قايتىپ تۇققان يوقلاپ كېلىۋاتقان كىشلەرگە ئوخشاش، ئانا يۇرت تۇپرىغىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ كۆزلىرىمگە سۈرتىمەن. سېنىڭ مېھرى چەكسىز باغرىڭغا ئۆزەمنى ئاتسام. ئاھ... ئاپا! نامىزىڭدا دۇئا قىلغىن. خۇدا شۇ بەختىيار دەقىقىلەرنى بىزگە چاپسانراق نېسىپ قىلسۇن!




(ھكايە)

پەرھات جىلان

1

قولۇمدا بىر بولاق پۇل. قايتا - قايتا
ساناپ چىقتىم. قىلچە خاتالىقى يوق، توپ -
توغرا بەش مىڭ بەش يۈز سوم! ئەي پۇل،
كىشىلەرنى ئەزىزمۇ، خارمۇ قىلىدىغان، بىرىنى
چوڭ سۆزلىتىپ، بىرىنى يەرگە قارىتىدىغان
پۇل سەنمىدىڭ؟ پۇل، سەن بىر ھىكمەت -
لىك، سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ ئالتۇن ئاچ -
قۇچى ئەمەسمۇ؟ سېنى چاڭگىلىغا ئالغان بەن -
دە تۇرلۇك - تۇمەن كارامەتلەرنى كۆرسىتە -
لەيدۇ، سېنى چاڭگىلىغا ئالغان بەندىنىڭ قولى
شۇنچىلىك ئۇزۇرايدۇكى، ئەنقەرەنى مەركەز
قىلىپ تۇرۇپ بۇ قولنى قەيەرگە سوزسا شۇ
يەرگە يېتىدۇ؛ سېنى بېرىپ نان ئالىدۇ، سېنى
بېرىپ جان ئالىدۇ، خوتۇن ئالىدۇ ۋە بەنە
ئىمان ئالىدۇ... ئەي خالايىق، ئېيتىڭلارچۇ،
زادى خۇدا چوڭمۇ ياكى پۇل؟

ئەي پۇل، مانا سەن ئەمدى مېنىڭ
قولۇمغىمۇ چۈشتۈڭ. تۇرغان تۇرقۇڭ بىر پار -
چە رەڭلىك قەغەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.
سەن ئۆزەڭنىڭ شۇنچە زور قۇۋۋىتىڭنى نەگىمۇ
سىغدۇرغانسەن؟ ئېسىڭدىمۇ، سەن تېخى يې -
قىندىلا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن بىر مۇھەببەتنى
ۋەيران قىلغان ئەمەسمىدىڭ. مەن بۇ ۋەقەنى
ئاڭلاپ چەكسىز ئەجەبلەندىم. ئەجەبا، جاھان -
دا مۇھەببەتتىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسىلەر مەۋ -
جۇت ئىكەن - دە! ھۆرمەتلىك بۇرادەرلەر،
قۇلاق سېلىڭلارچۇ، بۇ بىر ھكايە بولۇدىغان
ئوخشايدۇ.

×

گۈزەل كېچىلەر، ئەنقەرەنىڭ ئايدىڭ
كېچىلىرى. بۇ كېچىلەر قانچىلىغان شېرىن ئار -
زۇ، قانچىلىك يالقۇنلۇق لىرىكىللارنىڭ يارات -
قۇچىسى - ھە؟! ياز كېچىلىرىدىكى ئاينىڭ كۈ -
مۈش نۇرى تۆكۈلگەن ئەنقەرەنىڭ خىلۋەت
باغچىلىرى ئۆزىنىڭ ھەر بىر غۇنچىسى، ھەر
بىر يوپۇرمىقىغا قانچىلىغان ياشلارنىڭ ئىسسىق
نەپەسلىرىنى سىڭدۇرگەندۇ؟ ياپ - يېشىل چى -
مەنزار ئارىسىدا نازۇك شىلدىرلاپ ئېقىۋات -
قان سۈزۈك سۇلار قانچىلىغان يىگىت - قىز -
لارنىڭ ئاستا پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغاندۇ؟
— ئېيتقىنا، سەن مېنى چىن قەلبىڭدىن
ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەستۇرە.

ئۇلار ئىككىسى بۇكىدە ئۆسۈپ كەتكەن پاكار دەرەخلەرنىڭ قويۇق شاخلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر كىچىك سىكامېيكىدا ئولتۇراتتى. مەستۈرە ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بولمىغان بۇ سوئالىغا ئەنۋەرنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرۇدىغانلىغىنى ياخشى بىلسىمۇ، كۆڭۈل خاتىرىسىگە ئاللىقاچان يېزىلىپ بولغان شۇ جاۋاپىنى كۈتۈپ، بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى. يىگىتنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تۈردە مەستۈرەنىڭ مۈرىلىرىنى چىڭ قىسقان ھالدا ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. ئاھ، ئەنقەرەنىڭ گۈزەل كېچىسى! قەيەردىندۇ يىراقتىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاسمانىنىڭ پاياسىز كۆك شايىسىغا چېچىلغان مەرۋايىتتەك يۇلتۇزلارنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ قىبلىگاھى بولغان تولۇن ئاينىڭ يورۇغىدا مەستۈرەنىڭ بىلەكلىرى ئاقىرىپ تۇراتتى. ئەنۋەر قىزنىڭ يۇمران كۆكسىنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە شۇنچە يېقىن جايدا سەزگەندە بىر مىنۇتچە سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويدى. شۇنىدىن كېيىن، ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ تاتلىق سۆزلەرنى يىغىشقا تىرىشىپ، ھاياجانلىق پىچىرلاش بىلەن سۆيۈملۈك قىزنىڭ مەڭزىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى:

— سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈدىغانلىغىنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. لېكىن، ھېچقانداق يىگىت ھېچقانداق قىزنى مەن سېنى سۆيگەندەك سۆيمىگەنلىگىگە ئىشىنىمەن. بىز ھازىرقى زاماننىڭ لەيلى ۋە مەجنۇنلىرى.

مەستۈرەنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— لەيلى بىلەن مەجنۇنمۇ بىرگە يەتمەسمىكىن دەيمەن، — دىدى ئۇ ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن.

شۇ تەقلىتتە قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىگى ئۇلارنىڭ يادىغا يەتسۇنمۇ! قىزغىن تىلەكلەرنىڭ ئىزھار قىلىنىشى، ئوتلۇق ۋەدىلەر ۋە ھەر خىل ئۇششاق سۆزلەرنىڭ داۋامى ئۈزۈلمەيتتى.

مەستۈرە ئەنۋەرنىڭ كۆكرىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— توڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر ئۇنىڭ يۈزىگە ئېڭىشىپ.

مەستۈرە كۈلۈپ قويۇپ، «ھەئە» دىگەن مەنىدە بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. ئەنۋەر ئۆزىنىڭ يېنىك يازلىق كاستيۇمىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى.

— ئۆيگە قايتقىڭ كېلەمدۇ؟ — دىدى ئۇ يەنە.

مەستۈرە كۈلۈپ قويدى ۋە «ياق» دىگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى.

ئەتراپتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقتا پەقەت كوكاتلار ئارىسىدىكى شىلدىرلىغان تاۋۇشلارلا قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. بارچە كائىنات خۇددى بۇلار ئىككىسى ئۈچۈن خاتىرجەم شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەنۋەرنىڭ دادىسى ئەنقەرەدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىدە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. مەستۈرەنىڭ دادىسى باشقا بىر مەھكىمىدە ئادەتتىكى خىزمەتچى ئىدى. ئىككى ياشنىڭ ئۆزلىرى بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ تاكى ئۇلار ھازىر ئوقۇۋاتقان ئالى مەكتەپكىچە ساۋاقداش بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەنۋەر بىر يۆتىلىپ قويۇپ، تۇساتتىن گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— بەزىدە كاللامغا مۇنداق بىر خىيال كىرىپ قالىدۇ. مۇبادا مەن بىر يوقسۇل ئادەم بولغان بولسام ياكى تەقدىر مېنى تاسادىپىي يامان كۈنلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويغان بولسا...

سەن شۇ چاغدا قانداق قىلاتتىڭكىن؟

مەستۇرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بېشىنى شۇنداق كەسكىنلىك بىلەن كۆتەردىكى ۋە كۆزلىرى شۇنداق يالتىراپ كەتتىكى، ئەنۋەر ئويلىماي سۆزلەپ قويغىنىغا پۇشمان يەپ قالدى.

— سەن مېنى شۇنچە ۋىجدانسىز دەپ ئويلامسەن؟ — قىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن نارازىلىق ئارىلاش رەنجىش ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — مەن سېنىڭ داداڭنىڭ مەنسىۋىگە قاراپ سەن بىلەن يۈرۈپتىمەن-دە. ماڭا قارىغىنا، مەن ئۆزەمنى پۇلغا ساتىدىغان قىزمۇ؟ سەن مېنى مۇنچىلىك پەس چاغلىما. ئاھ، قانداق قىلسام مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنەرسەن!

ئەنۋەر ئۆزىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا ھېس قىلدى.

— بولدى، بولدى، خاپا بولما... مەن بۇنى مۇنداقلا دەپ قويغان ئىدىم... — دىدى ئۇ بەجايىكى گۇنا ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەك دۇدۇقلاپ.

لېكىن، مەستۇرە ئۆزىنى تۇتالمىدى:

— ئەنۋەر، سەن كېيىنچە بەربىر مېنى چۈشىنىسەن. شۇ چاغدا مۇشۇ ئىشەنمەسلىگىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇپ قالارسەن. سەن دىگەندەك يامان كۈنلەر راستىنلا كەلسىدى، شۇ چاغدا بىلەتتىڭ مېنى.

گەپنىڭ ئايىغى چۈشمەستىنلا، تەسىرلەنگەن يىگىت مەستۇرەنىڭ پومپاق لەۋلىرىگە ئىشتىياق بىلەن لېۋىنى باستى.

يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئەنۋەر مەستۇرەنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مەستۇرەنىڭ گەۋدىسى دەرۋازا كەينىدە غايىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەنۋەر يەنە ئۇزاقىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. «كىشىلەر ئارىسىدىن مۇنداق بىر قىزنى ئىزلەپ تېپىش ئاسان ئەمەس. — دەپ ئويلىدى ئەنۋەر، — ئۇ مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى ئۆمۈرلۈك يولدىشىم بولۇپ قالدۇ».

2

قولۇمدا بىر بولاق پۇل. بۇنىڭغا قاراپ بىر ئەسناغىچە ئويلىنىپ تۇردۇم-دە، ئاندىن مېيىغىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ياق، بۇ بىر بولاق قەغەزنىڭ قانداقتۇر ئەپسانىۋي يوشۇرۇن سىرىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. شۇ تاپتا مەن قولۇمدىكى رەڭلىك قەغەزلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم مۇنداق دىمەكچى ئىدىم: «ئەي پۇل، سېنىڭ ئېزىتقۇلۇق ھۆنىرىڭ چەكلىك، ئەمما مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلىغى چەكسىزدۇر. ئەنۋەر بىلەن مەستۇرەنى كۆردىڭمۇ؟ سەن ئۇلارنى ئۆزەڭگە جەلپ قىلىپ يولدىن ئازدۇرالمايسەن». مەن بۇ گەپلەرنى دىمەكچى ئىدىم. بىراق، دىمىدىم.

چۈنكى، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇنداق پىكىرنىڭ تەرەپتارى بولۇش گۆدەكلىك ياكى ساددىلىق بولۇپ قالماسمىكىن، دىگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم.

×

مەن ياز پەسلىنىڭ كەچكى سەيلىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈمەن. شۇڭا، بۇ قېتىممۇ ئەتەي ئاپتوۋۇزغا چۈشمەستىن، كوچا بويلاپ پىيادە ماڭدىم. ئۇياتچان قىزدەك قىزىرىپ كەتكەن قۇياش يۈزىنىڭ يېرىمىنى تاغنىڭ كەينىگە يوشۇرۇۋالغان بولۇپ، پەلەكنىڭ غەربىي قىسمىغا بىر غۇلاچ كەڭلىكتە قىزىل نۇر چېچىلدى. ھاۋا سالقىن ھەم

www.uyghurkitap.com

راھەتبەخش. ئادەم قانچە ماڭسا شۇنچە ماڭغۇسى كېلىدۇ. بۇنداق سائەتلەردە روھىڭ شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇكى، كىشىلىك دۇنيادىكى بارلىق غەم-قايغۇلار نەلەرگە يوقالغانلىقىنى ئۆزەڭمۇ بىلمەي قالىسەن. ھەتتا ئالدىڭغا ئۇچرىغان ھەر بىر يولۇچى سېنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئادىمىڭدەك تۇيۇلىدۇ. ئاھ، نېمە دېگەن ياخشى! ھەممىسى پاك دىل، ھەممىسى مېھرىبان. ئەنە ئاۋۇ تۆت-بەش ياشار ئوغلىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق خانىممۇ، مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىۋاتقان بۇ ياشانغان ئەپەندىمۇ، ئاۋۇ ياش يىگىتمۇ...توختا، بۇ ئەنۋەرغۇ. ئەنۋەر يولنىڭ چېتىدە ئىتتىك قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق شاتلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال ماڭا ياقمىدى. يېقىندا ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى بىر قىز بىلەن تويى بولماقچىغۇ. مەيلى كۈلمىسۇن، ھېچبولمىغاندا قاپىقىنى تۈرمەي ماڭسىچۇ.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ مېنىڭ بىلەن خۇشياقمايلا سالاملاشتى. ئېھتىمال، مەن ئۇنىڭ قانداقتۇر مۇھىم خىيالىنى بۆلۈۋەتكەن بولسام كېرەك. بىللە ماڭدۇق. بىر-ئىككى ئېغىز تېچلىق-ئامانلىق سوئال-جاۋابلىرىدىن كېيىن، ئۇ ئاسانلا سۆزگە كىرىشتى. ئۇ ماڭا دادىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە گۇمانلىق ئۇنسۇرلار قاتارىدا بۈگۈن ئەتىگەن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. تۈرلۈك ماللار ماگازىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەنۋەر توختىدى.

— مەن بۇ يەردە كۈتۈشۈم كېرەك، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — مەستۇرەگە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلغان ئىدىم. ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلمەكچى.

ئاندىن، ئۇ سائەتكە قاراپ قويدى-دە، «كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى» دەپ قويدى. دەرۋەقە، كىشىلەر توپى ئىچىدە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىز بىلەن ھەر دائىمقىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. مەستۇرەنىڭ ئۇچىسىدىكى ياۋروپانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مودىسى بويىچە تىكىلگەن ئاچ كۆك رەڭلىك يەڭسىز كۆينىكى ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزىگە ۋە باللارچە تولۇقىنا كەلگەن بەدىنىگە زەپمۇ ياراشقان ئىدى. ئەنۋەر گەپنى ئەگىتمەيلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دادىسى مۇپتىلا بولغان بەختسىزلىكنى بايان قىلدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بىزنى ئائىلىمىز بىلەن بىرلىكتە پايتەختتىن يىراق بىرەر كەنتكە ياكى چەت ناھىيىگە سۈرگۈن قىلىشى مۇمكىن.

ئاردا قولايسىز جىمجىتلىق پەيدا بولدى. مەستۇرەنىڭ رۇخسارى سۆرۈنلەشتى، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇشتۇمتۇت ئەنۋەر مەستۇرەنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى.

— ئەمدى سەن قانداق قىلىسەن؟

مەن تەسىرلىك بىر مەنزىرىنىڭ گۇۋاچىسى بولۇشقا ھازىرلاندىم. مانا ھازىر مەستۇرە: «ئېغىر كۈنلەردە سېنى يالغۇز تاشلىمايمەن، سەن قەيەردە بولساڭ، مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن» دەيدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەستۇرەنىڭ: «مەن ئەنقەرەدە قالىمەن، ھېيت-بايراملاردا سېنى يوقلاپ چىقىپ تۇرارمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆز قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. بىر پەستىن كېيىن، مەستۇرەنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى:

— داداڭنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلەتمىگەندۇ؟...

مائاش — پۇل ... بۇ پۇل ئەمدى ئۆز-

نىڭ ھوقۇقىدىن دېرەك بېرىۋاتقانلىغىنى چۈشەندىم. مەن جېنىمغا تەككەن «پۇل» دىگەن ئاتالغۇنى بۇ بىر جۈپ پەزىلەتلىك ياشلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئالدىراش خوشلىشىپ كېتىپ قالدىم. ئەنۋەر دادىسىنىڭ مائاشى توغرىلىق نىمە دىگەنلىگىنىمۇ ئاڭلىمىدىم، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق سۆھبەت بولغانلىغىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن پەقەت شۇنى تەسەۋۋۇر قىلدىمكى، خۇددى شەھەرنى ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئوراشقا باشلىغان كېچىلىك قاراڭغۇغا ئوخشاش، ئەنۋەر بىلەن مەستۇرەنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ خىرەلىشىشكە باشلىغاندۇ؟

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئاخىرى تۇرمۇش قۇردى. ئەنۋەرلەر سۇرگۈندە كەيدەلمىدى، ئاتىسىنىڭ مائاشىمۇ ئۆز پېتىچە قالدى. ئەنۋەر ئۆزى ئوقۇشنى تاشلاپ، يەرلىك فابرىكىلارنىڭ بىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتى. بارا-بارا مەن ئۇلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدىم. تىلغا ئالغۇدەك بىرەر يېڭىلىقمۇ يۈز بەرمىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار ئادەتتىكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ ئۆتمەكتە ئىكەن.

3

قولۇمدىكى بىر بولاق پۇلغا كۆزۈمنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، ھېچنىمە دىمىدىم. ئۇنداق دىسەممۇ بولمايدۇ، بۇنداق دىسەممۇ بولمايدۇ. ئۇنداق دەي دىسەم، مەستۇرەدە كۆرۈلگەن كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش بار؛ بۇنداق دەي دىسەم، ھەر قانچە ئۆزگىرىش بولسىمۇ، ئۇ باشقا بىرىدىگە ئەمەس، يەنىلا ئەنۋەرگە ياتلىق بولدىغۇ. ياق، ھەر ھالدا مەن ئەمدى پۇلغا چاقىچاق قىلالمايمەن، مۇھەببەت ھەققىدىمۇ چوڭ سۆزلىيەلمەيمەن. قىينى، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

×

ئاردىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. شۇ ئارىدا ئەنۋەر بىلەن مەستۇرە قايتىدىن مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى.

— مەستۇرە، تاماكا قۇتام نەدە قالدى؟ تاپالمايۋاتىمەن، — دىدى ئەنۋەر.

— تاماكا قۇتاڭنى مەن نىمە قىلاتتىم، — دىدى مەستۇرە ۋە يېڭى دەزماللانغان كىيىم-كېچەكلىرىنى زەردە بىلەن چامادانغا تىقىشقا باشلىدى.

— مەن ساڭا تۈز گەپ قىلىۋاتىمەن، — دىدى ئەنۋەر ئورۇندۇقتىن دەس تۇرۇپ.

مەستۇرە زەھەرلىك كۈلۈپ قويدى:

— مېنى قورقاتماقچىمۇ سەن، سەكرەپ كەتمەمسەن؟

بۇ خىل بانا-سەۋەپسىز جەدەل-تالاشلار ئاخىرقى ۋاقىتلاردا پات-پات سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ جەرياندا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. ئەنۋەرنىڭ ئاتىسىنىڭ مائاشى توختىتىلىپ، تۇرمۇش پۇلى بېرىلمەيدىغان بولدى. ئەنۋەرنىڭ ئۆزى فابرىكىدىن چىقىرىلىپ، ئىشسىز بولۇپ قالغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان ئىدى. ئەنۋەر مەستۇرەنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا مەلۇم بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ: «بۇنداق شارائىتتا بىرەر ئايالنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلايتتى. ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە رەنجىشلەر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. مانا بۇ قېتىممۇ گەپ تەگىشىش راسا ئەۋجىگە يەتكەندە ھەر ئىككىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئەسەبىيلەشتى. مەستۇرە ئۆكچىلىرىنى قاتتىق تاقىل-

دىنىپ كېلىپ، كارۋاتقا ئولتۇردى ھەمدە ئۆرە تۇرغان ئەنۋەرگە كۆزلىرىنى مىقتەك قاداپ، تامامەن ئۆزگەرگەن ئاھاڭدا گەپ قىلدى:

— سېنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان راھىتىڭ چاغلىق بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئالدىمدا يۇۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە نەپرەتكە تولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— ياخشى ئەرنىڭ بالىسى غېرىپ بولار، قول بولماس، — دېدى ئۇ ئاستا، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن.

مەستۇرەنىڭ ئۆۋەتتىكى سۆزلىرى ئۇنىڭسىزمۇ تەۋرەپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ تەقدىرىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى. بۇ ھەل قىلغۇچى سۆزلەر مۇنداق جاراڭلىدى:

— ئايال كىشىگە قۇرۇق گەپ، قۇرۇق سۆلەتنىڭ كېرىكى يوق، ئايال كىشىگە ئاراقلىتىپ سانايدىغان پۇل كېرەك!...

شۇنداق قىلىپ مەنمۇ خۇددى ئەنۋەرگە ئوخشاشلا، بۇ پۇراقسىز ئاق ئەتىرگۈلنى ئۆز خاتىرەمدىن يۇلۇپ تاشلىدىم. بۇ گۈل مەن ئويلىغاندەك، نەۋ باھار قۇچىقىدا ئېچىلغان تەبىئەتنىڭ سولماس يادىكارلىقى بولماستىن، بەلكى تۆركىينىڭ بازارلىرىدا ساندۇقلاپ سېتىۋېلىشقا بولۇدىغان قەغەز ۋە يىپەكتىن گۈلگە تەقلىت قىلىپ ياسالغان ئەرزان باھالىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ چىقتى.

مەن ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان دوستلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ئىككى بۇرادىرىم بىلەن پايتەختتىكى رېستورانلارنىڭ بىرىدە غىزالىنىۋاتاتتىم. ئېغىر مەخمەل پەردىلەر بىلەن نىقاپلانغان كەڭ دەرىزىلەردىن كەچكۈزنىڭ زېرىكەرلىك مەنزىرىسى كۆرۈنەتتى. دەرەخلەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ساقلىنىپ قالغان قىزغۇچ سېرىق يوپۇرماقلار گويياكى «تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ، شىخىدىن ئۈزۈلەتتى ۋە شامالدا كېلەڭسىز چايقىلىپ ئاسفالت يولغا چۈشەتتى.

كۈتۈلمىگەندە كىمدۇ بىرىنىڭ «مەستۇرە» دېگەن ئاۋازى مېنىڭ قۇلىقىمغا يىراقتىن كېلىپ ئاڭلانغاندەك بولدى. مېنىڭ ئىككى دوستۇم كۆزلىرى بىلەن چەتتىكى بىر ئۈستەلنى ئىشارەت قىلىپ، بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، شۇ تەرەپكە قارىدىم. چەتتىكى ئۈستەلدە مەستۇرە بىلەن بىللە ئىسسىل كىيىنگەن بىر ئىگىز بويلۇق جاناپ ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپى خۇش. ئىگىز بويلۇق جاناپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر جۈپ قەدەھنى كۆپۈكلىنىپ تۇرغان شامپان شارابى بىلەن تولدۇردى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە، ھەر بىر ھەركىتىگە مەستۇرە ئۆزىنىڭ كۈلكىسىنى تەقدىم قىلاتتى.

مەن بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندىم. بۇ جاناپنى مەن تونۇيمەن، ئۇنىڭ پۇلى بار!



قولۇمدا بىر بولاق پۇل. قايتا - قايتا ساناپ چىقتىم. قىلچە خاتالىقى يوق، توپ - توغرا بەش مىڭ بەش يۈز سوم! مەن

بۇ پۇلنىڭ خىسلىتىنى نامايەن قىلىپ، ئەتە ئاخشاملىققا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇمەن. زىياپەتكە مەستۇرەنىمۇ تەكلىپ

قىلىمەن. بەش يۈز سومنى شۇنداق مەردانىلىق بىلەن چاچمەنكى، جانابلارنىڭ قىزغىنىش، خانىملارنىڭ قىزىقىش نەزەرلىرى ماڭا قادىلىدۇ.

تەنتەنىلىك كۆتۈرۈلگەن قەدەھلەردىكى قىممەتباھا شاراپلار، سازەندىلەر قىزىشىپ ياڭرىتىۋاتقان دىسكو مۇزىكىلىرىغا تولغىنىپ پىقىراشلار ساقاللىق ھەم ساقالسىز ئورۇق ھەم سېمىز چىرايلارنى قىزارتىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا مەن مەستۈرەنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سىزگە زېرىكىشلىك ئەمەستۇر؟» دەپ سوراش بىلەن پاراڭنى باشلايمەن. «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس،— دەيدۇ مەستۈرە،— ناھايىتى كۆڭۈللۈك». مەن مەستۈرەنىڭ بىر ئۆزىگە ئاڭلىتىپ گەپ قىلىمەن: «بۇ ئولتۇرۇش پەقەت سىز ئۈچۈنلا بولۇۋاتىدۇ. سىز ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس بەش يۈز سوم ئەمەس، يېنىمدىكى بەش مىڭ سومنىمۇ بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە چېچىۋېتىشكە تەييارمەن».

بەش يۈز، يەنە بەش مىڭ... بۇ رەقەملەر مەستۈرەنىڭ ئىرادىسىنى ماڭا بويسۇندۇرۇدۇ. بەش يۈز سومنى تۈگىتىپ، بەش مىڭ سومنى بىر ئايالغا ھەدىيە قىلىشقا تەييار تۇرغان مەرتىنىڭ دۆلەت بانكىسىدا بۇنداق مىڭدىن نەچچە باراۋەر سوممىسى ساقلىنىۋاتقىنىدىن گۇمانلىنىشقا بولامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، بۇ مىڭلارنىڭ كېلىش مەنبەئى خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى مەستۈرە دەرھال ھېس قىلىدۇ. مەن مېھمانلارنى تاشلاپ، ئۆز بۆلمەمگە كىرىمەن ۋە تۆمۈر ئىشكاپتىكى زىياپەتنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىپ قالغان بەش مىڭ سومنى قولۇمغا ئېلىپ، مەستۈرەنى ئىشارەت بىلەن چاقىرىمەن. «مانا بۇنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىشلىتىڭ،— دەيمەن ئۇنىڭغا،— ماڭا پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىز لازىم». مەستۈرە خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلگەن ھالدا يالىڭاچ كۆكسىنى تىترىتىپ، مەن تەرەپكە تەمشىلىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى مۇھەببەت ۋە ساداقەتلىك ھەققىدە چۈشىنىكسىز بىر نىدالەرنى پىچىرلايدۇ. دەل شۇ چاغدا مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىمەن-دە، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋېتىمەن ۋە بارلىق مەستۈرەلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ياڭراق ئاۋازدا مۇنۇ ھەقىقەتنى جاكالايمەن:

— ئەي، ئازغىن ھەۋەسنىڭ بىچارە قۇللىرى! ئاڭلاۋاتامسىلەر، سىلەر گۈزەل ئارزۇ، بۈيۈك غايىلارنىڭ مۇقەددەس نۇرىنى پۇل ئېزىتقۇسىنىڭ قارا قاناتلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، يۈرىكىڭلارنى قاراڭغۇ تۈنگە مەھكۇم قىلدىڭلار. بۇ تۈن ئەمدى سىلەر بىلەن كەتسۇن، ئەتىلىككە مۇھەببەتنىڭ تېڭى ئاتىدۇ!

**ئاپتوردىن:** بۇ ھېكايە 1969 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دەۋردە يېزىلغان ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆز نامىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھېكايىدىكى ۋەقەلىكنى تۈركىيە تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان قىلىپ ۋە ئاپتور ئىسمىغا نىھاد ئەلى دىگەن بىر ئويدۇرما ئىسىمنى قويۇپ يازغان ئىدىم. بۇ ھېكايە ئەمدى ئۆزىمنىڭ ھەقىقى ئاپتورىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بالىلارنىڭ دوستى

(ھېكايە)

ھاجى ئەخمەت

كىشىلەر نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولدى، دەپ يۈرۈشەتتى. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا: «نەسىردىن ئەپەندى تېخى ھايات ئىكەن، گەرچە ئۇ قېرىپ، ئاپپاق ساقاللىق بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تېتىك ۋە خۇشخۇي ئىكەن، خۇددى ياشلىق چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش قىزىقچىلىقنى قولدىن بەرمەي، سوكال قۇيرۇق بوز ئېشىكىگە مىنىپ، جاھان كېزىپ يۈرگەن ئىمىش» دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇي تۆپە يېزىسىدا تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەدىن كېيىن، پۈتكۈل يۇرت ئەھلى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ھازىرمۇ ھايات ئىكەنلىكىگە زادىلا گۇمان قىلمايدىغان بولۇشتى.

## 1

ياز مەۋسۇمى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى. يىراقتا سوزۇلغان ئىلان باغرى يولدا تەرلەپ-تەپچىرەپ كېلىۋاتقان يولۇچى ئالدى تەرىپىدە كۆزگە چېلىققان ئادەم قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى پۇتى بىلەن بوز ئېشەكنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ، يۈرۈشىنى تېزلەتتى:

— قېنى، سالپاڭ قۇلاق بۇرادىرىم، يەنە ئازراق غەيرەت قىلغىن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇرت ئىچىگە يېقىنلاپ قالغان ئوخشايمىز. ئادەملەر ئارىسىغا بېرىۋالساقلا ساڭا بوغۇز، ماڭا ئوزۇق تېپىلىدۇ ۋە ياخشىراق ئارام ئېلىش پۇرسىتى چىقىدۇ.

بوز ئېشەك گويا ئىگىسىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ، سىلىققىنا يورغىلاپ كەتتى. يولۇچى ھايال ئۆتمەيلا قوغۇن كۆتىرىۋالغان بىر بالىغا يېتىشىۋالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوغلۇم، مۇنداق ئىسسىقتا ئۆيۈڭدە ئولتۇرماي، قەيەرگە كېتىپ بارىسەن؟

بالا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سالام بەرگۈچىگە باشتىن-ئاياق قاراپ چىقتى. يولۇچى خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان

خىزىردەك چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئاقساقال بوۋاي بولۇپ، دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھارمىسىلا بوۋا، — دەپ بالا بوۋاينىڭ سالامىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

— ئۆمرىڭ ئۇزۇن بولسۇن ئوغلۇم، تۇرقىڭدىن قارىغاندا، ئەدەپلىك، ياخشى بالىدەك كۆرۈنىسەن. ئىسمىڭ نېمە؟

— قۇتلۇق.

— تولىمۇ ياخشى ئىسىكەن! خوش، شۇنداق قىلىپ نەگە كېتىپ بارىسەن؟

بالىنىڭ قارامۇتۇق يۈزلىرىدىن ھارغىنلىق تارقاپ، جانلىنىپ كەتتى-دە:

— يۇقۇرقى مەھەللىگە مومامنى يوقلاشقا بارغان ئىدىم، ئۇ يەردىن يېنىپ ئۆيگە كېتىپ بارىمەن، — دېدى.

— موماڭنى يوقلاپ كەلگىنىڭ بەكمۇ ياخشى بولۇپتۇ. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، بەختىڭ ئېچىلىپ، ھاياتىڭ روناق تاپىدۇ.

— ئېشىكىڭىزنىڭ قۇيرۇغى قېنى؟ — دەپ تويۇقسىز سوراپ قالدى بوۋايغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بالا بوز ئېشەكنىڭ سوكال قۇيرۇغىنى كۆرسىتىپ.

— يولدا چاڭ-توپا ۋە پاتقاق بىلەن بۇلغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېسىپ خورجۇنغا سېلىپ قويدۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى بوۋاي مۇغەممەرانە كۈلۈمسىرەش بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ، — ھە، ئاغزىڭ نېمە ئانچە كاماردەك ئېچىلىپ قالدى؟ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن-يا؟

— مېنى ئالداۋاتىسىز! — دېدى بالا لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — يالغان گېپىڭىزگە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟!

بوۋاي ئۇنىڭ ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە، بالىلارچە ساددا قىزغىنلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— ھا ... ھا ... ھا ... بوۋاڭنى تېخى ھېچكىم يالغانچىلىقتا ئەيىپلىگەن ئەمەس. قېنى، يىگىت، بېرى كەل، ئىشەنمىسەڭ خورجۇنۇمنى ئېچىپ كۆرسىتەي، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق!...

بوۋاي مەسە كەيگەن پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ ئازراق يۇقۇرى كۆتۈرۈلدى-دە، ئاستىدىكى سەپەر خورجۇنىنى ئالدىغىراق سۈرۈپ، ئوڭ تەرەپتىكى كۆزىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىپ كۆرسەتتى:

— مانا قارا، ئەمدىچۇ ئىشىنەرسەن؟ ...

بالا خورجۇننىڭ ئىچىگە بويىنىنى سوزۇپ قارىدى. نەرسە-كېرەكلەر ئارىسىدا خۇددى ئېشەكنىڭ قۇيرۇغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر باغلام قىل تۇراتتى! ... ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، قورقىنىدىن ئارقىسىغا داجىدى. بۇ نەرسە ئېشەكنىڭ قۇيرۇغى ئەمەس، بەلكى يولۇچى ئاخشاملىرى دالا ۋە ئۆتەڭلەردە قونغاندا پاشا-كۆمۈتىلەرنى قورۇيدىغان، مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا، ئۈستى-بېشىغا قونغان چاڭ-توپىلارنى قاقىدىغان سەپەر جابدۇغى — قوتازنىڭ قۇيرۇغىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! ...

— مانا، بۇ شۇنداق گەپ، يىگىت، — دېدى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بوۋاڭ ئۆز ئۆمرىدە كىشىلەرنى ئالدىغان ئەمەس، ئۇ سېنىمۇ ئالدىمايدۇ. مانا، مەسىلەن، ھازىر ئىسسىقتىن چاڭقاپ، جېنىم تومشۇغىمغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئىشىنەمسەن، شۇنداقمۇ؟ ... ھەبەللى، ئۇنداق بولسا، كۆتىرىۋالغان قوغۇنۇڭنى پىچىپ يەيلى ئوغلۇم، ماقۇلمۇ؟

گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە بالا سەل ئويلۇنۇپ قالدى.

— مومام بۇ قوغۇننى ... ئاناڭغا ئال-

غاچ بارغىن... دەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا...

— ھېچۋەقەسى يوق، ئوغلۇم، «يولدا ئۇسساپ كېتىپ، مومام ساڭا بەرگەن قوغۇننى يەۋەتتىم» دېسەڭ ئاناڭ ساڭا كايىپ يۈرمەس.

بۇ گەپ بىلەن بالىنىڭ ئەندىشىسى كۆتىرىلىپ، كۆڭلى يېنىكلەپ قالدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇسساپ تۇرغاچقا، قوغۇننى پىچىپ يېيىشكە رازى بولدى. بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئەپلىك بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يانچۇغىدىن مۆڭگۈز ساپلىق قەلەمتۇرۇچىنى ئېلىپ، قوغۇننى پىچىشقا باشلىدى.

— سەن ياخشىراق قاراپ تۇرغىن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي قوغۇننى پىچىۋېتىپ، — مەن بۇنى تەپ-تەڭ ئىككى كاسا قىلىمەن. بىرىمىزنىڭ يوغان، يەنە بىرىمىزنىڭ كىچىكرەك بولۇپ قالسا، ئادىللىق بولمايدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىسى تەڭ باراۋەر بولغاندىن كېيىن يەيمىز، ماقۇلمۇ؟

ئۇلار شۇنداق قىلىشقا كېلىشكەندىن كېيىن، بوۋاي قوغۇننى ئىككى كاسا قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— ماۋۇ پارچىسى كىچىكرەك بولۇپ قالدى! — دېدى بالا ئۆزى تەرەپتىكىسىنى كۆرسىتىپ.

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، مانا ھازىرلا تەڭشەيمىز.

— بوۋاي ئالدىدىكى كاسىدىن بىر تىلىم پىچىۋېلىپ، ھوزۇر قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— بولمىدى، بولمىدى! — دېدى بالا بوۋاينىڭ ئالدىدىكى كاسىنى كۆرسىتىپ، — ئەمدى بۇ كىچىك بولۇپ قالدى!

— ئۇنداقتا بۇنى تەڭشىسەك بولۇدىكەن.

بوۋاي بالىنىڭ ئالدىدىكى كاسىدىن بىر تىلىم پىچىۋېلىپ ئۇنىمۇ يەۋەتتى.

— ھەي بوۋا، ئەمدى بۇنى كىچىك قىلىپ قويدىڭىز! — دېدى بالا جىلى بولۇپ.

— ھېچۋەقەسى يوق، ئوغلۇم. قىيىرغان چاغدا ئادەمنىڭ قولى تىترەيدىغان، كۆزى چوڭ-كىچىكنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

بوۋاي سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى كاسىدىن بىر تىلىم پىچىۋېلىپ يېيىشكە باشلىدى. بۇ ئىش يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. قوغۇننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى تېزرەك يەۋېلىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان بالا، بوۋاي باشلىغان بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قوغۇننى قانداق يەپ تۈگەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى.

— ھە، نىمانچە كۆزلىرىڭنى پاقىرىتىپ قاراپ كەتتىڭ؟ — دېدى بوۋاي ئېغىزىنى بەلىۋىغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — شۇنداق قىلىپ قوغۇننىمۇ يەپ بولدۇق. ئورۇق بىلەن شاپاقنى ماۋۇ سالپاڭ قۇلاق جانىۋار يەۋەتسۇن.

بوۋاي شاپاق بىلەن قوغۇن ئورۇغىنى بىر-بىرلەپ ئېشەكنىڭ ئاغزىغا تىقىپ يېدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— ھە بۇرادەر، ئازراق بولسىمۇ نەپسىڭ ئارام تاپقاندۇ-ھە؟ ئىككىمىز مانا بۇ يىگىتكە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، يولىمىزدا ئۇنى بىزگە خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپتىكەن. ئۇنىڭ بانىسىدا تازىمۇ ياخشى مېھمان بولدۇق...

بۇ ئاجايىپ تەقسىماتتىن يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي تۇرغان بالا بوۋاينىڭ ئېشەك بىلەن قىلىشقان گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىكى نارازىلىقى كۆتىرىلىپ، ساددىلىق بىلەن كۈلۈم-

www.uyghurkitap.com

سىردى.

بوۋاي يول بويى قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلەپ ماڭدى. كۈلۈۋېرىپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلەي دەپ قالغان بالا ئالدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، خۇددى بوۋاينىڭ سايىسىغا ئوخشاش بوز ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارماقتا ئىدى.

2

ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلىشاي دېگەندە، ئېشەككە مىنىۋالغان بىر بالىغا يېتىشىۋالدى. ئېشەكنىڭ ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن چوڭ خۇرجۇن ئارتىلغان بولۇپ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە يۈك قاچىلانغان ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوغلۇم! — دېدى بوۋاي سالام بېرىپ، — نەگە كېتىپ بارىسەن؟

— ئۆيگە! — دەپ جاۋاپ بەردى بالا چىرايىنىمۇ ئاچماستىن بىپەرۋا ھالەتتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ. شۇ ئارىدا قۇتلۇق ئېشەكلىك بالىغا يانداشىپ سورىدى:

— ھە، نەدىن كېلىۋاتىسەن، تۇغلۇق؟

— تۈگمەندىن، سەنچۇ؟

— مومامنىڭ ئۆيىدىن.

تۇغلۇق كۆز ئىشارىسى بىلەن بوۋاينى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىم؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— بىر يولۇچى... بەكمۇ قىزىقچى ئادەمكەن، يولدا كەلگىچە ماڭا بەكمۇ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەردى...

— ھەي، دۇنيادا چۆچەك ئاڭلاشقا قىزىقمايدىغان بالىمۇ بارمىدۇ؟... قۇتلۇقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان تۇغلۇق بۆلەكچە جانلىنىپ، كۆزلىرى پاقىراپ كەتتى ۋە بوۋايغا يانداشىپ:

— قۇتلۇق سىزنى چۆچەك ئېيتىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىكەن، دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنداق بولسا، مەھەللىگە يېتىپ بارغىچە يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ، مەنمۇ ئاڭلاپ قالاي، بولامدۇ؟

— بولمايدىغان نىمىسى بار، بولىدۇ. ئەقىللىق، رەھىمدىل ۋە ئاقكۆڭۈل كىشىلەر چۆچەك ئاڭلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. بىراق، ئوغلۇم، سەن ئۇنچىۋالا رەھىمدىل بالا ئەمەستەك كۆرۈنىسەن.

تۇغلۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— سىز... مېنىڭ رەھىمدىل ئەمەسلىگىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارغان مۇشۇ تۇرقىڭدىن بىلدىم. قارىغىنا، ئېشەك بىچارىگە ئىچىڭمۇ ئاغرىماپتۇ. ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا يۈكنى ئارتقىنىڭنىڭ ئۈستىگە، تېخى ئۆزەڭنىڭ مىنىۋالغىنىڭنى كۆرمەمدىغان؟!

— دادام خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە مىنىۋال، دېگەن... — دەپ غۇدۇڭشىدى تۇغلۇق.

— داداڭ «ئوغلۇم كىچىك، ھېرىپ قالمىسۇن» دەپ سېنى ئاياپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، سەنمۇ داداڭنى ئايىشىڭ لازىم - دە! بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىگى مۇشۇ ئېشەك بىلەن ئېقىۋاتسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردە داداڭ يۈكنى ئۆزى يۈدەمدۇ؟

تۇغلۇق بۇرنىنى بىر تارتىۋالدى - دە، بوۋاي بىلەن قۇتلۇققا خىجىللىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئېشەكتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرغىن، ئوغلۇم! — دېدى بوۋاي تۇغلۇقنى توسۇپ، — ئېشەكتىن چۈشۈ-

مەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە.

تۇغلۇق راستىنلا گاڭگىراپ قالدى:

— تېخى بايىلا «ئۆشەككە ئىچىڭ ئاغرىماپتۇ» دېگەنتىڭىز، ئەمدى «چۈشمە» دەيسىز، ئېيتىڭا، زادى قانداق قىلسام بولۇدۇ؟

— ھەي، يىگىت دېگەننىڭ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەقلى يەتمەمدىكەن. بۇنىڭ چارىسى بەكمۇ ئوڭاي: ئۆزەڭ ئۆشەككە مىنىپ ئولتۇرۇۋېرىسەن، خۇرجۇننى بولسا مۆرەڭگە يۈدۈۋالىسەن. نەتىجىدە، ئۆزەڭمۇ پىيادە قالمايسەن، ئېشەك بىچارىمۇ يۈكى يېنىكلەپ، ئارام تاپىدۇ.

تۇغلۇق ئېڭىشىپ تۇرۇپ خۇرجۇننى ئاستىدىن بىر چەتكىرەك تارتىپ چىقاردى ۋە قۇتلۇقنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران دېگەندە مۆرىسىگە يۈدۈۋالدى.

— ھە بەللى، مانا ئەمدى ئىش جايىدا بولدى! — دېدى بوۋاي تۇغلۇقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ۋە ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا بىر قېتىم ئېشەككە مىنىپ، سۆكەنگە قاچىلانغان ئۆرۈكنى مۆرىسىگە يۈدۈپ بازارغا بارغانلىقى توغرىسىدا بالىلارغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەچ، يولنى داۋاملاشتۇردى.

## 3

ئۇلار مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە، يول بويىدا ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلار ناتونۇش بوۋايغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇقنى ئوراۋېلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بالىلىرىم! — دەپ سالام بەردى بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈۋېتىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوۋا! — دەپ چۇقۇراشتى بالىلار. تۇغلۇق يۈدۈۋالغان خۇرجۇننىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ، تېخىچە ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېپىشتى:

— ھەي، بۇ نېمە قىلىق؟

— ئېشەككە مىقلاپ قويغاندەك ئولتۇرۇشنى قاراڭلار، بۇنىڭ!...

— ھا! ... ھا! ... ھا! ...

بالىلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، ۋاقىرىشاتتى.

قۇتلۇق ئاغىنىلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، بوۋاينىڭ ئېشىكىنى ئوتقا قويىدى. مېھمانغا بولسا، ئۇسسۇلۇق، نان ۋە ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنى كەلتۈرۈشتى. بوۋاي قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ھەر خىل قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بالىلارنى كۈلدۈردى.

خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش قىزىقچىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاتناشتى. شۇ ئارىدا ئىككى بالا بىر ياڭاقنى تالىشىپ، جېدەللىشىپ قالدى.

— سوقۇشماڭلار، — دېدى بوۋاي بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، — مەن بۇ ياڭاقنى ئىككىڭلارغا تەڭ بۆلۈپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟

ھەر ئىككىسى باش لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈرۈشتى. بوۋاي يانچۇقىدىن قەلەمتۇراچنى چىقىرىپ، ياڭاقنى ئوتتۇرىسىدىن ئاجراتتى-دە، مېغىزىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن:

— مانا، بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار، — دەپ ئىككى پارچە ياڭاق شاكىلىنى بالىلارغا بىر پارچىدىن ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە، — بۇ ياڭاقنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكىمنىڭ ھەققى، — دەپ قولىدىكى مېغىزنى ئاغزىغا سالدى.

قۇتلۇق ئويۇن جەريانىدا قوش تىغلىق بىر قەلەمتۇراچنى تېپىۋالغان ئىدى. ئۇنى بالىلارغا كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار ھوي، بۇ قەلەمتۇراچ كىمنىڭ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، ئىككى بالا تەڭلا ئۇنىڭ قولىغا يېپىشتى:

— بىردۆەت، مېنىڭ قەلەمتۇرۇچۇم!...

بۇ بالىلارنىڭ بىرى تۇغلۇق بولۇپ، ئۇ خۇرجۇن بىلەن ئىشەكنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئەمدىلا ئويۇنغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. يەنە بىرى، ئاقسېرىققىنا كەلگەن، ئەپتىدىن يۇۋاشلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر بالا ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ تالىشىشىنى كۆرگەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، قەلەمتۇراچنى ئۆز قولىغا ئالدى.

— ئالدىرىماڭلار، بالىلار، بۇ جىدەلنى مەن ئايرىپ قوياي، قەلەمتۇراچ زادى قايسىڭلارنىڭ؟

— مېنىڭ! — دەپ ھۆرپەيدى تۇغلۇق.

— بۇ يالغان ئېيتىدۇ، قەلەمتۇراچ مېنىڭ!—دەپ ۋاقىرىدى ئاقسېرىق كەلگەن بالا.

— بۇ قەلەمتۇراچنى سەن نەدىن ئالغان؟ — دەپ سورىدى بوۋاي تۇغلۇقتىن.

— ئەسلى دادامنىڭ ئىدى، كېيىن ماڭا بەرگەن، ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇنى ئۆزەم تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن.

بوۋاي يەنە بىر بالىدىن سورىغان ئىدى. ئۇ، بۇ قەلەمتۇراچنى بولتۇر يازدا پىچاقچى خوشنىسى ئىسمەت ئاكىنىڭ سوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. بوۋاي قەلەمتۇراچنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ، سىنچىلاپ قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ تىغىغا ئويۇلغان بىر قاتار رەقەملەر ئوچۇق كۆرۈندى. پىچاقچى ئۇستا ئۆز قولىدىن چىققان بۇ ئەسۋاپقا سوقۇلغان ۋاقتىنى ئويۇپ يېزىشنى ئۇنتۇمىغان ئىكەن.

ئۇنىڭدىكى ۋاقىت ئاقسېرىق بالىنىڭ ئېيتقىنىغا دەلمۇ-دەل توغرا كېلەتتى.

— قەلەمتۇراچ راستىنلا سېنىڭ ئىكەن، — دېدى بوۋاي ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە بېرىۋېتىپ ۋە بۇ ھۆكۈمدىكى سىرنى بالىلارغا چۈشەندۈردى.

— يالغانچى!...

— قارا يۈز!... دەپ ۋاقىراشتى بالىلار تۇغلۇققا دېۋەيلەپ.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قانداقلا بولمىسۇن بىرەر قەلەمتۇراچنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرگەن تۇغلۇق ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا مۇنداق ئىزاغا قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا، ئەمدى ئۇنىڭ قەلەمتۇراچقا ئېسىلغان چاغدىكى بىشەملىگى سۇنۇپ، نومۇس ۋە ئەلەمگە چىدىماي پاڭىدا يىغلاپ تاشلىدى.

— كېرەك يوق، يىغلىما، ئوغلۇم! — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، — بۇندىن كېيىن يالغان سۆزلىمىسەڭلا بولىدۇ، مەن ساڭا خاتىرە ئۈچۈن كىچىككىنە سوغا قالدۇراي، ئىشىنىمەنكى، بۇ سوغات سېنى يالغانچىلىقتىن ساقلايدۇ. ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي بولۇشىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

بوۋاي شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ قارا مۈڭگۈز ساپلىق قەلەمتۇرىچىنى تۇغلۇققا بەردى. ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ خاسىيەتلىك بولغان بۇ نەرسىنى كۆرگەن تۇغلۇقنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پاقىراپ كەتتى ۋە قەلەمتۇراچنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— رەھمەت بوۋا! مەن چوقۇم سىز ئۈمىت قىلغاندەك ياخشى بالا بولۇشقا تىرىشىمەن، يالغان سۆزلىسەم، دوست-بۇرادەرلىرىم ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتەي! — دېدى.

بوۋاي خۇرجۇنىنى ئاختۇرۇپ، كىچىككىنە بىر كىتابنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇنى قۇتلۇققا سۇنۇپ:

— بۇ كىتاب ساڭا مەندىن يادىكار بولسۇن. ئۇنىڭدا ئەجداتلىرىمىزنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان پەند-نەسىھەتلىرى يېزىلغان. بۇ ھېكمەتنى ئاغىنىلىرىڭگە ئوقۇپ

(ئاخىرى 57 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

## تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

### تۈن كېچىدە

تۈن كېچىدە چىقتى ئۆيدىن ياش
بىر ئوغۇل ۋە قىز بالىنى يېتىلەپ.
چوڭ كوچىدا ماڭماي چىراق نۇرىدا،
تام ياقلاپ كېتىپ قالدى كېچىلەپ.

چېچى چۇۋۇق، ھالى ئۇنىڭ پەرىشان،
يىغلار ئاستا بۇقۇلدىغان كەپتەردەك.
خىيال ئارا نەچچە يىللىق ھاياتى،
كۆز ئالدىدا يېپىلماقتا دەپتەردەك:

«تۈن كېچىدە نەدىن پانا تاپارمەن،
ئەجەپمۇ بىر قېتىپ قالدى بۇ بېشىم.
قانداق بالا كەلسۇن ئەمدى ئالدىمغا،
يوقتۇر مېنىڭ قايتىپ ئۆيگە يېنىشىم.

مەنمۇ ئىنسان، قۇل ۋە يا بىر ئىت ئەمەس،
بىر نان ئۈچۈن بوينى ساڭا باغلاغلىق.
بار پەقەتلا ئايال بولغان گۇناھىم،
يۈرەك باغرى دەرت چوغىدا داغلاغلىق.

تالاي كۈنلەر سالدى مېنىڭ بېشىمغا،
ئاقكۆڭۈللۈك، ساددىلىق ۋە نادانلىق.
تالاي ئەپسۇس، ئەپغانلارنى چەكسەممۇ،
يات ئىكەن ـ دە، ماڭا ھامان تەدانلىق.

بىلەمسىز ئىنىم، ئىمە سۆيگۈ، مۇھەببەت،
سەن ئەمەسمۇ ئۇنى ماڭا بىلدۈرگەن.
تۇمار ئۆرۈپ ئالغان كەبى بېشىمدىن،
ئەس ـ ھۇشۇمدىن ئايرىلغۇدەك كۆيدۈرگەن.

قۇلاق سالماي جان ئانامنىڭ زارىغا،
گۇدەك كەبى مەن ئارقاڭدىن ئەگەشتىم.
‹نادان بالا خاراپ بولدى› دىسە خەق
ئاچچىغىمدا ئۇلار بىلەن تەگەشتىم.

چىدالمايدۇ بىردەملىكمۇ يىراقتا
دەپ قاپتىمەن توپا سالساڭ ئېشىمغا.
تاشلا دىسەڭ تاشلاپتىمەن خىزمەتنى،
نادانلىقتا ئىش كەلمىگەچ بېشىمغا.

جۇت ـ بورانلار چىقتى بىردىن شىددەتلىك،
تۈنجۇم ئەمدى جاھانغا كۆز ئاچقاندا.
بىر كۈن سەنمۇ خىزمىتىڭدىن ھەيدەلدىڭ
ئۆيىمىزدىن شاتلىق دىگەن قاچقاندا.

تارقاقلىشىپ كەتتۇق بەكمۇ يىراققا،
مەنمۇ كەتتىم يۇرتنى تاشلاپ سېنى دەپ.
قاخشار ئىدىڭ ‹شۇ بالىنىڭ ئايىغى
ياراشمىغاچ نەسلىك باستى مېنى› دەپ.

ئۈنچىقمايتتىم رەنجىسەمۇ بىلدۈرمەي،
دەرت دىگۈزەر ئۇنى بەلكىم شۇنداق دەپ.
بارا ـ بارا كۆنلەر ئۆتۈپ ھەتتاكى
مىنى قۇرۇق قالدۇرمىدى ئاچچىق گەپ.

ئېرىپ قالدى ئەمدى مەينەت بېشىڭدىن
بولدى ئەمدى بۆلەكچىلا ئىززىتىڭ.
قايتىپ كەلدۈق يۇرتقا يەنە، ئەسلىگە
كەلتۈرۈلگەچ سېنىڭ ئەسلى خىزمىتىڭ.

بىر نەرسىلا قالماي قالدى ئەسلىگە،
ئۇنى قويدۇق ئىككىمىزلا يوقىتىپ.
مەن يوقاتتىم سېنىڭ ئىللىق چىھرىڭنى،
سەن مۇستەبىت بولدۇڭ مىنى قورقىتىپ.

بىر خوشاللىق يۈرىگىمدە ئۇلغايدى،
ئۆستى ئوغلۇم، بەردىم پۈتۈن مېھرىمنى.
قانچە ـ قانچە باقتىم ساڭا يالۋۇرۇپ،
كۆرسەتمىدىڭ ئاڭا ئىللىق چىھرىڭنى.

ئاتمايسەن ھەتتا ئۇنىڭ ئېتىنى،
چاقىرىسەن ئۇنى دائىم بالا دەپ.
يات خەقلەرنىڭ بالىسىمۇ ئۇ «بالا»
دەيسەن تېخى «شۇنداق بولۇر ئاتا» دەپ.

دەيسەن تېخى، بالا دىگەن بۇزۇلۇر،
كۆرسەتكەندە چىشىنىڭ ئەگەر ئېقىنى،
سەن تەسەۋۋۇر قىلالامسەن، پەرۋىشسىز
قويىۋەرسەڭ ئۇنىڭ بارار يېقىنى؟

بايقىدىڭمۇ چۆچۈپ تۇرار بالىمىز؟
سېنى كۆرسە يات كىشىنى كۆرگەندەك.
بىئارام ۋە ئەنسىزلىكتە قارايدۇ،
شىبغىل تاشتا يالاڭئاياق يۈرگەندەك.

مەن سەمىڭگە سالسام ھەتتا شۇنىمۇ،
دىدىڭ: ياخشى بالا دىگەن ئەيمىنىسە

سەن تەسەۋۋۇر قىلالامسەن ئاقىۋەت
نىمە بولۇر بۇ يىراقلىق كېڭەيسە.

ئۇ ئوقۇيدۇ نەچچە يىللىق سىنىپتا
ۋە ئوقۇيدۇ قەيەردىكى مەكتەپتە.
كىيدۇر ئۇنىڭ مۇئەللىمى ھەتتاكى
سەن ئۇلارنى بىلمەيسەن ـ دە، ئەلۋەتتە.

ئوت ياقمىغان مەشتەك سوۋۇن بۇ تۇرمۇش،
قويدى ئاخىر ھەممىمىزنى بەزدۈرۈپ.
چۈشىنەمسەن ئاشۇ سوۋۇن تەللەتىڭ
قويغىنىنى ھەممىمىزنى تەزدۈرۈپ.

سەن ئويلايسەن: بۇ ئۆيدىكى ھەممىسى،
ئىشلەيدىغان خىزمەتكاردۇر مەن ئۈچۈن.
ئېيتقىنىڭدەك بولدى دائىم ھەممەيلەن
ئىشلەپ كەلدۇق تىنىم تاپماي سەن ئۈچۈن.

ئايىغىڭنى كىيەلمەيسەن ھەتتاكى
شوينىسىنى ئاشۇ بالا باغلىماي،
كۈندە ھاراق، تاماكىغا بارار ئۇ،
مۈمكىنمىكەن بۇيرۇغىڭنى ئاڭلىماي.

بىر نەچچە رەت يىغلاپ كەلدى بازاردىن،
«ساۋاقداشلار يولدا مېنى كۆردى» دەپ.
«چەكسەڭ كېرەك بەلكىم دائىم تاماكا،
مۇئەللىمگە بېرىپ دەيمىز دىدى» دەپ.

قانچە مەرتە سۆزلەپ كۆردۈم سىلىقچە،
قاراپ باقسام، ساڭا تەسىر ئەتمىدى.
ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سۆزلىرىم،
ئازار بولۇپ قاچان باشقا تەگمىدى.

دائىم سۆھبەت جىدەل بىلەن تۈگىدى،
ئازار يىدىم، ئىلگىر ـ ئاخىر بۈگۈنمۇ.
سېنىڭ ئاشۇ خاقانلاردەك مىجەزىڭ،
تەزدۈرەتتى بۈگۈن ياكى ئۆگۈنمۇ.

سېنىڭ بىلەن مۇمكىن ئەمەس سۆزلەشمەك،
ھۆكىرەيسەن باشقا كىيىپ بىنانى.
بىلگەنلەرغۇ بىر نېمە دەر بۇ ئىشقا،
بىلمىگەنلەر ماڭا قويار گۇنانى.

تۈن كېچىدە چىقتىم ئۆيدىن ھەسرەتلىك،
باراي يەنە ئاتا ـ ئانام ئالدىغا.
بۇ جۇدالىق يالغۇز مەندىن قالمىغان،
ئاتاي ئۆزەم مېھرىبانلار باغرىغا.

بىرەر ئىشنى بىلىپ دەرگەن كونىلار،
ئۆتكۈر ئىكەن ھەتتا كۆڭۈل كۆزىمۇ،
گۇدەك ئىدىم، خاراپ بولدۇم ئاخىرى،
توغرا ئىكەن كونىلارنىڭ سۆزىمۇ».

تۈن كېچىدە چىقتى ئۆيدىن ياش ئايال،
بىر ئوغۇل ۋە قىز بالىنى يېتىلەپ.
چوڭ كوچىدا ماڭماي چىراق نۇرىدا،
تام ياقىلاپ كېتىپ قالدى كېچىلەپ.

1985 - يىل.

## كەم ئىكەن

ئېيتتىڭ دوختۇر ياش ئايالنى تەكشۈرۈپ
«باركەن سىزدە يامان سۈپەت ئۆسمە» دەپ.
«بۇ قەغەزنى ئېلىپ بېرىڭ كاسسىغا،
نېمە بولدى تۇرۇۋېرسىزغۇ تەمتىرەپ».

تۇرۇپ قالغان ئىدى ئايال بۇ مەھەل،
بولۇپ كۆزى ھەسرەت تولغان بىر بۇلاق.
يۈرەك سېلىپ تەن ياپراقتەك تىترىگەچ
تۇرالمىدى ئۆرە دەسسەپ ئۇ شۇچاق.

ئاڭا قاراپ تۇرالمىدىم مەن چىداپ،
كۆيۈپ يۈرەك كەتتى ئىچىم سىيرىلىپ.
خۇشخۇيغىنا كىرگەن ئاشۇ ياش چوكان،
تۇرار ئىدى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ.

ھەي...ھەي...دوختۇر، سەنمۇ ئايال ئۇمۇ ھەم،
سەن بىر ئىنسان ئۇمۇ سەندەك ئىنسان ھەم،
ئىككى ئېغىز ئۈمىتلىك سۆز، تەسەللى،
بىساتىڭدا بولغانمىدۇ شۇنچە كەم.

مۇنداق چاغدا كېرەك ياخشى تەسەللى
زەھەر بەرسەڭ يېمەسمىدى ھەسەل دەپ.
كۈلۈپ تۇرۇپ ياتماسمىدى پىچاققا،
ئەمدى چوقۇم ساقىيىدۇ كېسەل دەپ.

ئاز ئەمەسقۇ ئۇنىڭ تارتار ئازاۋى،
بولماسمىدى ياخشى سۆزدىن قالمىساڭ.
قاي تەرىقە چىقار جېنى شورلۇقنىڭ،
بولماسمىدى قوش پىچاقنى سالمىساڭ.

«چىن مۇھەببەت» كىنوسىدا دوختۇرنىڭ،
كۆرگەنسەندۇ شەپقىتىنى ياش جانغا،
كۆرگەنسەندۇ رۇخسارىنىڭ ھالىنى،
دەھشەتلىكقۇ روھىي ئازاپ ئىنسانغا.

بۇ ساناقلىق كۈنى قانداق ئۆتەركىن،
قوش ئازاپنىڭ گىرداۋىدا ھالسىراپ.
قاراپ باققىن ھازىر ئۇنىڭ ئەپتىگە،
بولدى مۇردا كەتكەن گويا قانسىراپ.

ئۆلۈم بارغۇ ھەر ئىنسانغا بىر قېتىم،
بولماسمىدى سەن جېنىنى ئالمىساڭ.
جان سەكراتتا يادلىماسمۇ ئۇ سېنى،
ياخشى خۇلۇق، ياخشى سۆزدىن قالمىساڭ.

مەن بىلمەيمەن دوختۇر ئايال سېنىڭكى،
مۇكەممەلدۇر بەلكى تىببىي بىلىمىڭ.
بىلسەڭ ماڭا بۈگۈن شۇنچە ئۆكۈندۈم،
كەم ئىكەنغۇ «ئىنسان» دېگەن ئىلمىڭ.

## ئاق تېرەك

تۇرار ئىدى ئېگىز بىر تۈپ ئاق تېرەك،
يىراقتىراق ئېقىن سۇنىڭ بويىدا.
شوخ سەنەمگە چۈشمەس سالقىن شامالدا،
نىمە خىيال باركىن ئۇنىڭ ئويىدا.

قېرىلىقنىڭ ھەسرىتى ھەم جاپاسى،
كۆيدۈردىمۇ، ياكى ئۇنىڭ قەلبىنى.
ئەسلەمدۇ يا بۈك باراقسان قامەتلىك،
ئۆتكەن سانسىز گۈزەل ياشلىق دەۋرىنى.

قاخشال قىپتۇ خۇددى قۇرۇق ئوتۇندەك
ۋۇجۇدىنى تىلىپ چوڭقۇر يېرىقلار.
جۇدۇن - چاپقۇن زەربىسىدىن يىللارنىڭ
بەدىنىدە قاپتۇ سانسىز ئېرىقلار.

يىلتىزىدىن ئۆسۈپ يۇمران كۆچەتلەر
چوڭ بولۇپتۇ كۆز چاقنىتىپ قامەتلىك.
قېرى تېرەك دالدا بولغاچ ئۇلارغا،
جۇدۇن - چاپقۇن كۆرمەي تەكشى ئامەتلىك.

ئاشۇ قېرى ئاق تېرەكنى ئوخشاتتىم،
چىن پىداكار ئاتا بىلەن ئانىغا.
گۈل غۇنچىدەك ياشلىقنى ھۆسنىنى،
ئۆكۈنمەستىن سەرپ ئېتەر بالىغا.

# پارچىلار

### بېلقىز سولايمان

تولۇن ئاي نۇرىدا مۆكدۈشىپ تۇرۇپ،
سورىدى يار مەندىن:—نىچۈن ئاي نۇرلۇق؟
مەن دىدىم:—كۈن نۇرىنى تۆكمىسە ئايغا —
بېرەلمەس ئۆزىدىن مۇنچىلىك يورۇق.

×

يار دىدى:—ئوخشاتتىم مەن سىنى ئايغا —
تۈنلىرى سەيلە قىپ ئايلانغان چاغدا.
مەن دىدىم:—ئېيتقىنا، ئوخشسام ئايغا —
قالمامسەن ئون بەش كۈن ھىجراندا - داغدا؟

×

كەلگىن دەيسەن، كەتكىن دەيسەن،
ھوقۇق سەندىمۇ؟
مەن قەپەزگە مۈپتىلادەك
مىسكىن بەندىمۇ؟

# گۈل ۋە ھەرە

### ھەجەرگۈل قاسىم

چىقتىكىن قايسى بىر چىۋەر قولىدىن،
لوڭقىغا تىزىلغان بۇ ئۈز گۈل - غۇنچە.
پۈتۈلگەن بولسىمۇ جىسمى تاۋاردىن،
گۈلزاردىن ئۆزگەندەك جۇلالىق شۇنچە.

ئۆيدىكى تەشتەكتە تۇرغان ئەتىرگۈل،
خۇش پۇراق چېچىپتۇ ئېچىپ گۈل غۇنچە.
ياپراقلار مەگزىدە شەبنەم قەترىسى،
چاقنار گۈل لىۋىدە سىماپتەك ئۈنچە.

ئەمگەكچان بال ھەرە كىردى قورادىن،
ئايلىنىپ باردى تېز غۇنچە يېنىغا.
سۆيدى ئۇ قانغىچە غۇنچە لىۋىدىن،
شاتلىقتىن پاتمىدى قىنى - قىنىغا.

يۈتكەلدى تەشتەكتىن، گۈل لوڭقىسىغا
قاراپمۇ قويماستىن ئۆچتى يىراققا.
دىدى ئۇ تاۋار گۈل: كەلگىن ھەرىجان،
سۆيگىنە مەگزىدىن قويماي پىراققا.

دىدىكى ھەرىجان ئۇنىڭغا قاراپ:
ھىد، شىرنە يوق سەندە بولساڭمۇ گۈزەل.
ياسالما رەڭۋازغا بولغاندىن ئاشىق،
ئەمەسمۇ غۇنچىنى سۆيگىنىم ئەۋزەل.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ئىككى شېئىر

رىزۋانگۈل ھۆسەيىن

## ئۆچمەس يالقۇن

لاۋۇلدىغان ئوچاقتىكى قىپ - قىزىل يالقۇن،
ئۆچەر بىر پەس كۆيۈپ، ئوتۇن سالمىساڭ ھامان.
ئۆچكەن يالقۇن بېرەلمەيدۇ ساڭا ھارارەت،
ئوتۇن سالساڭ ئۇ يالقۇنلاپ بولۇدۇ گۈلخان.

ئىلىم - پەننىڭ ئىشقى بىلەن يانغان يۈرەكنىڭ،
مۈشكۈل تېخى باسقاندىمۇ يالقۇنى ئۆچمەس،
كۆمۈلسىمۇ ئەگەر تۇپراق ئاستىغا ئۇلار،
ئەجرى يۇلتۇز بولۇپ چاقنار، مەڭگۈگە كۆچمەس.

## سىر

قارىسام، دادامنىڭ يۈزىگە،
قانچىلاپ قورۇقلار ساپتۇ ئىز.
ئاجىزلاپ ھەتتاكى كۆزدىمۇ،
پىلىلداپ يانىدۇ ئۇ نۇرسىز.

ۋە لېكىن تېتىكتۇر روھىمۇ،
قالمىغان ھەتتاكى سۆزىدىن.

قالدۇرۇپ بىزلەرنى ھەيران - ھەس،
ئاچار سۆز ئۇ ئۇزاق تارىختىن.

ھە، بۈگۈن ئەقلىمگە تولۇپ مەن،
بىلدىمەن قورۇقنىڭ سىرىنى.
دادام ئۆز ئىزىنى قالدۇرغان،
ھەر بىر يىل بىرەپتۇ چىھرىنى.

# تاجىك قىزى

ئادالەت قەلەم قىزى

بويى زىبا، قوللىرى گۈل،
ئىشتا چاققان تاجىك قىزى.
سۆزى شىرىن، گويا بۇلبۇل،
دىلغا ياققان، تاجىك قىزى.

ئويناپ تۇرغان كۆزى خۇمار،
مەڭزى قىزىل گويا ئانار،
قەلبىدە ئەل ئىشقى يانار،
ئالغا باسقان، تاجىك قىزى.

ناۋا قىلسا ياڭراق راۋاپ،
تەڭكەش قىلىپ ئۇسۇل ئويناپ،
جىلۋە قىلىپ، كۈلۈپ يايراپ،
ئۇرار خەندان، تاجىك قىزى.

ھۆر ئېلىمنىڭ قۇچىغىدا،
ئىش - ئەمگەكنىڭ ئوچىغىدا،
تاشقۇرغاننىڭ يايلىغىدا،
چارۋا باققان، تاجىك قىزى.

ئۆمۈر بويى سۆيۈپ ئەمگەك،
غەيرەت ئۇرغۇپ ئاسمان پەلەك،
ھەر ئىشىڭدا قۇچۇپ نۇسرەت،
تاپ شەرەپ - شان، تاجىك قىزى.



# تەقدىر

(پوۋېست)

ئالىمجان ئىسمايىل

1

1983 - يىلنىڭ باھارى ئادەتتىكىدىن بالدۇر، تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلدى.

تېخى فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇشىغا قارىماستىن تۈنۈگۈندىن بۇيان كۈن بۆلەكچىلا ئىسسىپ كەتتى. قىشتىن بۇيان كۈلرەڭ تۈتەك بىلەن پۈركۈنۈپ ياتقان ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ، قۇياش پارلىدى، ئاسمان خۇددى يامغۇردا يۇيۇلغاندەك سۈزۈك ۋە تازا ئىدى. باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇپۇق بويلاپ سوزۇلۇپ ياتقان تىيانشان تېغىنىڭ قاپتاللىرىدا، چەكسىز ئېدىرلىقلاردا، ئۆيلەرنىڭ دەرىزە ئەينەكلىرىدە... كۆزنى قاماشتۇرۇپ جىلۋە قىلىپ، باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلاتتى...

قوشباغقا بارىدىغان تاش يولدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ۋېلىسىپىتكە مىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاق يۈزلۈك، قاڭ- شالىق كەلگەن بۇ ئادەم يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېتىزلىقلارغا ۋە مەھەللىلەرگە قىزىققان ھالدا نەزەر تاشلايتتى. ئېتىزلاردا ھازىر تېخى كىشىلەر شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ قىغ تىرشۇۋاتقان تىراكتورلار، ھارۋىلار ئۇچراپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ ئالدىدا بولسا لەگلەك ئۇچۇرىۋاتقان ئۇششاق بالىلار چۇقۇراشماقتا ئىدى.

يولۇچى سىمونت كۆۋرۈككە چىققاندا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، پاختىلىق چاپىنىنى سالدى. ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ ھور كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ چاپاننى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ قويدى-دە، ئۆزى كۆۋرۈكنىڭ سىمونت سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماكا چەكتى. ئەمدى قوشباغنىڭ تېرەكلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇپۇق بويلاپ يېيىلىپ ياتقان بۇ دەل - دەرەخلىك مەھەللە ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

خۇددى سىرلىق تىلسىماتتەك تۇيۇلۇپ، قەل-
بىنى ئەندىشىلىك، ھاياجانلىق بىر تۇيغۇ
بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ زادى نېمە
دەپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئەمەل ئۈچۈنمۇ؟... ئۇ
قوشباغقا ئىككىنچى ئاياق باسماسلىقتا
ئۆزىگە سۆز بەرگەن ئىدىغۇ؟ نېمىشقا
بۇ ۋەدىسىنى بۇزدى؟... دېمەك، ئۇنىڭ
قوشباغدىن رىسقى كۆتۈرۈلمىگەن ئىكەن-دە...
ئەمدى ئۇ يەردە ئۇنى نېمە قىسمەتلەر
كۈتۈۋاتىدىكىن؟...

ھايات كۆپ ھاللاردا كىشىنىڭ رايىغا
باقمايدۇ. بەزىدە ھەتتا چۈشۈڭگىمۇ كىرمىگەن
تەسادىپلىق سېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىڭنى بەلگى-
لەپ قويىدۇ ۋە سەن ھەرقانداق قىلىپمۇ
ئۆزگەرتەلمەيسەن...

بۇ ئىش ئەسلىدە بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن
ئاۋال يۈز بەردى. ئۇ ئەتىگەندە ئىشخانىغا
كىرىشىگە ئۇنىڭ خىزمەتدىشى سەمەت:

— ئابلىز، سېنى ياسىن شۇجى چاقى-
رىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئابلىز تېڭىرقاپ قالدى.

— قايسى ياسىن شۇجى؟

— ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى ياسىن
شۇجىچۇ؟! — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ، —
ھازىر كەلسۇن دېيدۇ... بەلكىم يۆتكى-
لىشىڭگە قوشۇلدىمىكىن، ئاخىرى چوڭ يەرگە
كېتىۋالىدىغان بولدۇڭ-دە! چوقۇم شۇ
ئىش.

ئابلىز ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇمۇ ئۆز
كۆڭلىدە سەمەتنىڭ دىگىنىنى جەزىملەشتۈردى.
بولمىسا ياسىن شۇجى ئۇنى نېمىگىمۇ
ئىزدەر؟ ئۇ مانا ئاخىرى ئارزۇسىغا يېتە-
دىغان بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاكادې-
مىيىنىڭ ئازادە تەجرىبىخانىلىرى، سالاپەت-
لىك پروفېسسورلار... تىزىلىپ ئۆتۈشكە
باشلىدى.

ئابلىز شۇ خىياللار بىلەن ۋىلايەتلىك
پارتكوم بىناسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى
سەزمەي قالدى. بىنا ئىچى ئۇنىڭغا جىمجىت
ۋە سۈرلۈك سېزىلدى، ئۇ بۇ يەرگە ناھايىتى
كەمدىن-كەم كېلەتتى، شۇڭا ئۇ ياسىن
شۇجىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ
بىلمەيتتى. ئىشخانىلاردىن بىرسىگە كىرىپ
سوراپ باقماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە
تۆپىدىن تونۇش بىر ئادەم چۈشۈپ كەلدى.

— ھە، ئابلىز، بۇ يەردە نېمە ئىش
قىلىپ يۈرۈسىز؟

ئىگىز بويلۇق، سېمىزلىكتىن ھاسىراپ
ئاران دەم ئېلىۋاتقان بۇ ئادەم دىخانچى-
لىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈسۈپ
قادىر ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەستىگە
مۇناسىپ بولمىغان ھالدا ئىنچىكە چىقىقاچقا
كىشىلەر ئۇنى «يۈسۈپ گىلەك-گىلەك»
دەپمۇ ئاتايتتى.

— ياسىن شۇجى چاقىرتقان ئىكەن، —
دېدى ئابلىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ياسىن شۇجى؟ — يۈسۈپ قادىرنىڭ
قاشلىرى ھەيرانلىق بىلەن كۆتۈرۈلدى، —
نېمىشقا چاقىرتىپتۇ؟

— ئۇقمىدۇم...

— يەنە يۆتكىلىشىڭنىڭ داۋاسى ئوخشى-
مامدۇ؟ — يۈسۈپ قادىر ئابلىزغا ھومايدى، —
بوپتۇ، كېتىڭلار!... سىلەردەك ئەسقاتمىغان
زىيالىنىڭ باردىن يوقى ياخشى، سىلەرسىزمۇ
بىر ئىش قىلالارمىز...

يۈسۈپ قادىر ئابلىزغا گۈلىيىپ قويۇپ
سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئابلىز بىكاردىنلا
چېچىلغان بۇ ئادەمنىڭ ئالچاقلىشىپ كېتىپ
بارغان تۇرقىغا بىر پەس قاراپ تۇردى،
نېمىشقىدۇر بۇ ئادەم ئابلىزغا ھەر دائىم
ئەنە شۇنداق تەنە، ئاچچىق گەپلەرنى
قىلاتتى، ئابلىز بولسا، بۇنداق گەپلەرنى

ئاڭلىماسلىققا سالاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ جاۋاپ ياندۇرماي، چوڭقۇر بىر ئىچىگە تىنىدى-دە، پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا كۆتىرىلدى.

ئابلىز ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ياسىن شۇجى تۆردىكى دەرىزە ئالدىغا قويۇلغان كەڭرى ئىش ئۈستىلدە ماتىريال كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ كۆزەينەگىنى ئالدى ۋە ئىشىكتە ھودۇقۇپ تۇرغان ئابلىزنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ، ئابلىز! قانداق، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ — دىدى ئۇ ئابلىز بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن سالاملىشىپ، — قېنى، مەيەرگە كېلىڭ!

ئۇ ئابلىزنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، تاماكا ئېلىپ تۇتتى.

شۇجىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئابلىزنىڭ كۆڭلىدىكى باياتىنقى غەشلىكنى كۆتىرىۋەتتى. ئۇ شۇجىنىڭ نىمە ئىش توغرىلىق چاقىرتقانلىغىنى ئۇقالماستىن سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.

— ھە. ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دىدى ياسىن شۇجى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— بۇ يىل نەشپۈتلەردىكى گەزلىمىچى قۇرتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرەي دىگەن ئىدىم.

— ياخشى، ياخشى ... — ياسىن شۇجى ماقۇللاپ بېشىنى سىلكىدى، — بۇ قۇرت ئۆتكەن يىلى نۇرغۇن باغلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى-دە، ياخشى پىلان ئىكەن. ئابلىز، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇز سەككىزگە...

— ياخشى، تازا ئىشلەيدىغان چاغلار، — ئۇ ئابلىزنىڭ ئەجەپلەنگەن چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — ئاڭلىسام، ئۈرۈمچىگە يۆتكەلمەكچى بولۇپ ھەركەت قىلىۋېتىپسىز، راستىنلا كەتمەكچىمىسىز؟

ئابلىزنىڭ يۈرىگى «جىغ» قىلىپ قالدى. «باشلاندى، دەپ ئويلىدى ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن، — بۈگۈن دەشنەم ئاڭلايدىغان كۈن ئىكەن-دە. تاپا-تەنە قىلىسىمۇ، تىللىسىمۇ، مەيلى، پەقەت قوشۇلسىلا بولاتتى...»

— ھەئە، — دىدى ئابلىز بېشىنى كۆتىرىپ، — يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى مېنىڭ رازىلىغىمنى سوراپ خەت يېزىپتىكەن، مەن ماقۇل بولغان ئىدىم.

— ئابلىز، سىز بىزگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق كىشى. بىز تېخى سىزنى يېڭى بىر ئىشقا تەيىنلىگەن ئىدۇق.

— نىمە ئىش؟ — دىدى ئابلىز قىزىقىپ.

— سىزنى قوشباغقا چاڭجاڭ قىلىپ بەلگىلىدۇق. قانداق، قوشۇلامسىز؟

ئابلىز ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنداق بولار دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىدى.

— ياسىن شۇجى، — دىدى ئۇ قىزارغان ھالدا، — مەن بىر كەسپىي خادىم، ئەمەلنى قاملاشتۇرالمايمەن. ياخشىسى...

— ياخشىسى، كېتەي دەڭ، شۇنداقمۇ؟ — دىدى ياسىن شۇجى كىرىسلونىڭ يۆلەنچۈگىگە ئۆزىنى تاشلاپ، — دىمەك، ئەمەلگە زوقىڭىز يوق ئىكەن-دە؟ قاراڭا سىزنى، بەزىلەر ئەمەل يولىدا جېنىنى پىدا قىلىۋاتىدۇ... سىز بولسىڭىز ئەمەلدىن قېچىۋاتىسىز...

— قاچقىنىمغۇ ئەمەس، ئەمما ئەمەلنىمۇ قاملاشتۇرۇدىغان ئادەم تۇتقىنى ياخشى، مەنمۇ ئۆزەم قاملاشتۇرۇدىغان ئىشنى قىلغىنىم تۈزۈكمىكىن، شۇجى...

ياسىن شۇجى بىر مىنۇتچە ئۈنچىغا

www.uyghurkitap.com

تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلەشكەن ئىدى.

ــ بۇ گەپچە قەتئىي قارارغا كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ــ دېدى ئۇ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ مەن سىزنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن، سىزنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرىراق كەسپىي ئورۇندا ئىشلەش تەلىۋىڭىز خاتا ئەمەس، سىز بۇنىڭغا ھەقلىقسىز، لېكىن ھازىر بىزگە نەق سىزگە ئوخشاش كەسپىنى بىلىدىغان، بىلىملىك ئەمەلدار تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قوشباغنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى ئەمەس...ھوسۇل يىلدىن ـ يىلغا كاملاپ كېتىۋاتىدۇ، نەشپۈت ـ لەرنى قۇرت ئاپىتى ۋەيران قىلماقتا. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يەنە نەچچە يىلدا باغلار قۇرۇپ كېتىش خەۋپى بار. شۇڭا، بىز سىزنى قوشباغنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتقۇزالايدۇ، دەپ ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىگە بەلگىلىگەن ئىدۇق.

ئوتتۇرىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى.

ئابلىزنىڭ كاللىسى تۈرلۈك پىكىرلەر بىلەن چېگىشلىشىپ كەتتى. ياسىن شۇجىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلسا بولارمۇ؟ نىمە دىسە دىمەمدۇ؟ بۇ يەردە ئۇ 20 يىلدىن بۇيان نىيە خوۋلىق كۆردى. ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرى تىل ـ ئاھانەت، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، شۇ يىللار ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭدىن «ھاللىڭ نىچۈك» دەپ سورىمىدىغۇ؟ ئەمدى ئۇ كېچىككەن بولسىمۇ ھاياتنى يېڭىدىن باشلىشى كېرەك، بىھۇدە ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇ- رۇۋېلىشى كېرەك... شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس جاراھەتلەرنى سالغان جاي ــ قوشباغ ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشى كېرەكمۇ؟...لېكىن ئۇ قوشباغنى نىمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ياخشى كۆرەتتى، بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئۇقۇش پۈتتۈر- گەندىن كېيىنكى تۇنجى قەدىمى چۈشكەن يەر بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ياكى ئۇ يەردە ئۆز قولى بىلەن باغلارنى يېتىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ۋە ياكى... مانا ھازىر شۇجى ئۇنىڭغا مۇراجەت قىلىۋاتىدۇ، قېنى، سېنىڭ كوممۇنىستلىق ئىرادەڭ قانچىلىك؟ دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز ئارزۇلىرىنى قوشباغدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

ئابلىز چېگىش خىياللاردىن بېشىنى كۆتەردى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا،ــ دېدى ئۇ ياسىن شۇجىغا قاراپ خىجالەتچىلىك بىلەن،ــ ماقۇل، ئىشلەپ باقاي.

ــ مانا بۇ ياخشى گەپ بولدى،ــ ياسىن شۇجى مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ــ مەنمۇ لەۋزىمىزنى يەردە قويمايدۇ، دەپ ئىشەنگەن ئىدىم.

ئۇلار يەنە بىردەم قوشباغنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئاخىرىدا ياسىن شۇجى ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ دادىل بولۇڭ، رەھبەرلىك خىزمىتى دىگەنمۇ سىرلىق نەرسە ئەمەس...

مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىگە قاراپ كەلمەكتە. ئابلىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئاستا ۋەلسىپىتكە مىندى. چاپاننى سېلىۋەتكەچكىمۇ ئۇ ئۆزىنى خېلى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھىس قىلدى ۋە بىردەمدىلا قوشباغنىڭ تېرەكلىك كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەنە ئالدىدا ئۇنىڭغا تونۇش بولغان تۆت كوچا، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا سېلىنغان ئۇزۇندە مۇنارىسى تا ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ، پەقەت خەتلىرى ئۆچۈپ كېتىپتۇ. تۆت كوچىدىن ئوڭ قولغا قايرىلسا مەيدان ئىشخانىسىغا بارىدۇ. ئابلىز كوچىنىڭ دوق-

مۇشۇغا ئاز قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز يان كوچىدىن قىپ - قىزىل بىر موتوتسىكلىت ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى ۋە ئابلىز ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇنىڭغا باستۇرۇپ كەلدى. ئابلىز رولنى چەتكە بۇرىدى ۋە يول ياقىسىدىكى تېرەكلىك ئىچىگە ئۇچۇپ چۈشتى.

موتوتسىكلىت ئون قەدەم نېرىغا بېرىپ توختىدى ۋە يالاڭباشتاق، سېرىق خۇرۇمىدىن كاۋانكا كىيگەن 20 ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئابلىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— هەي ئاداش!— دېدى ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سالغان هالدا، — ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ نىمىشقا ئۆز يولۇڭدا ماڭمايسەن؟

ئابلىز تۇپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىقىنى سىقىراپ ئاغرىيتتى، ۋەلسىپىتى بولسا، ئېرىقنىڭ ئىچىدە ماكچىيىپ ياتاتتى.

— نەدىن كەلدىڭلار؟— سورىدى يىگىت يەنە.

— شەهەردىن.

— شەهەردىن چىققان ئادەممۇ قائىدىنى بىلمەمدۇ؟ قانداق دۆت نىمىسەن؟

ئابلىز ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ يىگىتنىڭ ئەلپازىمۇ ئادەم ئەيمەنگىدەك ئىدى. هازىرقى بۇ ياشلارغا هېچنىمە دەپ بولمايدۇ، ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك دىگەندەك، مۇش تەڭلەپ كەلسە، نىمە قىلغۇلۇق...

يىگىت ئۇنىڭغا يەنە بىر ئالىيىپ قويدى - دە، موتوتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئابلىز ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كىيىملىرىنى قاقتى. بىلى سانچىپ ئاغرىماقتا ئىدى.

— هوي، ئابلىزمۇ سەن؟ نىمە بولدۇڭ؟

ئابلىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

يولدا ۋىجىككىنە، دۈگىلەك يۈزلۈك، كۆزەينەكلىك بىر كىشى ۋەلسىپىتىنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە ئابلىزغا ئەجەپلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

— شياۋ سۇڭ!— ئابلىز ئۇنى تونۇدى ۋە ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.

— ئۇزاقتىن بېرى قوشباغقا ئاياق باسمىدىڭ، ئەمدى يولنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسەن - دە؟— سۇڭ جەنمىڭ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى.

سۇڭ جەنمىڭ قوشباغقا ئابلىز بىلەن بىللە كەلگەن، ئۇلار بىر ياتاقتا بىرنەچچە يىل بىللە يېتىشقان ئىدى. كېيىن ئۇ مەيداننىڭ داۋالاش پونكىتىدىكى ۋاڭ يىڭ دىگەن قىز بىلەن توي قىلدى. ئابلىز بۇ تىرىشچان، ئاقكۆڭۈل تېخنىكنى ناهايىتى ياخشى كۆرەتتى.

— خىزمەت بىلەن چىققان ئوخشىمامسەن؟— سورىدى سۇڭ جەنمىڭ.

— هەئە... ئۆزەڭ نەگە ماڭدىڭ؟

— شەهەرگە ماڭغان ئىدىم، سەن كەلدىڭ، ئەمدى بارمىساممۇ بولىدۇ، يۈر، ئۆيگە بارايلى!...

ئۇ، ئابلىزنىڭ ۋەلسىپىتىنى تۈرگۈزۈپ روللىرىنى ئوڭشىدى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە دوختۇرخانىدىن ئىككى ئايال چىقىپ كەلدى، ئابلىز يىراقتىنلا ئۇلارنى تونۇدى. ئۇنىڭ بىرسى، سۇڭ جەنمىڭنىڭ ئايالى ۋاڭ يىڭ ئىدى. ئۇ خېلى تەن قويۇپ سەمىرىگەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئېگىز بويلۇق ئايال سادەت ئىدى

— ۋاي، بۇ ئابلىزغۇ؟— ۋاڭ يىڭنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى يىراقتىنلا ئاڭلاندى، — قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟

ئابلىز ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. سادەت

ئابلىزنى تونۇپ ھودۇقۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزى دەم قىزىرىپ، دەم ئاقىراتتى. ئابلىز ئۇنىڭغا قايرىلدى.

— سادەت، ياخشىمۇسىز؟ ئۆي ئىچى تېچلىقمۇ؟

— تېچلىق، — سادەت بوش ئاۋازدا جاۋاپ قايتۇردى. ئۇ كۆزىنى ئابلىزدىن قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى.

سۈك جەنمىڭ بۇ ئوڭايسىزلىقنى چۈشەندى بولغاي، ۋاڭ يىڭگا شەرەت قىلدى.

— شياۋ ۋاڭ، بىز ئابلىز بىلەن ئۆيگە بېرىپ تۇرايلى، ئىشتىن چۈشكەندە تېزرەك بارارسىز.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا بارىمەن.

سۈك جەنمىڭ بىلەن ئابلىز مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىككى ئايال ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇرۇشتى.

— سادەت، ئابلىز زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ-ھە؟ — دېدى ۋاڭيىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن.

سادەت جاۋاپ بەرمەستىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

2

ئىشىگە «مەيدان باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن قەغەز چاپلانغان ئازادە ئىشخانىدا ئىگىز بويلۇق، قارامتۇل كىشى ئالدىدىكى ھۆججەتلەرگە خۇشياقمىغان ھالدا كۆز يۈگۈرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ۋە لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. تاماكىمۇ نىمىشقىدۇر تېتىمايتتى. «ئاخشام جىق ئىچىۋەتكەن ئوخشايمەن-دە، ھاراقلارغۇ ساپ پىيچەتلىك، تازا ئىسىل-لىرىدىن ئىكەن... يەنە بىرەر رومكىنى پاخمىل قىلىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك...» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپ تەرەپكە مېڭىشىغا ئۈستەلدىكى تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋەي... — دېدى ئۇ تىرۇپكىنى ئېلىپ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — ھە... يۈسۈپ جۈيجاڭمۇ؟ ھە، مەن جاپپار، قانداق ئەھۋاللىرى؟ ئەجەپ كام دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

تىرۇپكىدىن ئايالنىڭكىدەك ئىنچىكە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— جاپپار چاڭجاڭ، — دېدى قارشى تەرەپ بىر ھازا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، — يېڭى چاڭجاڭ باردىمۇ؟... خەۋەرىڭلار يوقمۇ؟ پارتكوم ئابلىز قېيۇمنى قوشباغقا چاڭجاڭ قىلىپ بېكىتىپتۇ، مەنمۇ ئەتىگەن ئاڭلىدىم. كېرەك يوق، روھىڭلارنى ھەرگىز چۈشۈرمەڭلار!... ئابلىزنىڭ قوشباغنى چۆرۈپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟ لېكىن قوشباغ ئاخىرقى ھېساپتا يەنە جاپپار چاڭجاڭنىڭ قولىغا ئۆتىدىغان مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز بوشۇشۇپ كەتمەيلى جۇمۇ!...

كېيىنكى گەپلەر جاپپارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇنىڭغا جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ئەلەم ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. قانداقتۇر بىر قول گېلىنى بوغقاندەك نەپىسى سىقىلدى. ئۇ بىر تال پاپىروسنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تىترىگەن ھالدا تۇتاشتۇردى ۋە كەينى-كەينىدىن شوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى ئاچچىق ئويلار بىلەن قوچۇلماقتا ئىدى.

جاپپار بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدى. تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يۈسۈپ قادىر ئۇنىڭغا: «خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ قېتىم چوقۇم بىرىنچى قول

بولسىلە!» دەپ ئۇنى خاتىرجەملەندۈرگەن ئىدى. جاپپار ئۆزىمۇ بۇنىڭغا قىلچە گۇمان قىلمايتتى، ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، قوشباغدا ئۆزىدىن باشقا مۇۋاپىق ئادەممۇ يوق ئىدى، شۇ كەمگىچە قوشباققا مەيدان باشلىغىدىن بىر نەچچىسى كېلىپ كەتتى. لېكىن بىرەرسىمۇ قوشباغدا ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى، ئەكسىچە، مۇئاۋىن بولسىمۇ قوشباغدا جاپپارنىڭ گېپى ئاقاتتى، ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. بىرىنچى قول باشلىقنىڭ ئورنى بوش تۇرغىلىمۇ مانا يېرىم يىلدەك بولدى، ئەمدى پەقەت پارتكومنىڭ قىزىل تامغا باسقان ئۇقتۇرۇش قەغىزى يېتىپ كەلسىلا، جاپپار بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك ئابلىزنى تەيىنلىگىنى نىمىسى؟ ئەمدى ئۇ شۇ ئابلىزنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىشى كېرەكمۇ؟ جاپپارنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشتى. «قېنى، كۆرۈپ باقاي، قولىڭدىن نىمە كېلەركىن؟...» ئۇ قولىنى كۆيدۈرگەن تاماكىنى ئاچچىقى بىلەن چۆرۈپ تاشلىدى-دە، تالاغا چىقتى. بېشىنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ئۇ دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا ئۇدۇل سادەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— زۇكام بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ،— دېدى ئۇ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ،— تەكشۈرۈپ باقامسىز؟

جاپپارنىڭ تىنىغىدىن ھاراقنىڭ ئېچىرقىغان، بەدبۇي پۇرىقى كېلەتتى، سادەت ئۇنىڭ كۆكرىگىنى بىر قۇر تىڭشاپ كۆرۈپ رېتسېپ يېزىشقا باشلىدى.

شۇ پەيتتە بۆلۈمگە ۋاڭ يىلىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھولۇققان چىرايىدىن نىمىدۇر بىر مۇھىم خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ جاپپارنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى-دە، رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا:

— جا چاڭجاڭ، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نىمە؟— دەپ سوراپ قويدى.

— ھە، ئەتىگەندىن بېرى بېشىم قىزىپ... بولالمايۋاتىمەن... يېتىۋالاي دېسەم ئىشلارنىڭ بېسىقلىقى...

— ۋاي-ۋۇي، جا چاڭجاڭ! نىمانچىۋالا ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كېتىسىز؟ شۇنچە ئىشلىسىڭىزمۇ خىزمىتىڭىزنى يۇقۇرىدىكىلەر كۆرمەمسە؟ ئاڭلىساق، يەنە يېڭى چاڭجاڭ كەلگۈدەكمىشتۇ؟

جاپپار ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

— شۇنداق تەكشەلمىگەن جاھان ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟— دەپ خورسىنىپ قويدى ئۇ،— ماڭىغۇ ئەمەلىنىڭمۇ لازىمى يوق، شۇنىسى، نەدىكى باغۋەنچىلىكتىن خەۋىرى يوق ئادەملەرنى ئەۋەتىپ خىزمەتلەرنى ئاقسىتىپ قويىدىكەن، ھەممىسە جاپانى يەنە بىز تارتىدىكەنمىز... ھەي...— جاپپار دورىلارنى يانچۇغىغا سالدى-دە، چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ يىلىڭ سادەتكە ئۆرۈلدى.

— قارا، سادەت، ئابلىز بۇ يەرگە چاڭجاڭ بولۇپ كەپتۇ. باياتىن ئۆزى دېدى.

سادەت توك ئۇرۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ يىلىڭنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ياق، ۋاڭ يىلىڭنىڭ ئادەتتە مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈمسىرەپ ئويناپ تۇرۇدىغان قىسىق كۆزلىرى بۈگۈن ھاياجان ۋە ئىشەنچ بىلەن چاقناپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ يۆتكىلىپ كېتىش مەسىلىمىزمۇ سۇغا چىلاشتى،— دېدى ۋاڭ يىلىڭ

خورسىنىپ قويۇپ، — ئابلىز تۆت ئېغىز گەپ قىلىۋىدى، لاۋ سۇك ئېرىپلا يۆتكىلىشتىن يالتايدى. تووۋا... ئۇلار خۇددى گۆھەر باردەك بۇ يەردىن نىمانچە مېھرىنى ئۈزەلمەيدىكىن. سادەت، ئابلىز جاپپارغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

سادەت خوشياقماستىنلا جاۋاپ بەردى:

— شياۋ ۋاڭ، بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نىمە قىلىسەن؟ نىمە بولۇشسا بولۇشمامدۇ؟

— سەنغۇ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كارىڭ يوق ... — ۋاڭ يىڭ كۆڭلى قايتقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە شىپىرىسلارنى تازىلاشقا تۇتۇش قىلدى.

سادەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەندىشىلىك خىياللار چولغىۋالدى. كۆڭۈل ئەينىكىدىن سانسىز خىياللار تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ يېنى چېچىلىپ، ئىشى يۈرۈشمەي قالدى. كېسەللەردىن بىر سۆزنى قايتا - قايتىلاپ سورايتتى، رېتسىپلارنى خاتا يازاتتى، ئاخىرى ئۇ ۋاڭ يىڭغا ئىشىم بار ئىدى، دەپ قويۇپ ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ئۆيىگە قانداق كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئابلىزنىڭ قىياپىتى زادىلا كەتمەيتتى، ئۇ كىرگەندە ئاپىسى ئايشەمخان تاماققا خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ئۇستەلدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— بۈگۈن بالدۇرلا يېنىپسەنغۇ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ نىمە؟

— كېسەل كۆرسىتىدىغانلار يوق، — دىدى سادەت ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ، — شۇڭا بالدۇرلا ياندۇق.

— باياتىن بىر شۇمخەۋەر ئاڭلىدىم، ھىلقى ئابلىز دىگەن قارا يۈزنى قوشباغقا چاڭجاڭ بولۇپتۇ دەيدۇغۇ؟

— ھەئە، — دىدى سادەت ئۆزىنى بىپەرۋا تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ئاخىر مۇرات - مەقسىدىگە يېتىپتۇ - دە، — ئايشەمخان ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى، — قوشباغدا ساپلا شۇنداق نائەھلىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جاپپارنىڭ دەردىنى تارتتۇق، ئەمدى بۇ قوشۇلسا، نىمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز، خۇدايىم.

ئايشەمخان سادەتكە قاراپ قويدى، سادەت بولسا لام - جىم دىمەستىن كىگىزگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— گۈلسۈمخان بەك ئالدىرىتىۋاتىدۇ، — ئايشەمخان ھودۇققان ھالدا گەپنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى ماقۇل دەۋەتسەڭ، بىزمۇ بۇ نەس يۇرتتىن قۇتۇلۇپ كەتسەك بولامدىكىن، بالام.

سادەت لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇراتتى. ئايشەمخان قىزىنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى، شۇڭا يەنە ئارتۇقچە قىستاشنى ئەپ كۆرمەي دالانغا چىقىپ كەتتى.

جىمجىت كېچە. دەرىزە ئەينىكىدىن قىيپاش چۈشكەن ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتماقتا. سادەت دەرىزىگە قارىغان ھالدا خىيال سۈرۈپ ياتماقتا. بۈگۈنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ تېچقىنا ھاياتىنى بۇزۇپ، ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تۇرمۇش يولىنىڭ ئاچىلغا كېلىپ قالغاندەك ھىس قىلاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانىسىنىڭ دىگىنىگە ماقۇل دىسۇنمۇ؟ ئەلچى ئەۋەتكەن كىشىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئىگىز بويلۇق سەل دوكراق كەلگەن، تىزىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن پېرىجە، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن بۇ دەم ئالتۇن چىشلىرىنى پاقىرتىپ، يېقىمسىز كۈلۈمسىرەپ تۇرماقتا. ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قولى ئۇزۇن ئادەممىش، شەھەردىكى چوڭ - چوڭ باشلىقلارمۇ

ئۇنىڭ ئۆيىدە پات ـ پاتلا مېھمان بولۇپ تۇرۇدىكەن. دىمەك، سادەتنى باياشات تۇرمۇش كۈتۈپ تۇرۇدۇ، ھازىرقىدەك ھەربىر تىيىننى ساناپ خەجلەپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن، سادەت ئۆزىدە ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئازراقمۇ ھىسسيات يوقلۇغىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ قەلبى توختام سۇدەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىغا يەنە تەۋەككۈل قىلسۇنمۇ؟ ئىرادىسىگە قارشى ئىش كۆرسۇنمۇ؟ ئۇ كاشكى ئوقۇمىغان ئاڭسىز ئايال بولغان بولسا ئىكەن.

دەرىزىدىن تولۇن ئاي كۆرۈندى، ئۇ بۇلۇتسىز ئاسماندا ئۈزمەكتە... سادەتنىڭ خىيالىدا بىردىنلا شۇ ئاي نۇرىغا چۈمگەن چىغىر يول بىلەن كېلىۋاتقان ئابلىزنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەندى. ئۇ سادەتكە خىيالچان باقماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نىمدۇر ئىزدىمەكتە، يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغان ياشلىق چاغلىرىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالماقتا...

سادەت تىببى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن قوشباغقا كېلىپ، يېڭى بىر يىگىتنىڭ پەيدا بولغانلىغىنى بىلدى. رەمەتلىك دادىسى ئۇنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بىر كۈنى دادىسى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى تارتىنچاق ئىدى. ئۇلار تونۇشتى، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ باغۋەنچىلىك پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئابلىز ئىسىملىك يىگىت ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى. سادەت يەكشەنبە كۈنلىرى يىراق كۆرمەي شەھەردىن ئۆيىگە چىقاتتى ۋە ئابلىز بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇلار باغلار ئىچىدە بىللە سەيلە قىلشاتتى. شەپەق نۇرىغا چۈمگەن دەريا بويىدا دولقۇنلارنىڭ شاقىرىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى، تولۇن ئايلىق كېچىلەردە سەيلە قىلشاتتى. سادەتنىڭ تۇرمۇشىغا ئابلىز بارغانسېرى چوڭقۇر كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. سادەت ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن ئوتىدا ئازاپلىناتتى... ئۇ ئارمانغا يەتكەندەك بولاتتى، لېكىن تۇيۇقسىز چىققان بوران ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇلىرىنى يوقىتا چىقاردى. ئۇ ئىككىنچى يىلى تەتىلگە كەلگەندە دادىسى بىلەن ئابلىزغا قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلۈپ سازايى قىلىنىۋاتقانلىغىنى كۆردى. كېيىن دادىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئابلىزنىڭ ئۈستىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىنى يارا قىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇز بولۇپ توڭلاپ قالدى.

يىللار ئۆتتى، ئابلىزمۇ قوشباغدىن كەتتى، ھايات يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ياتلىق بولدى، لېكىن بۇ پەقەت رەسمىيەتنى ئادا قىلىشلا بولدى، خالاس. سادەت ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن بۇ يىگىتكە كۆڭۈل بېرەلمىدى، سادەت توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئانىسىنىڭكىگە يېنىپ كېلىپ ئىككىنچى ئۇ ئۆيىگە بارمىدى. شۇندىن تارتىپ ئۇ يالغۇز ئۆتۈۋاتاتتى.

ئاي بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئابلىزنىڭ سايىسىمۇ قاياقىقىدۇر غايىپ بولدى. سادەتنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى نىمدۇ تاتىلايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانىسىنىڭ گېپىگە ماقۇل دىسۇنمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك نىمىسى قالدى؟ ئەمدى كۆڭلىنىڭ رايىغا بېرىپ نىمە قىلىدۇ؟ بەلكىم ئابلىزمۇ ئۆيىلەنگەندۇ؟ قانداق ئايالنى ئالدىكىن؟

سادەتنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3

ئابلىز سۈك جەنىمىڭ بىلەن ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۆتكەن كۈنلەرنى، قوشباغدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، تونۇش - بىلىشلەرنى ئەسكە ئېلىشتى.

— هە راست، گايىت دويجاڭ بارمۇ؟ — سورىدى ئابلىز.

— بار، لېكىن بىرئاز چېچىلغاق بولۇپ قالدى.

— يۈرە، بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، — دېدى ئابلىز ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا كۈن تاغ كەينىگە ئۆتكەن، ئەتراپ گىرىمسەن تۇتەك بىلەن پۈركەنگەن، مەھەللە ئىچىنى كالا، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، هارۋىلارنىڭ تاراقلاشلىرى قاپلىغان ئىدى.

ئابلىز يىراقتىنلا بىرىنچى ئەترەتنىڭ باغلىرىنى تونۇدى. گايىت ئاخۇننىڭ ئۆيى شۇ باغنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇلار تار كوچىغا قايرىلغاندا قولىدا كىتاپ كۆتەرگەن ئېگىز بويلۇق قىز بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۇزۇن گۈللۈك كۆينەك، كۆك دىلۇندىن شىم، ئارا پاشنىلىق تۇپلىي كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاقراق يۈزى، يوغان كۆزلىرى يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى.

— شېرىنگۈل، ياخشىمۇسەن؟ — دەپ سورىدى سۈك جەنىمىڭ قىزدىن، — گايىت دويجاڭ بارمۇ؟

— بار، — دېدى قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ۋە كەينىگە ياندى.

— بولدى، سەن يولۇڭغا بارىۋەر، — دېدى سۈك جەنىمىڭ قولىنى شىلتىپ، — نەگە ماڭغان ئىدىڭ؟

— مەدىنىيەت ئۆيىگە.

— يەنە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوخشىماسىلەر؟ — دېدى سۈك جەنىمىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتاپقا كۆز تاشلاپ.

— هەئە...

شېرىنگۈل خىجالەت ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى - دە، كوچا بويلاپ كەتتى.

— ناهايىتى زېرەك قىز، — دېدى سۈك جەنىمىڭ ئۇنى ئابلىزغا تونۇشتۇرۇپ، — ئۆتكەن قىشتا ياشلارنى يىغىپ تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپتۇ. بىر كۈنى مېنى دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئىككى ئاي شۇلارغا دەرس ئۆتتۈم. لېكىن بۇ ئىشنى مەيدان رەهبەرلىكى ئانچىۋالا قوللىمايۋاتىدۇ.

«بۇلارغا چوقۇم مەدەت بېرىش كېرەك، ئەتىلا شېرىنگۈل بىلەن بۇ هەقتە سۆزلىشىمەن...» ئابلىز شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— سايىم چاڭجاڭنىڭ ئوغلى ئادىلنى بىلىسەنغۇ، ئۇ مۇشۇ شېرىنگۈل بىلەن توي - لاشماقچى بولۇپ، داستىخان تاشلاپ قويۇپتۇ - دى، يېقىندا تويى بولارمىكىن. مانا گايىت دويجاڭنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلدۇق.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە گايىت ئاخۇن كاڭنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ رادىيو ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۆينى كىچىك لامپۇچكا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. گايىت ئاخۇن ئىككى ئادەمنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورا كۆز، ئۆسكىلەڭ قاشلىق، تەمبەل ئادەم ئىدى.

— هە، شىياۋ سۈكمۇسەن؟ كەل - كەل! — گايىت ئاخۇن ئورنىدىن قوپتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەمگە تىكىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گايىت ئاكا! — دېدى ئابلىز ئۇنىڭغا قاراپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، —

دېدى گايىت ئاخۇن ۋە بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — ۋۇي، ئابلىزاخۇنغۇ بۇ؟ تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن. سالامەت تۇرۇۋاتامىلا، ئۇكام؟

— ئابلىزنى بىزگە چاڭجاڭ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، — دېدى سۇڭ جەنمىڭ يېڭى خەۋەرنى مەلۇم قىلىپ.

گايىت ئاخۇننىڭ قاشلىرى كۆتىرىلىپ، كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى:

— نېمە، نېمە؟ چاڭجاڭ دەمسىنا؟ بەلەن گەپقۇ بۇ... ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ، دېگەندەك ئاخىرى يەنە قوشباغنىڭ رىسقى سۆرەپ كەپتۇ-دە. ياخشى، ياخشى.

گايىت ئاخۇن نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئاڭغىچە ئۆيگە ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، كېسەل چىراي ئايال — خەلچىخان كىردى.

— خۇتۇن، گۆش-پۆش بولسا، دەرھال تاماق قىلىڭلار! يېڭى چاڭجاڭنىڭ گېپىنى بالدۇرراق ياغلىغاچ تۇرايلى، — دېدى گايىت ئاخۇن ئابلىزغا كۆز قىسىپ قويۇپ.

ئابلىز بۇ ساددا، تۈز كۆڭۈل ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى. قوشباغلىقلارمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. گايىت ئاخۇن قوشباغنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولۇپ، ئۇ رەھمەتلىك سايىم ئاخۇن بىلەن بىللە بۇ باغۋەنچىلىك مەيدانىنى قۇرۇشتا نۇرغۇن تەر ئاققۇزغان ئىدى. ئەسلىدە بۇ مەيدان گۈلباغ گۇڭشېسىنىڭ بىر ئەترىتى بولۇپ، 1958-يىلى يۇقىرىدىن بۇ ئەترەتنى ئايرىپ باغۋەنچىلىك مەيدانى قىلىپ تەشكىللىدى. ئەترەت باشلىقى سايىم مەيداننىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى، گايىت بولسا، باغۋەنچىلىك ئەترىتىگە باشلىق بولدى. كېيىنچە مەيدان كېڭىيىپ نەچچە ئەترەتكە بۆلۈندى، گايىت ئاخۇن بولسا بىرىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋەردى. قوشباغدا سايىم ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ قولى تەگمىگەن كۆچەتلەر يوق دېسە بولىدۇ، قوشباغ ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىدا زورايدى. سايىم ئاخۇن ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى پىشقەدەملەردىن مۇشۇ ئادەم يالغۇز قالدى. شۇڭا بۇ شاپ بۇرۇت، مۇجەزى چۇس ئادەمنىڭ قوشباغدا ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقۇرى ئىدى.

داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلدى. خەلچىخان ئاچا بىر لېگەندە ساپ-سېرىق سارغايغان نەشپۈت ئەكىرىپ ئابلىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قوشباغنىڭ نەشپۈتىنى سېغىنىپ قالغانلا، قېنى، ئالسىلا.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئابلىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭلاشقا يەنە كەلدىم ئەمەسمۇ.

— شۇنداق قىلىپ قوشباغقا يەنە كېلىپ قالدۇق، دېسىلە، — گايىت ئاخۇن تاماكا يۆگىگەچ ئابلىزنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — بەلەن بوپتۇ، رەھمەتلىك سايىم ئاخۇن تۈگەپ كەتكەندىن بۇيان قوشباغنىڭ زادىلا چاڭجاڭدىن تەلىيى ئوڭ كەلمىگەن ئىدى. مانا مۇشۇ شياۋ سۇڭنى سىلىمۇ ئوبدان بىلىلا، قوشباغدا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تېخنىك يوق، لېكىن ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئامبارچى... ئادەم زاڭلىق قىلغاندەكلا بىر ئىشتە... شۇڭا كېتىمەن دەۋاتىدۇ، ئاڭلىسام، قەغىزىڭمۇ كەلگەنمىشقۇ؟

— ئەمدى بۇنى ھېچيەرگە ئەۋەتمەيمىز، گايىتكا، — دېدى ئابلىز.

— دېمىسىمۇ ئەمدى نەگە بارىسەن؟ مانا ئابلىزاخۇن كەلدى، ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ.

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى، گايىت ئاخۇن ئابلىزنى قونۇشقا تۇتۇپ قالدى. سۇڭ جەنمىڭ ئۆيىگە قايتىپ

كەتتى. يېتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا گايىت ئاخۇن تويۇقسىزلا ئابلىزنى چاقىردى:

— ئابلىز ئاخۇن.

ئايىغىنى سىلىۋاتقان ئابلىز ئۇنىڭغا قايرىلدى.

— بىر گەپ سورىسام خاپا بولالمۇ؟

— سورىسىلا، نىمىشقا خاپا بولۇمەن؟

— ... بۇ گەپقۇ كونا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، شۇنداق بولسىمۇ لىللا بىر ئېيتسىلا، سىلىنى سايىم چاۋجاڭغا زىيانكەشلىك قىلغان، دىگەن گەپ بار، راستمۇ؟

ئابلىز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ بۇنداق سوئالنى كۈتمىگەن ئىدى.

— بۇ تۆھمەت، گايىت ئاكا، ھامان بىر كۈنى ئايدىڭلىشىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنسىلە.

گايىت ئاخۇن ئابلىزغا تىكىلىپ بىر قاراپ قويدى.

— سورىمايدىغانمۇ گەپ ئىدى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، خوش، ئەمدى ئۇخلايلى.— ئۇ ئورنىغا كىرىپ يوتقاننى ياپتى.

ئابلىزمۇ ئورنىغا كىرىپ يوتقاننى پۇتىغا تاشلاپ ياتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىگە زادى ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇ، ئۆز زىمىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىغىنى سەزمەكتە ئىدى. قوشباغلىقلار ئۇنىڭدىن زور ئۈمىت كۈتمەكتە، «ئىشنى نىمىدىن باشلىشىم كېرەك؟» دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە ۋە بۇ سوئال ئۇنىڭ پۈتۈن ئارامىنى يوقىتاتتى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن ئابلىز گايىت ئاخۇن بىلەن بىللە باغلارنى كۆرگىلى ماڭدى. بىرىنچى ئەترەتنىڭ باغلىرى قوشباغدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسلىق باغلار ئىدى. ئۇلار ئەتراپى جىگدە بىلەن چىتلانغان باغنىڭ ئىچىگە كىردى.

— قانداق، تونۇۋاتامىلا؟— دىدى گايىت ئاخۇن ئابلىزنىڭ نەشپۈتلەرگە سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ،— يادىلىرىدا بارمۇ؟

مۇشۇ قاتارنىڭ كۆچىتىنى قويغاندا...

— ئەلۋەتتە يادىمدا بار. سىلى بىر نەشپۈت تىكەمدۇق، يا ئاق تېرەكمۇ، دەپ مەن بىلەن بىر كۈن ئۇرۇشمىدىلىمۇ؟

— ھەي، نادانلىق - تە،— گايىت ئاخۇن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ھازىر مەھسۇلات قانداقراق؟

— مىۋىسىغۇ يامان ئەمەس بولۇۋاتاتتى، ئىككى يىلدىن بېرى قۇرۇتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتىمىز.

— قايسى قۇرۇت چىقىراق؟

— گەزلىمىچى قۇرۇت بەك ئەدەپ كەتتى.

— ئابلىز ئىلگىرىمۇ بۇ قۇرۇتنىڭ ئاپىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىغىنى ئاڭلىغان ۋە بۇ ھەقتە بىرەر چارە ئىزدەپ بېقىشقا ئىزدەنگەن ئىدى، ئاڭغىچە مانا قوشباغقا يەنە يېنىپ چىقتى.

ئۇلار باغقا ئىچكىرىلەپ كىردى. شېرىنگۈل بىلەن بىللە ئىككى قىز شوتا ئۈستىگە چىقىپ، نەشپۈتنىڭ هارام شاخلىرىنى كەسمەكتە ئىدى.

— شېرىنگۈل!— دىدى گايىت ئاخۇن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىپ،— ئادەملىرىڭ قېنى؟

شېرىنگۈل ئابلىزنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— نىمە بولدىڭىز، كېلىشمەيدىغۇ؟ — دىدى ئۇ دادىسىغا قاراپ.

گايىت ئاخۇننىڭ قاپىغى تۈرۈلدى.

— بۇنداق ئىشلىسەڭلەر شاخنى قاچان چاتاپ بولۇسىلەر؟ ئوغۇتنى قاچان يۆتكەپ، دورىنى قاچان چاچىمىز؟— ئۇ تېرىككەن هالدا ۋاقىرىدى،— نىمە قاراپ تۇرۇسەن؟ ماڭ، ئادەملىرىڭنى چاقىر!

گايىت ئاخۇننىڭ ئۆسكىلەك بۇرۇتى

www.uygurkitap.com

تىترىگەكتە ئىدى. شېرىنگۈل دادىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ لام-جىم دېمىدى ۋە قىزارغان هالدا شوتىدىن چۈشۈپ ماڭدى. نېرىقى شوتىدا ئىشلەۋاتقان سېمىزگىنە بىر قىز غۇدۇردى:

— ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دەپ، هە دېسىلا شېرىنگۈلگە ۋاقىرايدىكەنلا، گايىتكا، — دېدى ئۇ ئۆنلۈك قىلىپ، — سىلىمۇ دۆيجاڭ بولغاندىن كېيىن ئەزالارغا ئوبدان گەپ قىلسىلا بولمامدۇ؟!

— هەممىگە مەن ماڭسام زوجاڭلار نېمە قىلىدۇ؟

— گېپىنى ئاڭلىمىسا ئۇمۇ قانداق قىلىدۇ؟

— گايىت ئاخۇن كەتمەن كۆتىرىپ باغقا كىرىۋاتقان سېرىق بۇرۇتلۇق، ۋىجىك ئادەمگە ۋاقىرىدى:

— هە، لېتىپ ئاخۇن، ئەمدى تاڭ ئاتتىمۇ؟

لېتىپ ئاخۇن هېچنېمە بولمىغاندەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ كەتمەننى يەرگە قويۇپ ۋە ئاۋال ئابلىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن گايىت ئاخۇنغا قولىنى سوزغان ئىدى، لېكىن ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ هۆرپەيدى:

— هازىر نىكەم بولدى، لېتىپ ئاخۇن؟

— هە، دۆيجاڭ، ئەمدى، — لېتىپ ئاخۇن كاماڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ هىجايدى.

— كەتمەننى نېمىگە كۆتىرىپ كەلدىڭلا؟ — دېدى گايىت ئاخۇن.

— ئاخشام كەتمەن ئەپچىقىڭلار دېگەندەك قىلىۋىدىڭىزغۇ؟

— لېتىپ ئاكا، — دۇغىلاق قىز گەپ قىستۇردى، — خۇپسەنلىك قىلمى-سىلا، ئاخشام شاخ كېسىمىز دېمىدىڭمۇ؟

— شۇنداق دېگەنمىدى؟ — لېتىپ ئاخۇن كەتمەننى دولىسىغا ئالدى، — ئۇنداق بولسا ئۆيگە بېرىپ قايچا ئەكەلسەم بولغىدەك.

— ئەستەغپۇرۇللا، — گايىت ئاخۇن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، — هوي، ئاداش! بولدى، بولدى، مەيەرگە كېلىڭلا!

گايىت ئاخۇن شوتىدا پىخىلداپ كۈلۈۋاتقان قىزغا قايرىلدى.

— هەي، تولا هىجايماي ماڭ! سەنمۇ بېرىپ گۈرۈپپىدىكى هەممەيلەننى مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ كەل! بۈگۈن بىر سۆزلىشىۋالايلى.

گايىت ئاخۇن ئاچچىقى بىلەن تۆش يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزى ئېلىپ، تاماكا ئورىشقا باشلىدى ۋە باياتىن گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان ئابلىزنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇ خەق بەك قاشاڭ بولىۋالدى، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ئازراق شىپقاپ قويمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. قانداق دېدىم، ئابلىز ئاخۇن؟

— مېنىڭچە، ئاۋال باغۋەنلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق بولارمىكىن، گايىت ئاكا، ئىشنىڭ بۇنداق سۇس بولۇشىنىڭمۇ سەۋەبى باردۇ؟

گايىت ئاخۇن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن بىردىن-ئىككىدىن كېلىۋاتقان باغۋەنلەرگە غەزەپ بىلەن هومىيىپ قاراپ تۇراتتى، ئاخىرىدا شېرىنگۈلمۇ پەيدا بولدى. ئۇ هېيىققان هالدا دادىسىغا قاراپ قويدى.

— ئادەملىرىڭ كېلىپ بولدىمۇ؟

— هەئە، كېلىپ بولدى.

— ئۇنداق بولسا باشلايمىزمۇ، ئابلىز ئاخۇن؟

— ماقۇل، — دېدى ئابلىز بېشىنى لىڭشىتىپ

— قېنى، كۆپچىلىك، سەل يېغىلىپ ئولتۇرۇڭلار، — گايىت ئاخۇن كۆپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى، — ئازراق پاراڭلىشۋالايلى، گېپىمىز يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا... سىلەرگە قايسى پەسىلدە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ ئولتۇرمىساقمۇ ئوبدان بىلىسىلەر، لېكىن هازىرقى ئىشىمىزغا قاراپ باقايلى، بىز مۇشۇنداق ئىشلىسەك كۈزلۈككە نەشپۈت ئەمەس، قۇرۇق غازاڭ يىغىمىز، غازاڭ... هازىر مانا ئۈچىنچى ئاي كىرەي دەپ قالدى. جىمىكى جېنى بارلا نەرسىلەر مىدىرلاپ ئالدىراۋاتىدۇ، سىلەر بولساڭلار چۈش بولغاندا ئىشقا كېلىۋاتىسىلەر، گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسۇل تۈزدە، دېگەن گەپ بار، بۈگۈن ئابلىز چاڭجاڭمۇ كەلدى. قېنى، گېپىڭلار بولسا تارتىنماي ئېيتىڭلار، قوساقتا غوم بولسىمۇ چىقىرىڭلار...

باغۋەنلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا، ئابلىزغا يەر ئاستىدىن قاراشقا باشلىدى، بىر هازاغىچە هېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

گايىت ئاخۇن تىتىلدىغان هالدا كۆپچىلىككە نەزەر سالدى ۋە بۇرۇتىنى ئويناپ ئولتۇرغان لېتىپ ئاخۇنغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

— هە، لېتىپ ئاخۇن، گەپ قىلمامسىلەر؟

لېتىپ ئاخۇن گايىت ئاخۇنغا قاراپ هېجىيىپ قويدى.

— بۈگۈن سەل كېچىكىپ قاپتىمەن دۈيجاڭ، ئەتىدىن باشلاپ خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆز ۋاقتىدا كېلەرمىز...

— هوي ئاداش، — گايىت ئاخۇن تېرىككەن هالدا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — قانداق ئىشلىسەك بولىدۇ؟ شۇنىڭ گېپىنى قىلىڭلار!

— زۇچاڭ نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلارمىز...

— ئەستەغپۇرۇللا، گەپنى تولا يورغىلاتماي ئاچچىق ئۈچەيلىرىڭلاردىكىنى دەپ بېقىڭلار، ئاداش!

لېتىپ ئاخۇن كۆزلىرىنى قىسىپ، گايىت ئاخۇن بىلەن ئابلىزغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— ماقۇل، بۈگۈن يېڭى چاڭجاڭىمىزمۇ كېلىپ قاپتۇ، خاتا بولسىمۇ دەپ باقاي، — لېتىپ ئاخۇن ئورنىدا مىدىرلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — راست گەپنى قىلساق، هازىر ئىشىمىز بەك كەينىدە قالدى، مۇشۇ پەيدىدە ئىشلىسەك كۈزلۈككە دەرۋەقە گايىتىم دېگەندەك غازاڭ يىغىمىز. لېكىن بىرگىمۇ نېمە ئامال بار؟ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلەۋاتىمىز، هەممىنى كۆرۈۋاتىمىز. پۈتۈن ياز بويى بېلىمىزنى مۈكچەيتىپ ئىشلىسەك، نەشپۈت پىشقاندا ئىگىسى كۆپىيىپ كېتىدىكەن، شۇڭا خەقنىڭ رايى يېنىپ كەتتى... ئاڭلىساق، هازىر گۇڭشېلاردا يەرنى هۆددىگە بېرىۋېتىپتۇ. بىزدىمۇ باغلارنى كۆتىرىدىگە بەرسە بولمامدۇ؟ ۋەزىپىمىز ئېنىق بولسۇن، هەممە نېمىسىگە ئۆزىمىز ئىگە بولايلى، شۇ چاغدا قانداق ئىشلىگىنىمىزنى كۆرۈپ باقمامسىلەر!...

گايىت ئاخۇن هودۇققان هالدا ئابلىزغا قاراپ قويدى. ئابلىز بولسا، خاتىرجەم قىياپەتتە باغۋەنلەرنىڭ كەيپىياتىغا نەزەر سالماقتا ئىدى.

هەممەيلەن خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەرەپ-تەرەپتىن چۇقىرىشىشقا باشلىدى.

— لېتىپ ئاخۇن توغرا دەيدۇ، بىز قوشۇلىمىز!

— مەركەزنىڭ سىياسىتى قوشباغدا نىمىش-

www.uyghurkitap.com

قا ئاقمايدۇ؟

— كۆتىرىگە بەرمىسە نوپۇسىمىزنى بەرسۇن!

گايىت ئاخۇن، خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ئابلىزغا قايرىلدى:

— ئابلىز ئاخۇن، قانداق قىلىمىز؟ سىلى بىر نىمە دىسىلە! — دىدى ئۇ.

ئابلىز ئورنىدىن تۇردى، تۇرقىدىن ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ باغۋەنلەرگە بىرمۇ-بىر كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆتتى.

— يولداشلار! — دىدى ئۇ ئاخىرى، — باياتىن مۇھىم تەكلىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. مېنىڭچە، بۇ مەركەزنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن. بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئوبدانراق كېڭىشىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزرەك يولغا قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

ئابلىز قىسقا سۆزلىدى، باغۋەنلەر بۇ يېڭى چاڭجاڭنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى ۋە بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى، گايىت ئاخۇن بولسا ھەيران بولغان ھالدا ئابلىزغا قاراپ-قاراپ قوياتتى. ئاخىرىدا گايىت ئاخۇن يىغىندىن نىمە دەپ خۇلاسە چىقىرىشنى بىلەلمەي تەمتىرىدى:

— باياتىن ئابلىز چاڭجاڭمۇ دىدى، بۇنى پارتكوم قارار قىلمىغان ئىش، مۇزاكىرە پىشمىغىچە ئاۋالقىدەك ئىشلەپ تۇرۇمىز. شۇڭا، مۇنداق بەك بوشاپ كەتمەيلى، قېنى، ئەمدى ئىشىمىزغا چۈشۈپ كېتەيلى.

يىغىندىن كېيىن ئابلىز مەيدان ئىشخانىسىغا بارماقچى بولدى. ئۇنى گايىت ئاخۇن باغنىڭ ئاغزىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

— سىلىگۇ دىدىلە، ئابلىز ئاخۇن! لېكىن ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟

— نىمىشقا؟

— ئۆتكەنكى بىر يىغىندا بۇ گەپنى باشقىلارمۇ قويۇپ باققان، لېكىن ئاقمىدى.

— بىرلىكتە ئاقتۇرۇشقا تىرىشىمىز، سىلىگۇ قوللايدىغانلا؟

— كۆرۈۋاتىلا، قېرىغاندا خەققە ۋاقىراپ يۈرۈش ماڭا ئاسانمۇ؟ ئەلۋەتتە قوللايمەن.

— رەھمەت، گايىت ئاكا، بىر-ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە بۇ مەسىلە توغرىلىق پارتكومدا سۆزلىشەرمىز.

ئابلىز ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان شېرىنگۈلنى چاقىردى:

— ئاڭلىسام، سىلەرنى كەچلىك كۇرس ئېچىۋاتىدۇ، دەيدۇ، راستمۇ؟

— ۋاي تاڭەي، ئابلىز ئاخۇن، بىر نىمە ئوقۇمدۇ ياكى قۇرۇق پاراڭ سېلىشامدۇ، ئۇقتىلى بولمايدۇ، — گايىت ئاخۇن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن جاۋاپ بەردى.

— دادام بىزنى زادىلا قوللىمايدۇ، ئابلىز ئاكا، — شېرىنگۈلمۇ بوش كەلمەدى، — ھەممىشەم زاڭلىق قىلىپ سوغۇق سۇ سېپىدۇ.

— پاھ، يېڭى چاڭجاڭنى كۆرۈپ ئەرز قىلىشقا ئۆتتۈڭمۇ ئەمدى؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، شېرىنگۈل، ئەمدى دادىڭىزمۇ قوللايدۇ. بىز ھەممىمىز قوللايمىز.

— دەرسىمۇ ئۆتۈپ بېرەرسىز، ھازىر ئەڭ مۇھىمى مۇئەللىمىمىز يوق.

— چاتاق يوق، سۈك جەنمىڭنىمۇ تەكلىپ قىلىمىز. سىز ياشلارنى تەشكىللەڭ.

— ماقۇل، — شېرىنگۈل دادىسىغا ئەكلگەن ھالدا تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويۇپ يۈگۈرگىنىچە باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئابلىز گايىت ئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ، چوڭ يولغا چىقتى. ئەتىگەندىن

www.uyghurkitap.com

بۇيان كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان ئىدى. باغۋەنلەر توغرا دەيدۇ، ھۆددىگە بېرىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنى ھەل قىلماي تۇرۇپ قوشباغدا ئۆزگىرىش ياساش مۇمكىن بولمىسا كېرەك.

ئابلىز قەدىمىنى تېزلەتتى.

## 4

ئابلىز مەيداننىڭ پىششىق خىشتىن نەقىش چىقىرىپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئىشخانا بىناسىغا كەلگەندە كۈن چۈشكە يېقىنلاشقان ئىدى. بىنا ئىچى جىمجىت، كۆپىنچە ئىشخانىلارغا قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى. پەقەت ئىشىكىگە «ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى» دەپ يېزىلغان ئىشخانىدىنلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ۋە كۈلكە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابلىز ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىردى. ئىشخانا خېلى چوڭ ئىدى. تۆت ئادەم ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى جۈپلەپ قويۇلغان ئۈستەلنى چۆرىدەپ قارت ئوينىماقتا ئىدى. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارتقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئابلىزغا قاراپمۇ قويۇشمىدى. بۆلۈمدىكى ئۈستەلدە بۇدرە چاچ بىر خەنزۇ قىز ئالدىغا كىتاب يېيىپ قويۇپ پۈپايكا توقۇماقتا ئىدى، ئۇ ئابلىزغا پەرۋاسىزغىنە بىر قاراپ قويدى-دە، يەنە ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

ئابلىز نېمە قىلارىنى بىلمەي، بىردەم قاراپ تۇردى-دە، كەينىگە ياندى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىككە قەدەم قويغان ئىدى، ئىشخانىغا جاپپار كىرىپ كەلدى.

— ھوي، ئا چاڭجاڭ، بار ئىكەنلا...— دېدى جاپپار قىزغىن كەيپىياتتا قولىنى سوزۇپ، — سىلىنى كەلدى دەپ ئاڭلاپ ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. چاڭجاڭ يۈتۈپ كەتتى دەپ ساقچىغا خەۋەر بەرگىلى تاسلا قالدۇق. ھا... ھا... ھا...

جاپپارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىشخانىدىكىلەر دەرھال قارتلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇدرە چاچ قىزمۇ پۈپايكىسىنى تارتمىنىڭ ئىچىگە ئالدىراپ تىقىپ، كىتابقا قارىغان بولۇپ ئولتۇردى.

ئابلىز جاپپار بىلەن كۆرۈشمىگىلى 7 - 8 يىل بولۇپ قالغان ئىدى. جاپپار خېلى ئۆزگەرگەن، قوساقى سېلىپ، سەمرىشكە باشلىغان ئىدى. جاپپارنىڭ بۇنداق قىزغىن مۇئامىلىسى ئابلىزنىڭ ئەندىشىسىنى تارقاتتى.

— سالام، جاپپار چاڭجاڭ، — دېدى ئابلىز ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي قول بېرىپ، — مەنمۇ سىزنى ئىزدىدىم. ھازىر تېخى بۇ يولداشلاردىن سوراي دەپ تۇرغان ئىدىم.

جاپپار ئەمدىلا ئىشخانىدىكىلەرنى كۆردى ۋە دەرھال قاپىقى تۈرۈلدى، يۈزىنىڭ گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— ئابلەت، نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ئۇ قارت ئويناۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان ئېگىز يىگىتكە ئالىيىپ، — بىكار قالغان ئوخشىمامسىلەر؟ چۈشتىن كېيىن ھەممىڭلار ئەترەتلەرگە بېرىڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ئابلەت ماقۇل دېگەندەك بېشىنى ئىگەتتى، قالغانلار يەرگە قارىغان ھالدا تىمىماق تاتىلىپ تۇراتتى.

جاپپار سۈرلۈك كەيپىياتتا ھەممىگە بىر قاراۋېتىپ، كېيىن ئابلىزغا بۇرۇلدى.

— يۈرسىلە، ئا چاڭجاڭ، ئىشخانىغا چىقايلى، — دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ.

جاپپار ئابلىزنى كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىدىكى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

جاپپارنىڭ ئىشخانىسى پەقەت يەرگە گىلەم سېلىنمىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ياسىن شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى، ئىشخانا كىرىسلولار بىلەن توشتۇرۇلغان ئىدى. ئابلىز رەمەتلىك سايىم ئاكىنىڭ ئىشخانىسىنى ئەسلىدى. ئۇ ئىشخانىدا سايىم ئاكىنىڭ كونىراپ سىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر ئۈستىلىدىن باشقا سىرتتىن كىرگەنلەر ئولتۇرۇدىغان يۆلەنچۈكسى يوق ئۇزۇن بىر ئاق ئورۇندۇق بار ئىدى. جاپپار بولسا ھەشەمەتلىك بىنالارنى سالغۇزۇپ، ئىشخانىسىنى كىرىسلولار بىلەن تولدۇرۇپتۇ، بىراق باغلارنىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق...

— قېنى، يۇقۇرى ئۆتسىلە، — جاپپار ئابلىزغا تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى ۋە ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر قاپ ئالى تاماكا ئېلىپ ئۇزاتتى، — ئا چاكجاك، چېكىپ قويسىلا. سىلىنى يېرىلدا ھادىسىگە ئۇچراپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ھېچگەپ يوق. ئۆزەمنىڭ دىققەتسىزلىگىمدىن...— ئابلىز سەل ئوڭايسىزلاندى.

— تازا كېلىشمىگەن ئىش بولۇپتۇ - دە، مەنغۇ ئادىلنى قەستەن شۇنداق قىلدىمىكىن دەيمەن، ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ، سىلى ئۇققىمايلا، ئۇ قىپ - قىزىل بىر لۈكچەك بولىدى دىسىلە. ئۇ پۈتۈن مەيداندىكى ياش باللارنى يولدىن چىقىرىپ بولاي دىدى...

— شۇنداقمۇ؟ — ئابلىز ئەجەپلەندى، — كىچىگىدە تولىمۇ ئوماق بالا ئىدى.

— ھەي... ھازىر پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تەتۈرى، مەنغۇ تەربىيە بېرىپ ھاردىم، ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدىغان ئوخشايدۇ.

جاپپار تېرمۇستىن قايناقسۇ قۇيۇپ ئابلىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمدى بەك بەلەن بولدى، — دىدى ئۇ ئابلىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باغۋەنچىلىكتىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق ئادەملەرنى چاكچاك قىلىپ ئەۋەتىپ، بىزنى ساراڭ قىلىپ قوياي دىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارتكوم شۇجىمىز بىر كېسەل قېرى. يىلنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزىدۇ، شۇڭا ھەممە ئىش يالغۇز ماڭا ئارتىلىپ قالغان ئىدى، سىلىنى كەلدى دەپ ئاڭلاپ قالتىس خۇش بولدۇم، جۇمۇسلا.

— مېنىڭغۇ رەھبەرلىك خىزمىتىدىن قىلچە ساۋادىم يوق، سىلە بولغاندىكىن بىرلىكتە ئىشلەپ كېتەرمىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دىدى جاپپار ئالدىراپ ئىپادە بىلدۇرۇپ، — ئاۋال بىر نەچچە كۈن دەم ئالسىلا، ئاندىن ئەھۋالنى تونۇشتۇرساق قانداق؟

— دەم ئېلىشنى كېيىنگە قالدۇرايلى، — ئابلىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — سىلىمۇ بىلىلا، ھازىر باغۋەنچىلىكنىڭ ئالدىراش ۋاقتى، چىڭ تۇتمىساق كېيىن ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچساقمىكىن دىگەن ئويۇم بار، سىلى قانداق قارايلا؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، — جاپپار دەرھال قوۋۋەتلىدى، — بۇ ئەترەت كادىرلىرىنى پات - پات زىخلاپ تۇرمىسا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدۇ. قاچانراق ئاچساق بولار؟

— ئەته چۈشتىن ئاۋال ئاچايلىمۇ؟

— ماقۇل. مەن چۈشتىن كېيىن ئۇقتۇرۇش قىلغۇزۇۋېتەي. سىلىگە ئوتتۇرىدىكى ئىشخانىنى راسلىتىپ قويدۇم، ئۆينى قاچانراق كۆچۈرۈپ كېلىلا؟

— ماڭا ئۆينىڭ كېرىگى يوق، ئىشخانىدا ياتساملا بولىدۇ.

جاپپار تېڭىرقىغان ھالدا قاشلىرىنى سۈزدى.

— بۇ گەپچە، تېخى ئۆيلەنمىگەن ئوخشىمامىلا؟

— ھەئە...

— مۇنداق دىسىلە... ئاشخانىنىڭ تا-

مىغى ناچار، قىيىنىلىپ قالالىمىكىن؟ چۈشتە بىزنىڭكىگە بېرىپ تاماق يەپ كەلسىلە.

— رەھمەت، كېيىنچە بارارمەن،— ئابلىز ئورنىدىن تۇردى.

جاپپار ئابلىزنى ئۆيىگە بېرىشقا خېلى قاتتىق تۇتتى، ئابلىز ھازىرچە بېرىشنى ئەپ كۆرمەي ئۆزرە ئېيتتى. ئۇنىڭغا جاپپارنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتى غەلىتە تەسىر قالدۇردى، ئۇ جاپپارنى بۇنداق قىزغىن بولار دەپ ئويلىمىغان ئىدى. بەلكىم بۇ يالغان، ياسالما ئىشلاردۇر، ئۇ ئابلىزنى كولدۇرلىتىۋاتامدىكىن؟

ئابلىز شۇ خىياللار بىلەن ئاشخانىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ تاماق يەيدىغان زالدا سۇك جەنمىڭنى ئۇچراتتى.

— شياۋ ۋاڭ سېنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىمۇ نېمە؟ — دېدى ئابلىز ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— شياۋ ۋاڭ شەھەرگە كەتكەن ئىدى، يالغۇز ئۆزەمگە تاماق ئېتىش خوشياقمىدى،— دېدى سۇك جەنمىڭ چۈشەندۇرۇپ، — ھە، جاپپار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

—كۆرۈشتۇم، ئوبدان پاراڭلاشتۇق.

— شۇنداقمۇ؟ — سۇك جەنمىڭ مىيىقىدا كۈلدى، — ئالدىرىما، تېخى كۆرۈسەن...

شۇ چاغدا يۈزى ياغلاپ قويغاندەك پاقىراپ تۇرىدىغان، بۇرۇتلۇق چوقۇر ئاشپەز ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئا چاڭجاڭ، ئىچكىرىگە كىرەملا؟— دېدى ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىنى شەرەت قىلىپ.

ئابلىز ئاشپەزگە ئەجەپلىنىپ قارىدى.

— ئەمەلدارلارنىڭ تاماقخانىسى ئايرىم، — دېدى سۇك جەنمىڭ ئابلىزغا چۈشەندۇرۇپ، — ماڭ، بارغىن.

—شۇنداق گەپمۇ؟ — ئابلىز چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىدى، — ماۋۇ كىشىگە گېپىم بار ئىدى، مۇشۇ يەرگىلا ئەپچىقىپ بەرمەملا؟

ئاشپەز بىر پەس نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇردى ۋە ئاستا ئىچكىرى كىرىپ كېتىپ پەتنۇستا تاماق ئېلىپ چىقتى. ئابلىزنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە مايدا قورۇلغان گۆش، بىر تەخسە تۇخۇم، بىر تەخسە قازان كاۋىپى تىزىلدى. ئابلىز ئالدىدىكى تەخسىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ھەيران بولدى.

— ئۇستام، — دېدى ئۇ ئاشپەزگە تىكىلىپ، — بۇنىڭ ھەممىسىنى مەن يەيدىمەنمۇ؟

— يېسىلە، چاڭجاڭ، بۇنىڭدىن ياخشىراق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، — ئاشپەز ئۇنىڭغا خوشامەت بىلەن ھىجايدى.

— بۇنداق باقسىلا مۇئاشىمىنىڭ ھەممىسى تاماققىلا كېتىپ قالماسمۇ باشقىلار نىمە يېسە ماڭىمۇ شۇنى بەرسىلە ئۇستام.

— غەم قىلماي يەۋەرسىلە، بىلەتنىڭ كارى چاغلىق...

— شۇنداقمۇ؟ — ئابلىز كۈلۈۋەتتى، — ئۇستام، بۇ كىمنىڭ غەمخورلىقى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، مەن بىر ئۇقۇپ قالاي...

ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قىزىقىسىنغان ھالدا قاراپ تۇرماقتا، ئاشپەز نىمە دېيىشنى بىلمەي ھە دەپ كۈلۈمسىرەيتتى.

— ئەمدى چاڭجاڭ... مېنى خىجىل قىلىمىسىلا...

— ماڭا قارىسىلا، ئۇستام، — ئابلىزنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — بۇنىدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار زادى تەكرارلىنىدىغان بولمىسۇن. مەن قوشباغقا مېھمان ئەمەس، ئەكسىچە مۇشۇ يەرنىڭ خىزمەتچىسى. يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ماۋۇ يولداشلار نىمە يېسە ماڭىمۇ شۇنى بېرىلا، ئۇقتىلىمۇ؟! — ئابلىز ئالدىدىكى تەخسىلەرگە قاراپ قويۇپ قوشۇپ قويدى، — ماۋۇلارنى سۇك جەنمىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىككىمىز يەۋېتەيلى، قانداق دەيسەن، شياۋ سۇڭ؟ — ئابلىز يانچۇقىدىن بىلەت ئېلىپ ئاشپەزگە سۇندى.

ئاشپەز بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ دۇدۇقلىدى.

—بۇ... بۇ قانداق بولغىنى، چاڭجاڭ؟

—شۇنداق بولدى، مېنى يىقىتتىلا، — ئابلىز خۇشخۇي كۈلۈمسىرىدى ۋە سۇڭ جەنمىڭغا مۇراجەت قىلدى، — قېنى، شياۋ سۇڭ، سەي بىرگە ئۆتتى، بۈگۈن مەن سېنى مېھمان قىلىدىغان بولدۇم-دە، ئالە!

—بۇمۇ ماڭا كەلگەن ئامەت، بىلگەندەكلا بۈگۈن كەلگىنىنى كۆرمەمسەن؟

ئۇلار كۈلۈشكەنچە چوكىلارنى قولىغا ئالدى، ئاشپەز غۇدۇڭشىغىنىچە ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئابلىز ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدىن قوشباغنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئومۇمى ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئېلىپ تونۇشۇپ چىقتى. شۇ يىللار ئىچىدە بىرمۇ يېڭى باغ يېتىشتۈرۈلمەپتۇ. كونا باغلار بولسا يىلدىن-يىلغا قۇرۇپ مەھسۇلات كېمەيگەن، ئىككى يىلدىن بۇيان ھاشارەت ئاپىتى 40 پىرسەنتكە يەتكەن ئىدى.

ئابلىز ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن يۈكنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. قوشباغنى بۇ ھالەتتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش كېرەك؟ ئىشنى نېمىدىن باشلاش كېرەك؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، قابىلىيىتى يېتەرمۇ؟ ئۇ، مانا شۇلارنى ئويلىغاندا، ئۆزىنىڭ ياسىن شۇجى ئالدىدا ماقۇل دېگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى.

ئابلىز كەچكىچە ئىشخانىدا بولدى، كەچكى تاماقنى يېگەندىن كېيىن، شېرىنگۈلگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە بىرىنچى ئەترەتكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كەلگەندە چاققانىغىنا مەجلىسخانىغا 20 گە يېقىن قىز-يىگىتلەر يىغىلىشقان ئىدى، شېرىنگۈل ئۇلارغا نېمىدۇر سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئابلىزنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

ئابلىز ياشلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، شېرىنگۈل ئابلىزغا ئۇلارنى بىرمۇ-بىر تونۇشتۇردى.

ئابلىز ئۇلارنىڭ بۇندىن بۇرۇن قانداق ئۆگىنىش قىلىشقانلىقىنى، قانداق كىتابلارنى ئۆگەنگەنلىكىنى سورىدى.

— باشلىقىمىزمۇ، مۇئەللىمىمىزمۇ شېرىنگۈل، — دېدى ئابلىز ئەتىگەن باغدا كۆرگەن مەلىكەم دېگەن قىز، — ئۇ نېمىنى ئوقۇپ بەرسە، ئاڭلاۋەردۇق.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى،

—ئەمدى ئوقۇغۇدەك كىتابىمۇ قالمىدى،

—ھاشارەتچىلىكنى ئۆگەنسەك بولاتتى.

—لاۋ سۇڭ مۇئەللىمۇ كېلەر؟

ئۇلارنىڭ جۇشقۇنلىقىنى كۆرۈپ ئابلىزنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى. ئابلىز ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا بەكمۇ تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار يېتىلىپ چىقسا قوشباغ ئۈچۈن زور كۈچ قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىشى ئەلۋەتتە قىيىنغا توختىمايتتى.

—سىلەرنىڭ قىزغىنلىقىڭلار ياخشىكەن، باللار، — ئابلىز ئۇلارغا مەدەت بەردى، — بۇ ئىشىڭلارنى قەتئىي قوللايمەن، ھەممىڭلارغا مەلۇم، باغۋەنچىلىك ئىلمىي ئىش. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىنچىكە قانۇنىيەتلىرى بار، بۇلارنى بىلمەي، ئىگىلىمەي تۇرۇپ ياخشى باغۋەن بولغىلى بولمايدۇ. مەن ھاشارەتچىلىكنى ئۆگەنگەن، بۇ جەھەتتە بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرىمەن، يەنە سۇڭ جەنمىڭ بار، ئۇ مېۋە

كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكى، بۇندىن باشقا بىر سىرتتىندۇ مۇئەللىم تەكلىپ قىلساق بولىدۇ، مېنىڭچە، بىز بۇ كۇرسنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىشىمىز كېرەك. ھەممىدە قوشباغلىقلار باغۋەنچىلىكنىڭ ئادەتتىكى ئىلمىي مەشغۇلاتىنى ئىگەللىشى لازىم، بولمىسا ئۇ قانداق باغۋەن بولىدۇ؟

ئابلىز ياشلار بىلەن خېلى ئۇزاقىچە پاراڭلاشتى. ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇتۇش پىلانى، دەرس مەزمۇنى، ۋاقىت... قاتارلىق نەرسىلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئەتىدىن باشلاپ رەسمىي دەرس ئۆتۈلىدىغان بولۇپ كېلىشىپ تارقاشتى. ئابلىز يولدا كېلىۋېتىپ شېرىنگۈلگە تاپىلىدى:

—گايىت ئاكامغا دەپ قويۇڭ، ئەتە ئىشخانىدا مەجلىس بار، كەلسۇن.

—ماقۇل.

×

ئابلىز مەجلىسخانىغا كىرگەندە تېخى ھېچكىم كەلمىگەن ئىدى. ئۇ مەجلىسخانىغا سەپ سالدى، تاملار پۈتۈنلەي لەۋھە، بايراقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوشباغنىڭ ياردىمى، ئوبدان كۈتۈۋالغىنىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تەقدىم قىلىنغان ئىدى. ئابلىز ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويدى، چۈنكى بۇ مەجلىسخانىدا كىرگەن ھەر قانداق ئادەم قوشباغنى ناھايىتى باي، ئىلغار ئورۇنكەن دەپ ئىشىنىشىدە شەك يوق ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئەترەت باشلىقلىرىمۇ كېلىشكە باشلىدى. ئابلىز ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوبدان تونۇيتتى، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۇرۇق - تۇققاندەك قىزغىن كۆرۈشتى. ئەترەتنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىلىق پاراڭلاشتى.

جاپپار بىر تۇتام ماتېرىيالنى كۆتەرگەن ھالدا مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ ئابلىزنى كۆرمىدى بولغاي، ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ماتېرىياللارنى بىرمۇ - بىر ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ئابلىزنى كۆردى - دە، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

—يىغىننى باشلايلىمۇ، ئا چاڭجاڭ، ھەممەيلەن كېلىپ بولغاندەك تۇرىدۇ؟

—مەيلى، — دېدى ئابلىز ئۈستەل تەرەپكە ئۆتۈپ، — يىغىننى سىلى باشقۇرسىلا.

جاپپار ئۆز جايىغا كېلىپ قولى بىلەن ئۈستەلنى تاقىلداتتى:

—دىققەت قىلىڭلار، ھازىر يىغىننى باشلايمىز، — جاپپار ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى نىمشقىدۇر ۋاراقلاپ قويدى، — يېقىندىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش بولغاچقا، يىغىنمۇ ئاچالمىدۇق، ئاڭلىشىمىزچە، ئەترەتلەر بەك بەل قويۇۋېتىپتۇ. بۇنداق قىلساق بۇ يىلقى مىڭ توننا ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلايمىز؟ يولداشلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان تونۇشى كېرەك، بىز دىگەن پارتىيىنىڭ كادىرى، ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيە ئەزاسى، ئەگەر بىز بەل قويۇۋەتسەك، باغۋەن ئەزالار نىمە قىلمايدۇ؟

جاپپارنىڭ رەڭگى سۇرلۈك تۈس ئالدى. ئاۋازى بارغانسېرى كۆتىرىلدى. زالنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. كۆپچىلىك جاپپارنىڭ بۇنداق «ساقال قىرىشى» غا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بەزىلەر چاپىنىنىڭ ياقىسىغا بېشىنى تىقىپ ئۇخلاۋاتاتتى، بەزىلەر ئاچچىق تاماكىنى بولۇشىغا چېكىپ، ئۆزئارا پىچىرلاشماقتا ئىدى.

جاپپار خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ، ئاخىرىدا گېپىنى خۇلاسىلىدى:

—بۇگۈن مەن شۇنچىلىكلا دەپ قوياي، ھازىر ئا چاڭجاڭنىڭ قانداق پىكرى

بار، ئاڭلاپ باقايلى.

مەجلىسخانا ئىچى جىددىيلەشتى. ئۇخلاۋاتقانلار بېشىنى كۆتىرىشتى، گەپ قىلىشىۋاتقانلار گېپىنى توختاتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى يېڭى باشلىققا سىناش نەزىرىدە تىكىلدى.

ئابلىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۆپچىلىككە نەزەر سالدى.

— مېنىڭچە، ئاۋال كۆپچىلىك سۆزلەپ باقسۇن، — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، سىلەر مەسىلىلەرنى بىردىن ئوبدان بىلىسىلەر... قانداق قىلغاندا، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىغىنى قوزغاپ، قوشباغنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولۇدۇ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا نىمىنى ئويلاۋاتقان بولساڭلار دادىل ئوتتۇرىغا قويۇڭلار. شۇنداق قىلايلىمۇ، جاپپار چاڭجاڭ؟

جاپپار ئالدىدىكى ھۆججەتلەردىن بېشىنى كۆتەردى:

— ھەئە، توغرا، ھەممىڭلار پوزىتسىيە بىلدۈرۈڭلار. — دىدى ئۇ بۇيرۇق قىلغاندەك.

كۆپچىلىك بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىشقا باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دىدى گايىت ئاخۇن، — ھازىر قۇرۇق گەپ ھېچكىمنىڭ قۇلىغىغا خوشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ھىلىمۇ يىگىرمە يىلدىن بۇيان بىچارە ئەزالارنى زىخلاپ كەلدۇق. ئەمدى يېتەر... ئەگەر قوشباغنى ئوڭشايمىز دىسەك، مەركەزنىڭ دىگىنى بويىچە باغنى شەخسلەرگە كۆتىرە بېرەيلى، باغۋەنلەرنىڭمۇ تەلىۋى شۇ.

گايىت ئاخۇننىڭ پىكرى مەجلىسنى جانلاندۇرۇۋەتتى، كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن چۇۋۇلداشتى:

— گايىت دۈيجاڭنىڭ دىگىنى توغرا، زادى ...

— باشقا ئورۇنلار كۆتىرە ئېلىپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى.

— ھۆددىگە بېرىۋەتسە كېلىدىغان مېھمانلار نىمە يەيدۇ؟

— شۇنى دەڭلا، ئۇ چاغدا سوغا سالام بىلەن يۈز تاپىدىغان ئىشتىمۇ دەسمايە قالمايدۇ - دە.

جاپپار گەپنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىغىنى پەملەپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆپچىلىكنى تەرتىپكە چاقىرغاندىن كېيىن:

— قېنى، كۆپچىلىك، ئەمدى ئاچاڭجاڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق، — دەپ تەكلىپ بەردى.

مەجلىسخانا ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى، كۆپچىلىك ھولۇققان، سىناق نەزىرىدە ئابلىزغا قاراپ - قاراپ قوياتتى، ئۇلار يېڭى باشلىقنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىغىنى بىلىشنى خالايتتى. لېكىن ئابلىز يەنىلا سۆزلەشكە ئالدىرىماي جاپپارغا بۇرۇلدى.

— جاپپار چاڭجاڭ، — دىدى ئۇ سىلىق تەلەپپۇزدا، — كۆتىرە بېرىش مەسىلىسىگە قارىتا سىلىنىڭ قانداق پىكىرلىرى بار؟

جاپپار قولىدىكى تاماكىنى كۈلدانغا پاتۇرۇپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا جاۋاپ بەردى:

— كۆتىرە بېرىش ھەققىدە بىز ئۆتكەن يىلى پارتكومدا مۇزاكىرە قىلىپ، قوشباغنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارار قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسىمۇ يوق. شۇڭا، بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تالاش تارتىشنى توختاتساق.

— مەركەزنىڭ يولىيورۇقى ھىساپ ئەمەسمۇ؟ — گايىت ئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— مەركەزنىڭ يولىيورۇقى پۈتۈن مەملىكەتكە قارىتىلغان، قوشباغنىڭ كونكرېت



ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ - دە، — دېدى جاپپار قوللىرىنى شىلتىپ.

— گەپنىڭ تۈگۈنى نىمىدە ئىكەنلىگىنى بىلەمسىلەر، تۇققانلار؟ — دېدى گايىت ئاخۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بۇنى مەن ئېيتىپ بېرەي: بۇلار باغلارنى كۆتىرىگە بېرىۋەتسەك خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلالماي قالىمىز، دەپ ئەنسىرەيدۇ.

— گايىت دۈيجاڭ، تۆھمەت قىلمايلى — دېدى جاپپار جىددىيلىشىپ.

— جاپپار ئاخۇن، قارىسىغىلا سۆزلەۋاتقىنىمىز يوق قىلغان گېپىمىزگە ئىگە بىز!

— پاكىت بولۇش كېرەك، پاكىت! — جاپپار ئۈستەلنى مۇشتلىدى.

— پاكىت دەمسىلا؟ ماقۇل، — گايىت دۈيجاڭ تۆش يانچۇغىدىن بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى، — مانا بۇ ھۆججەتلەرنى سىلى تەستىقلىغانىدۇ دەيمەن، بىزنىڭ دۈيدىن ئۈچ توننا نەشپۈت ئىلاشا ئامىنغا كەتتى، قېنى، بۇنىڭ پۇلى؟ باشقا دۈيلەرنىڭ ئامبىرىدىن ماشىنا - ماشىنىلاپ يوقاپ كېتىۋاتقان نەشپۈتلەر نەگە كەتتى؟

جاپپارنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى. ئەگەر بۇ يەردە ئابلىز بولمىغان بولسا، بۇ قېرىنىڭ تازا ئەدىۋىنى بەرگەن بولاتتى.

— ھەممىسىنىڭ ئىزى بار، — دېدى ئۇ تىترىگەن ھالدا.

ئابلىز ئورنىدىن مىدىرلىدى، ئۇ ئەمدى ئۆزى پوزىتسىيە بىلدۈرمەسە بولمايدىغانلىغىنى چۈشەندى، بولمىسا بۇنداق تالاش - تارتىش كەچكىچە تۈگىمەيتتى.

— يولداشلار! — دېدى ئۇ ئاخىرى كۆپچىلىككە قاراپ، — كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ئاساسەن ئايدىڭلىشىپ بولغاندەك تۇرىدۇ، ئەمدى مەن ئىككى ئېغىز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي ... بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم گەپلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. دىمەك، ھەممەيلەن قوشباغنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمىز. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، ھەممىڭلارغا مەلۇم، پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىگىدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى، يېزىلارنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتى تېزلىك بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى ... ئەپسۇسكى، قوشباغ بارغانسېرى نامراتلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقىدىغان ۋاقىت كەلدى. مېنىڭ پىكرىمچە، بىر يەنىلا ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە كونا، قاتمال ئۇسۇلدىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز، يەنىلا ئاقمايدىغان مەجبۇرلاش ئۇسۇلىغا تايىنىۋاتىمىز. مەن تۈنۈگۈن باغۋەنلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ باقتىم، ئۇلارمۇ مەسئۇلىيەت

تۆزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلماقتا، بۇ
مەسىلە ھەققىدە مەركەزنىڭ ئېنىق يوليورۇ-
قى بار. شۇڭا، كۆتىرە بېرىشنى دەرھال
ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارى-
شىپ قويدى، جاپپار بىر قىزىرىپ، بىر تا-
تارغان ھالدا ئابلىزغا قاردى.

ــ ئا چاڭجاڭ، مەن بۇنىڭغا قوشۇلال-
مايمەن، ئاقىۋەتكە سىلى مەسئۇل بولسىلا
مەيلى...ــ دىدى ئۇ قىيىدىغان تەلەپپۇزدا.

ــ ئەلۋەتتە مەسئۇل بولىمەن، خاتىر-
جەم بولسىلا، ــ ئابلىز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا
جاۋاپ بەردى.

يىغىندا كۆتىرە بېرىشنىڭ ئۇسۇلى،
شەرتلىرى قاتارلىق ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنىپ،
ئورتاق ئۈلچەم بېكىتىلدى. جاپپار غىپپىدە
يىغىندىن چىقىپ كەتتى ۋە قايتىپ كىرمىدى.
يىغىندىكىلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھىچ-
كىم ئۇنىڭ ئىزدەك ـ سورىغىنى قىلمىدى.

چۈشكە يېقىن مەجلىس ئاخىرلاشتى.
كۆپچىلىك قوشباغنىڭ تارىخىدىكى بۇ يېڭى-
لىقنى ئېلىپ ئەترەتلەرگە تارقاشتى. ھەممە-
نىڭ كەينىدە ئابلىز بىلەن گايىت ئاخۇن
بىللە چىقتى.

ــ ئابلىز ئاخۇن! ــ دىدى ئۇ ھاياجان-
لانغان ھالدا، ــ بۈگۈن ئوغۇل بالىدەك گەپ
قىلدىلا، ھەممىمىز رازى بولدى، لېكىن
ھەر ھالدا ھوشيار بولسىلا ...

ئابلىز گايىت ئاخۇنىنىڭ نىمە دىمەكچى
بولغانلىغىنى چۈشەندى. توغرا، ھوشيار بو-
لۇش كېرەك. جاپپارنىڭ تاتارغان قانسىز
چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى ۋە كۆڭ-
لى غەش بولدى. چۈنكى بۈگۈن بىسمىللا
دىمەي پىكىردە ئىختىلاپ تۇغۇلدى، بۇندىن
كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟ نىملا
بولمىسۇن ئابلىز باسقان قەدىمىدىن يانمايدۇ.

(داۋامى بار)

---

(بېشى 29 ـ بەتتە)

بەرگىن. ياخشى ئۆگىنىڭلار، ئەقىللىق بولۇڭ-
لار ... ــ دىدى.

بوۋاي سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ بالىلار
بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ئېشىگىگە مىنىپ، ئۆز
يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ ئارىدا ئېتىزدىن يانغان كىشىلەر
قوتلۇق ۋە باشقا بالىلارنىڭ ئاغزىدىن بولۇپ
ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ھەيران
بولۇشتى. ئارىدىن بىرسى:

ــ ھەي، سىلەر بۇ يولۇچىنى كىم دەپ
ئويلايسىلەر؟ مۇنداق ئاجايىپ ئىشلار نەسى-
رىدىن ئەپەندىدىن باشقا كىشىنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ، جۈمۇ! ــ دىدى. توپلىشىپ تۇر-
غانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

ــ راست، بۇ چوقۇم نەسىرىدىن ئەپەن-
دىنىڭ ئىشى، مەھەللىمىزگە نەسىرىدىن
ئەپەندى كەپتۇ! ــ دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى.

ــ نەسىرىدىن ئەپەندى؟! ...

بۇ سۆيۈملۈك نامنى ئاڭلىغان بالىلار
قىن ـ قىنىغا پاتماستىن ۋاقىراپ، سەكرىشىپ
تەنتەنە قىلدى ۋە نامى ئېغىزدىن چۈشمەي-
دىغان شۆھرەتلىك كىشىنى يەنە بىر قېتىم
كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا، يولۇچى ھازىرلا
يۈرۈپ كەتكەن يول بىلەن جىنىنىڭ بېرىچە
يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# شېئىرلار

كامىل رەھىم

## ۋىجدان ھەققىدە

ۋىجداننى تەرىپلەپ بەزىلەر گاھى
يالتىراپ نۇر چاچقان ئالتۇن دەر ئىكەن.
ۋىجداننىڭ خىسلىتى، قىممىتىنى ھەم
ئالتۇنغا تەڭ قىلىپ ماختىشار ئىكەن.

مىسالى قەلبىڭدە ۋىجداندىن ئەسەر
بولمىسا تاپارسەن ۋىجداننى نەدىن؟
ئالتۇننى خەج قىلىپ ئالەم ئاختۇرۇپ،
ئالارسەن ۋىجداننى قايسى بىر ئەردىن؟!

مەن دەيمەن، ئالتۇن ئۇ ھىسسىز
بىر مېتال،
ھىچقاچان بولماس تەڭ ئالتۇن ۋىجدانغا.
تېپىلماس ۋىجداننىڭ تەڭتۇشى بۇندا،
بىباھا خىسلەتتۇر ۋىجدان ئىنسانغا.

ئالتۇننىڭ پاقىراق، داتلاشماسلىغى،
قەدىردۇر دېگىنىمدەك ۋىجدان ئالدىدا.
ئالتۇنسىز ھاياتمۇ ئۆتەر بەختلىك،
ۋىجدانسىز كىم كۆلەر ھايات يولىدا؟

## ئاچقۇچ خىسلىتى

ئاچقۇچسىز ئېچىلار قۇلۇپ بارمىدۇ؟
ئېچىلسا ناۋادا دىسۇن كىم قۇلۇپ.
ۋە ياكى بىر ئاچقۇچ ھەممە قۇلۇپنى
ئاچالايمۇ ئۆزىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ؟

بەزىبىر كۆڭۈللەر ئوخشار بەئەينى،
ئاچقۇچسىز ئېچىلار ساختا قۇلۇپقا.
ۋىجداننى ئاچقۇچى بولمىغاچ ئۇنىڭ،
ھەر كىممۇ ئاچىدۇ ئۇنى كۆرۈپلا.

ھەممىگە مەلۇملۇق ھەقىقەت شۇكى،
بىر ئاچقۇچ ئاچقۇسى پەقەت بىرنىلا.
ھەر قۇلۇپ ئېچىلسا ئۆز ئاچقۇچىدا،
قۇلۇپنىڭ قىممىتى پەقەت شۇندىلا.

شۇڭا مەن ئىشىنىپ كۆڭۈل غەزنەمگە،
ساداقەت قۇلۇپنى سېلىپ يۈرۈمەن.
بولغاچقا ۋىجداننىڭ ئاچقۇچى مەندە،
ئوغرىدىن تەشۋىشسىز ئامان تۇرۇمەن.

## ھەسرەتتە قالغان سىڭلىمغا

(«ھەسرەتتە قالغان قىز» دىگەن رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن)

ژورنالنىڭ بېتىدە كۆرۈپ قالدىم مەن،
ئاي يۈزلۈك بىر قىزنىڭ سولغۇن تۇسىنى.
ھەسرەتنىڭ ئوچقۇنى چاقنىغان كۆز ھەم
ئەلەمدىن سارغايغان قانسىز يۈزىنى.

بوشاشقان تەنلىرى، قىسىلغان بوينى،
پۈشايمان ئىلكىدە چىشلەنگەن لېۋى.
ئالمىدەك مەڭزىنىڭ ئۆچكەن جىلاسى،
چىلاندەك لېۋىنىڭ قاچقاندۇر قېنى.

بۇلاقتەك كۆزلىرى تۇرمايدۇ چاقناپ،
قادالغان نامەلۇم نۇقتىغا قاراپ.
شۇ مىنۇت قىز ئۇچۇن كەڭرى بۇ ئالەم،
گويا كى قالغاندۇر قەپەزگە ئوخشاپ.

ئويلاندىم بۇ قىزنىڭ مەيۇس قەلبىگە،
كىملەردىن دەرت- ئەلەم قىلىنغان سوغا.
ياكى بىر ۋاپاسىز كاززاپلىق قىلىپ،
ئۆمۈرلۈك ئېشىغا سالدىمۇ ئوغا؟

بېشىغا كەلدىمۇ ياكى مۇسىبەت؟
يېتىملىك دەشتىگە تاشلاپ جىسمىنى،
ياكى بىر كېسەلدىن ئازاپلىنامدۇ؟
نىمىشقا مۇڭ- قايغۇ باسقاندۇ ئۇنى؟

ياق كېسەل، مۇسىبەت ئازاۋى ئەمەس،
پۈشايمان خازاڭ قىپ تاشلاپتۇ ئۇنى.
كۆڭۈل دەپ ئالدىراپ باسقان قەدىمى،
بىر تۇيۇق يول تامان باشلاپتۇ ئۇنى.

دېدىم مەن ئىچىدە: ئەي گۈزەل رۇخسار،
ھۆسنىڭدەك گۈزەل يول ئالساڭچۇ تاللاپ.
ھىلىھەم كەچ ئەمەس، باقىسن ئالدىڭغا،
ئىقبالىنىڭ گۈللىرى تۇرامدۇ پارلاپ.

# تاغلار قامىتى

روزى نىياز

بولۇنغاندا سۆز ئەگەر قامەت خۇسۇستا،
كۆزلىرىدە نامايەن تۇتاش تىك تاغلار.
خىيال — زېھنىم قۇشى قاقتۇرار قانات،
يېتىپ.. قوپۇپ تاغمۇ - تاغ بويلىغان چاغلار.

تونۇشلۇقتۇر ئەزەلدىن ماڭا بۇ تاغلار،
تۈيغۇ قوزغار قەلبىمدە ئاقىان شوخ سۈيى.
كېلىپ - كەتسە كارۋاندەك كۆكلەم، ياز، كۈز، قىش،
ئاڭا لايىق ئەڭنىنى يەڭگۈشلەر بويى.

تولسە كۆكلەم قۇياشى، غۇر - غۇر شامالدا،
قار - مۇز ئېرىپ ئەگىزگە تولار جىرالار.
قارىغايلار تۇرۇشسا جىسەكچىلەردەك،
باش كۆتىرەر بىخ يېرىپ چوغلۇق، گىيالار.

ھارارەتلەر چېچىپ ياز كەلسە ئەگەردە،
بوستان - باغقا ئايلىنار يوتا - قاپتاللار.
ياشناتسا تەن - يۈرەكنى خۇش بۇي، ساپ ھاۋا،
يايرار ئوتلاپ قوي، يىلقا، بۇغا - مارالللار...

ئىز قوغلىشىپ كەلسە كۈز سالقىن نەزەردە،
يېشىلزارلىق ئىچىدۇ ئالتۇن بوياقلار.
شىلدىرلىسا غازاڭلار ئويناپ - ئىغاڭشىپ،
تاقاپ بىرەك قىرودىن چاقنار ياپراقلار.

ئارقىدىنلا كەلسە قىش ئېلىپ سوغ نەپەس
تاغلار ئۈستى كۆمۈلەر كۆمۈش چېچەككە.
ئەينەكلەردەك پارقىراق يۈكسەك چوققىلار،
ئوخشار گويا ئاسمانغا قويغان تىرەككە.

قىلىپ ئۆرنەك تاغلارنى يۈكسەم قامەت،
چېلىشقا باي يىللارنىڭ دوقال - ۋەھىمىدە.
نە ئارمان ئەل - ئالەمگە بەرسەم گۈزەللىك،
ئەمگەك خۇمار ئۆمرۈمنىڭ ھەربىر پەسلىدە.

www.uyghurkitap.com

# روبائىلار

تۇرسۇن نىياز

تۆرەلدىم جىسمىمغا جان بەردى تۇپراق،
تۇغۇلدۇم يېمىشكە نان بەردى تۇپراق.
ماكانسىز ئەمەسمەن ئۆلگەندىمۇ ھەم،
قويندىن بىركىشىلىك جاي بەردى تۇپراق.

×

ئېغىلدىن گۈلزارغا كىرسە دۈت ئېشەك،
يەنچىلەر ھەممىسىنى سانسىز گۈل ـ چېچەك.
باغ نىمە، گۈل نىمە، چۈنكى ئالدىدا
بى ھاجەت ئۇنىڭغا خوخىدىن بۆلەك.

×

دىلىم ئاق، يولۇم ئاق، ئەمگەن سۈتۈم ئاق،
راستىنى ـ راست، جانى ـ جا، دەيمەن تىلىم ساق.
گۈل ئۈچۈن غۇنچىنى قىل دىسە قۇربان،
مەن دەيمەن بۇ تىلىم كېسىلسىۇ: ياق!

×

كىم باتۇر، كىم قورقاق سىنار جەڭ ـ سەپەر،
چۈنكى ئۇ مەشرەپتەك ئەمەس بىخەتەر.
قورقاقتا جىن ئامراق، ھورۇنغا شەيتان،
باتۇرغا يولداشتۇر، دائىم شان ـ زەپەر.

×

تەر تۆكتۈم قانچىلىك ئۆزەم بىلمەيمەن،
مىننەت قىپ ئېشىدىن قاپاق تۇرمەيمەن.
تۆككەن تەر ـ ئەجرىدىن بولسا باغ بىنا،
ئۆزەم گۈل، باشقىلار كوكات دىمەيمەن.

×

دىدىڭسەن: «بولدى بەس يازغىنىڭ يېتەر،
شېئىرسىز ياشاپمۇ كۈنلىرىڭ كېتەر.»
مەن دەيمەن: «ئىجادىم ماي بىلەن پىلىك،
ئۇنىڭسىز ئۆمرۈمنىڭ چىرىغى ئۆچەر.»

×

ئاق قەغەز بېتىگە تامغاندا سىيا،
دىمىگىن سەن ئۇنى: «قىلدىڭ قاپقارا».
ئۆزگىرەر بەزىدە قارىمۇ، ئاققا،
پۈتمىسەڭ كۆمۈشتەك چېچىمغا قارا.

×

گۈل دىدى تۇپراققا: «ئەرزىم بار ساڭا،
سەن نىچۈن يار قىلدىڭ تىكەننى ماڭا؟»
ئېيتتى يەر: «كىم بىلسۇن قەدرىڭنى سېنىڭ،
ئۆزگەنلەر ئازغىنا چەكمىسە جاپا؟»

×

قەلەمدىن تۆككىنىم سىيا ئەمەس قان،
ئىجادىم شۇ قاندىن ياشنار كىرىپ جان.
جانسىز تەن ـ گەۋدىدە بولسۇن نە ھايات،
ھاياتتا نىشانە بولماس قۇرۇق سان.

×

ئۆزگىگە مۇش ئاتقان بىلمەڭ مەرت ئەمەس،
مۇش يەپمۇ جىم تۇرغان ئۇمۇ پەس ئەمەس،
ساپ ئالتۇن ئۇچرايدۇ بەزى ئەخلەتتە،
يەردىلا ياتقىنى ھەرگىز خەس ئەمەس.

# تەقلىت قىلسام

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

ئالما شېخى ئېگىلدى يەرگە
مېۋىسىنىڭ بولۇقلىغىدىن.
چايقالمىدى چىلەكتىكى سۇ
يېرىم ئەمەس تولۇقلىغىدىن.

تەقلىت قىلسام بىلىملىك ئادەم
ئېگىلەركەن مېۋىدەك يەرگە.
تەقلىت قىلدىم بىر چىلەك سۇنى
ئەل چاكىرى كەمتەرىن ئەرگە.

# باھار يامغۇرى

ئۇسمانجان زۇنۇن

شاتلىنىپ باھاردىن ئاسمان گۈمبىزى
تۆكتى كۆك مايسىغا ھاياجاندا ياش.
ئۇلغايتىپ كۆيىنى باشقىچە جۇشقۇن،
ئاقتى شوخ ئۆركەشلەپ تارىم، يورۇڭقاش.

گۈللەرنىڭ يۇيۇلغان ياپراقلىرىدا،
يامغۇرنىڭ تامچىسى لىغىلداپ تۇرار.
سۈپ - سۈزۈك مەرۋايىت ئۈنچىنى كۆرۈپ،
ھاياجان شاتلىقتا قەلبىم جۇش ئۇرار.

يۇيۇلغان گۈل - گىيا، يۇيۇلغان زېمىن،
بېسىققان چاڭ - تۇزاڭ پاكلانغان ھاۋا،
چېچەكلىك باغلاردا، چىمەنزارلاردا
بۇلبۇللار زوق بىلەن قىلماقتا ناۋا.

دەرىزەم ئالدىدا قاراپ دالىغا
قوزغالدى دىلىمدا ھاياتقا ھەۋەس،
يامغۇردىن كېيىنكى بۇ ساپ ھاۋادىن
سۈمۈرۈپ قانغىچە ئالدىمەن نەپەس.

دەيمەن: شۇ يامغۇرنىڭ بولۇپ تامچىسى،
ئېچىلغان گۈللەرنىڭ لېۋىگە چۈشسەم.
نە ئارمان ۋەتىنىم گۈلشەنلىرىنىڭ
گۈللىرىن بىر ئۆمۈر ياشارتىپ ئۆلسەم.

# كۆچەت ۋە ئۆمۈر

ئىلياھجان ئابلىز

كۆچەت تىككەن ئىدىم بېغىمغا،
ئۇزاقى يىل تاللاپ ئانارنى.
مانا بۇ يىل ئاچتى گۈل - چېچەك،
مەھلىيا قىلىپ پەسلى باھارنى.

بىلدىم، تەشنا ئىكەن گۈزەللىك،
زۇمرەت تەرگە، ھالال مېھنەتكە.
چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرەركەن،
ئەجىر قىلساڭ ئاشۇ كۆچەتكە.

# پارچىلار

ماخمۇتجان ھېزىم

×

زېمىنغا يارالدى قانچىلاپ ئادەم،
ئەۋلاتقا تۆھپىسى يەتكەنلەرمۇ كۆپ.
كىملەرنى كۆرمىدى باغرى كەڭ ئالەم،
لەنەتلىك نام ئېلىپ كەتكەنلەرمۇ كۆپ.

ياخشىلار كۆپ بىلەن ئۆتىدۇ ئىناق،
يامانلار، يېقىننى قىلىدۇ يىراق.
ۋە لېكىن يامانىنى - ياخشىنى تەھقىق
جامائەت نەزىرى قىلىدۇ سىناق.

×

بىلگىنكى، جاھاننىڭ مەنزىلى ئۇزاق،
ئالدىراپ قۇرمىغىن بىراۋغا تۇزاق.
«ئەلقىساس مىنەلھەق» بىكارسۆز ئەمەس،
پەيلىڭدىن بىر كۈنلەر كېلىدۇ سوراق.

×

يالغاننى راست قىلىپ بەرمىگىن ۋەدە،
يالغاننىڭ راست بولۇپ ئۆتكىنى نەدە؟!
جالىقتىن پەس كويغا چۈشەرسەن ئاخىر،
بۈگۈندىن قۇتۇلساڭ، تۇتۇلۇپ ئەتە.

# ئانا مېھرى

ئابابەكرى

ئانا كەپتەر ئۇچۇپ بېرىپ يىراققا،
دان ئىزلەيدۇ چوقۇپ تىنماي تۈپىنى،
باچكىسىغا بېرەر ئۇنى قايتۇرۇپ،
خالتىمىكىن بالا ئۇچۇن يوكىنى؟

يېتەر ئىدى كۈندۈزلىرى جان ئانا،
پەرۋانىدەك ئەتراپىمدا يۈرگىنىڭ.
چىرايىڭدا نۇر جۇلالاپ شاتلىقتىن،
تىنىم تاپماي يېنىش - يېنىش سۆيگىنىڭ.

ئانا كەپتەر كەبى ئانا گېلىڭدىن
تالاي قېتىم ئالدىڭ تائام سۇغۇرۇپ.
مېنى ئەزىز كۆرۈپ شىرىن جېنىڭدىن
قالامدۇيا كانايلىرىڭ بوغۇلۇپ؟ ...

مەن ياتاتتىم شۇتاپ شىرىن ئۇيقىدا،
قۇچاقلىدىڭ كېلىپ مېنى چۈشۈمدە.
دىدىڭمۇ يا ئوغلۇم تېنەپ قالمىسۇن
چۈش ئىلكىدە يالغۇز يۈرۈپ كېچىدە؟ ...

# شېئىرلار

بەگمەت يۇسۇپ

## ئاي ۋە بوۋاق

ئاكىلنار ئايۋانلىق كۆتەمە ئۆيدىن
ئانىنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى.
خىيالغا پاتقاندەك ياتىدۇ بوۋاق،
رۇجەكتىن تۆكۈلەر ئاينىڭ شولىسى.

تىپىرلاپ قويۇدۇ بۆشۈك ئىچىدە،
ئۇيقۇسىز كۆزىنى تىكىپ يىراققا؛
ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ كۆرۈنگەندە ئاي
ئالغۇسى كەلگەندەك ئۇنى قۇچاققا.

## تېرەك ئاستىدا

ئاي مۆكتى، شۇڭغۇدى ئورمان كەينىگە،
قۇشلارنىڭ نەغمىسى جىمىدى بىردىن؛
ياپراقلار شىرىقلاپ ئۇرۇشتى چاۋاك،
ھەيرانمەن بۇ ئىشنىڭ چۈشەنمەي سىرىن.

سىنچىلاپ قاردىسام، تېرەك ئاستىدا،
شىۋىرلاپ سۆزلەشكەن غۇۋا سايە بار؛
جۈپ يۈرەك رېتىمى ئاكىلىنار ئەنە،
بۇ ئوخشاش رېتىمدا ئورتاق غايە بار.

## دەريا

ئاقىدۇ ئالدىمدا دەريا تىنىمسىز،
دولقۇنلار مىنگىشىپ قىرغاقلار ئارا؛
شاۋقۇنى ئاتامنىڭ ناخشىسى گويا،
خىياللار ئىلكىدە تىڭشايمەن تەنھا.

ئۈزۈلمەس دەريانىڭ دولقۇن - ئېقىنى،
دولقۇنلار مىنگىشەر قىرغاقلار ئارا؛
ياشنىتىپ بىپايان دالا قوينىنى،
زىمىنگە گۈزەللىك قىلىدۇ ئاتا.

جۇشقۇنلۇق ئاقىدۇ دەريا تىنىمسىز،
بۇ ئانا تۇپراقنى باغاشلاپ قانماي.
شۇ ئەزىم دەريادەك مەنمۇ بىر ئۆمۈر،
خالايمەن ئېقىشنى تىنماي - توختىماي.

## ئايخان

(ناخشا تېكىستى)

ئابدۇرېشىت داشىم

ئايخان دەپ ئېتىلگەن باركەن،
باغۇەن دەپ دېگىلىك باركەن.
قارىسام، گۈزەل جانان،
چىرايلىق بېغىلىك باركەن.

باغدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر،
چاچار خۇشپۇراق ئەنبەر.
ئۆستۈرگەن تالاي گۈلنى،
ئايخان ئىسىل گۆھەر.

ئاشنا سەن ئېلىم - پەنگە،
كەلتۈردۈڭ شەرەپ ئەلگە.
پەۋاز قىل مائارىپتا.
ياراتقىن ئىسىل ئۆلگە.

### 2 - سانغا تۈزىتىش

| بەت | كالونكا | قۇر |  | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
|  |  | ئۈستىدىن | ئاستىدىن |  |  |
| 14 | 1 | 5 | — | تىترەيتتى | تىترەتتى |
| 60 | 1 | 15 | — | يورۇمگە | يۈزۈمگە |
| 67 | 1 | — | 10 | يىلدەك | پىلدەك |
| 73 | 2 | — | 1 | تىقىۋالغا | تىقىۋالغان |
| 85 | 1 | 8 | — | تاشلىغان ئېغىز | تاشلىغان بىر ئېغىز |
| 137 | — | — | 2 | ئاپپورنىلىق | ئاپتورنىڭ |
| 152 | — | 18 | — | ئېغۇ | ئىغۋا |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئانا قەلبى

(ھېكايە)

مەمتىمىن ھەزرەت

«ئۇ شۇمىدۇ؟ ... چوقۇم شۇ». مەن چايقىلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوۋۇزدا ئۇدۇلۇمدىكى يان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ياشانغان ئايالغا كۆز قىرىمدا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇ بېشىغا سۇتتەك ئاپپاق داكا ياغلىق چېگىۋالغان بولۇپ، ياغلىقىغا رەڭداش چىكە چاچلىرى ئاپتوۋۇز ئەينىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك يول - يول سىزىقچىلار قاپلىغان ئىدى. ئۇ تىزى ئۈستىگە چوڭ بىر بوخچىنى قويۇۋالغان بولۇپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. «ئەجەپمۇ قېرىپ كېتىپتۇ» ... دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە.

ئىككىمىز بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى تونۇشقان ئىدۇق. ئۇچاغ «A» شەھەرنىڭ شەھەر ئىچى گۆڭشې دوختۇرخانىسىغا يېڭىدىن تەقسىم بولۇپ بارغان ۋاقتىم ئىدى. بۇ دوختۇرخانىدا دوختۇر بەك ئاز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن





دوختۇر پەقەت مەنلا ئىكەنمەن. شۇڭا مەن ئاساسلىق دوختۇر بولۇپ قالدىم. قىش پەسلى ئىدى، قاتتىق شىۋىرغانلىق بىر كۈنى ماڭا كېچىلىك دېژورنىلىق نۆۋىتى كېلىپ قالدى. كېچە سائەت 1 دە مەشكە توشقىچە كۆمۈر سېلىپ قويغاندىن كېيىن چىراقنى ئۆچۈرۈپ، جۇۋامنى ئۈستۈمگە تاشلىدىم-دە، ئۇخلاشقا ياتتىم. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ قاتتىق چېكىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئالدىراش چىراقنى يېقىپ سائەتكە قارىسام، ئىسترېلكا ئۈچ دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. چالا ئۇيقۇلۇقتا بېشىم گاراڭ ھالدا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتىم. بۆلۈمگە بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ھولۇققىنىچە كىرىپ كەلدى. ئايالنىڭ قاش-كىرپىكلىرىنى ئاپپاق قىرو باغلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ:

— دوختۇر! بالام تۇيۇقسىز ئىسسىتمىداپ قالدى، — دېدى يىغلىنىش تەلەپپۇزىدا. ئەنسىزچىلىكتىنمۇ ياكى توڭلاپ كەتكەنلىكتىنمۇ ئۇنىڭ تىلى سۆزگە كەلمەيتتى.

بالىنى ئورىغان قېلىن ئەدىيالنى ئېچىۋاتقىنىدا قولىنىڭ ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ياردەملىشەكچى بولدۇم. قولۇم تاسادىپەن ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ كېتىۋىدى، خۇددى بىر پارچە مۇزنى تۇتۇۋالغاندەك، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.

— نېمىشقا پەلەي كىيىۋالمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئىچىم ئاغرىپ.

— ئېسىم جايىدا ئەمەس، ئوكام، پەلەيمۇ بار ئىدى، كىيىشنى ئۇنتۇپتىمەن — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ.

بالا ئەدىيالدىن باشقا يەنە ئىككى قات قېلىن كۆرپە بىلەن ئورالغان ئىكەن. ئۇلارنىمۇ يەشتۇق. بىر يېرىم ياشلاردىكى بۇ ئوغۇل بوۋاق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەپچىپ چىققان تەر تامچىلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى.

— بالىنى نېمىشقا مۇنچىۋالا قېلىن يۆگىۋالدىڭىز، تۇنجۇقۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدىم مەن تىڭشىغۇچنى بالىنىڭ كۆكسىگە قويۇۋېتىپ.

— تالا بەك سوغۇق، شۇڭا...

بالىنى تەكشۈردۈم. يۈرەك رىتىمى نورمال ئىدى. ئۆپكىدىمۇ مەسىلە بارلىقى سېزىلمىدى. قىزىتمىسىمۇ يۇقۇرى ئەمەستەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ بالىنىڭ قولتۇقىغا تېرمومېتىرنى قىستۇرۇپ قويدۇم. بۇ چاغدا ئايالنىڭ قاش-كىرپىكلىرىدىكى مۇزلار ئېرىگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يىگىرمە يەتتە-يىگىرمە سەككىز ياشلاردا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندەك چىرايىنى غەم باسقان ھالدا بالىنىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىنىمۇ كۈزىتىپ ئولتۇراتتى. مەن تېرمومېتىرنى ئېلىپ كۆردۈم. بالىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37.2 گرادۇس چىقتى.

— سىز قانداقچە بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى دەپ قارايسىز؟ — دەپ سورىدىم سەل ھەيران بولۇپ.

— يېرىم كېچىدە مەشكە كۆمۈر سېلىپ بولۇپ بالىنىڭ ئالقىنىنى تۇتۇپ باقسام، ئوتتەك تۇرۇدۇ، يۈرىكىم «قارت» قىلدى-دە، مۇشۇ يەرگە يۈگۈردۈم.

— بالىنىڭ ئالقىنىنى تۇتۇشتىن ئىلگىرى تالاغا چىققانمىدىڭىز؟

— كۆمۈر ئەكىرگىلى ھويلىغا چىققان.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدىم مەن ئايالنىڭ ئەنسىزلىكىگە كۆڭلۈم كېلىپ، — بالىڭىز ساق ئىكەن. زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلاردىن يېزىپ بېرەي.

— ئۇنداق دورىلار ئۆيدىمۇ بار. ئوكۇل يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئوكام! — دېدى ئۇ ئالدىراپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا گېپىمگە ئىشەنمىگەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ چىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالغانلىقتىن پېنتسىللىندىن تۆت ئاد-پۇل يېزىپ بەردىم. ئۇكۇل ئۇمۇمەن بالىغا زىيانلىق ئەمەس ئىدى. ئاپال ماڭا رەھمەت ئېيتىپ، بالىنى يۆگەپ قايتىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ يەنە بالىسىنى كۆرسەتكىلى كەپتۇ. ئېيتىشىچە، بالا ھەر كۈنى بىر قېتىملا تەرەت قىلىدىكەن. بۈگۈن تەرىتى ئىككى قېتىم كەپتۇ. مەن ئۇنى تەسەللى بېرىپ قايتۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ بالىسىنى كۆتىرىپ دوختۇرخانىمىزغا پات-پات كېلىپ تۇردى. ھەتتا ئۇنىڭ: «بالام بۈگۈن ئارانلا ئىككى قېتىم كۈلدى، نىمە بولغاندۇ؟» دەپ كەلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان ئىدى. بۇ ئاپالنىڭ دوختۇرخانىمىز بىلەن بولغان ئالاقىسى شۇنداق كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇشلاردەك بولۇپ كەتكەن ئىدۇق، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ رۇقىيە ئىكەنلىگىنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەن ئىدىم. ئاردىن يەتتە-سەككىز يىللار ئۆتتى. يازنىڭ بىر كۈنى مەن دەريا بويىدا سەيلى قىلىپ كېتىۋاتسام ئۇدۇلۇمدىن رۇقىيە ئاچام ھاسىراپ-ھۆمىدەپ چىقىپ كەلدى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، ئۆڭ-سولى يوق ئىدى، قوي كۆزلىرى دوختۇرخانىمىزغا بالا كۆتىرىپ كەلگەن چاغلىرىدىكىدەكلا تەشۋىشلىك ئىدى.

— قاياققا ماڭدىڭىز؟ بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدىم تەئەججۈپلىنىپ.

— بالا ئەتىگەن مەكتەپكە كەتكەن. ھازىرغىچە يوق، مەكتەپكە بارسام، مۇئەللىم: «بالىلار دەرستىن چۈشۈپ قايتقىلى نەۋاق» دەيدۇ. بالىنىڭ ئەنسىزچىلىگى، ئۇكام، — دەدى ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ ھاسىراپ تۇرۇپ، — ۋاقتىڭىز يەتكەندە ئۆيلەرگە بېرىڭ! — ئۇ مېنىڭ گەپ بىلەن ئۆزىنى توختىتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك ئالدىراش خوشلىشىپلا دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سوغا چۆمۈلۈۋاتقان بىر توپ بالىلار تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

شۇ يىلى مەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «S» ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن بېرى رۇقىيەم ئاچىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ يېشىدىن قارىغاندا، چاچلىرىنى ئاق قاپلايدىغان، چىرايىغا بۇنچىۋالا قورۇق چۈشۈدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. «ئۇ نەگە ماڭغاندۇ؟» ئاپتوۋۇز بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ دەم ئېلىشقا توختىغاندا مەن ئورۇنۇدۇقتىن بىرئاز سۈرۈلۈپ رۇقىيەم ئاچىنىڭ ئالدىغا كەلدىم:

— سىز رۇقىيەم ئاچا ئەمەسمۇ؟

— ھە؟ — ماڭا بۇرۇلدى ئۇ، — ھە! سىز؟ ... — رۇقىيەم ئاچا ماڭا سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما دەررۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

— مەن سىلەرنىڭ گۆكشېدا دوختۇرلۇق قىلغان نەبى ئەمەسمۇ!

— ھە .... ئېسىمگە قورۇسۇن، زادى تونۇماپتىمەن، ئۇكام. ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئۆيى ئىچىڭىز تېچلىقمۇ؟

مەن جاۋاپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋە ھىلىقى ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇدۇم. ئاپالنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىردى، كۆز چاناقلىرى نەملەشتى.

— ئوغلۇم ھازىر تۈرمىدە، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

مەن بۇ كۆيۈمچان ئانىنىڭ دەردىنى كوچىلاپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، لېۋىنى چىشلىدىم.

— ھازىر ئوغلۇمنىڭ بالىسىمۇ ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رۇقىيەم ئاچا، — ئەتىيازدا نەۋرەنى ئېلىپ بېرىپ دادىسىغا كۆرسىتىپ كەلگەنتىم. بۇ قېتىم كېلىنىم: «بالىغا ئىسسىق

(ئاخىرى 114 - بەتتە)



(ھېكايە)

ئەخەت ھاشىم

1

كۈلرەڭ سارجىدىن شىم، چاقماق يوللۇق قىستا يەڭ كۆينەك كىيگەن، زىلۋا بويلۇق، كېلىشكەن يىگىت شاۋكەت ئىشتىن چۈشۈپ كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئىلدام كېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئارىلاپ بارماقلىرى بىلەن سىياداندەك قاپقارا بۇدرە چاچلىرىنى تاراپ قوييۇدۇ. ئۇنىڭ دۈپ-دۈگىلەك يوغان كۆزلىرىدىن، ئەندىككەن چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم ئۇرغۇپ تۇرۇدۇ. ئۇ نىمىگە خوشال بولۇۋاتىدىكىنا؟ بەلكىم دوستى زىياۋىدىنىنىڭ بايا تېلېفوندا ئېيتقان سۆزلىرى خوشال قىلىۋاتامدىكىن؟ ...

شۇنداق پەرەز قىلىشقىمۇ بولاتتى. بۈنىڭدىن ئىككى سائەت ئىلگىرى زىياۋىدىن تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا: «بۈگۈن كەچتە ‹ئا› مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا تانسا بولۇدىكەن. بىر تونۇشۇم ئارقىلىق مىڭ تەستە ئۈچ بېلەت ھەل قىلدىم. دىلبۇراتمۇ كەلمەكچى. سائەت يەتتىلەر بىلەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا كۈتۈمىزە چوقۇم كەلگىن» دېگەن ئىدى. دېمىسىمۇ، شاۋكەت خېلىدىن بۇيان ئېچىلىپ-يېيىلىپ، پۇخادىن چىققۇدەك تانسىمۇ ئويناپ باقمىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ ئاخشامنى تانسا ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. نىمە ئۈچۈندۇ كېيىنكى كۈنلەردە تانسىلارمۇ ئازىيىپ كەتتى. پەقەت ھېيت-بايراملاردا ياكى ئەل ئاغىينىلىرىنىڭ ئۆيىگە، توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا بارغاندىلا ئانچە-مۇنچە ئويناپ قوياتتى. زىياۋىدىنىنىڭ تېلېفوندا شۇنچە ھودۇقۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا، بۈگۈنكى تانسىنىڭ ئالاھىدە بولۇشىدا گەپ يوق. بارمىسا راستىلا ئارماندا قالىدۇ... قانداق كىيىنىپ بارسام بولار؟ يېقىندا تىكتۈرگەن خوما رەڭ سارجا كاستيۇم-بۇرۇلكىنى كىيىپ، ھىلىقى چىپار گالستۇكنى تاقىسامىكىن؟ ياق، كۈن ئىسسىق، ئەڭ ياخشىسى، ئەترەڭ بۇرۇلكا بىلەن ناۋاترەڭ چۈنچەن كۆينەكنى كىيگىنىم تۈزۈك، ئۆزەمگىمۇ ياراشىدۇ، رەڭگىمۇ يازغا لايىق ...

ئۇ، ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ئايالى رەخىمە دۆشىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ھە دەپ گۆش توغراۋاتاتتى. ئۇ ئىككى قات بولۇپ، ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، گۈللۈك نېپىز رەختىن ئالدى ئوچۇق كەڭ خالات كىيىۋالغان. ئىش-ھەركىتىدىن يەنىلا ناھايىتى چاققان، چەبدەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— خوش، ئۆزىڭىز بۈگۈن بەكمۇ مۇ-

رەككەپ غىزاغا تۇتۇش قىلىپ كېتىپسىزمۇ، نېمە؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ شاۋكەت، بۈگۈن شەنبە ئەمەسمۇ؟ سىزمۇ، مەنمۇ ئامراق چۆچۈرە ئەتكۈم كېلىپ قالدى. بۈگۈن ئىككىمىز چۆچۈرە يېگەچ شەنبە ئاخشىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەيمىزمۇ؟

شاۋكەت نېمە ئۈچۈندۇ خوشال بولمىدى، بەلكى ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، چاچلىرىنى تاراپ قويغاندىن كېيىن:

— ھەي... بۈگۈن چۆچۈرە ئەتمىگەن بولسىڭىز بوپتىكەن، ئۇ قاچان پىشىدۇ؟ — دېدى.

— ۋاي-ۋۇي، قورسىقىڭىز شۇنچە ئېچىپ كەتتىمۇ، شاۋكەت؟ مانا، قىيمىنى قىلىپ بولدۇم. تېرمۇستا تەييار قايناقسۇمۇ بار. تۈگسەملا پىشىدۇ. دېگەن شۇ. سىزمۇ تۈگۈشۈپ بېرەرسىز، كېلىڭ، سىزگە چۆچۈرە تۈگۈشنى ئۆگىتىپ قوياي.

— نېمە، مەنمۇ؟! — قاپىقىنى تۈرۈلگەن شاۋكەت ئىشىك كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلۈپ ئولتۇرغان رەخىمەگە قارىدى، — ئەمدى مەن قىلمىغان شۇ ئىش قالدىمۇ، رەخىمە؟ بۈگۈن چۆچۈرىڭىزنى ساقلاپ تۇرالمايمەن!

ئۇ شۇ سۆزدىن كېيىن رەخىمەگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

رەخىمەنىڭ «چۆچۈرىنى سىزمۇ تۈگۈشۈپ بېرەرسىز» دېگىنى ئەركىلەپ قىلغان چاقچىقى ئىدى. مۇبادا شاۋكەتنىڭ خۇشى تۇتۇپ كېتىپ، ئۆزلىگىدىن «تۈگۈشۈپ بېرەي» دېگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئۇنىمىغان بولاتتى. تۇۋا، بۈگۈن شاۋكەتكە نېمە بولغاندۇ، راستلا خاپا بولۇۋاتامدىكىنە؟...

— ئىدارىدا بىرەر ئىش چىقىپ قالغانمىدى، شاۋكەت؟

شاۋكەت ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ سوغلا جاۋاپ بەردى:

— ياق، تانسىغا بارىمەن، تانسىغا!

— نېمە، تانسىغا دەمسىز؟!

— ھەئە، تانسىغا، — شاۋكەت ئىشىكتىن بېشىنى چىقاردى، — قانداق، ئەجەپ ئەندىكىپ كەتتىڭىزغۇ، سىزچە تانسىغا بارسام بولمامدۇ؟

رەخىمە بېشىنى كۆتىرىپ، شاۋكەتنىڭ مەسخىرە ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيران بولدى ۋە بوش ئاۋازدا:

— نېمىشقا بولمايدۇ، بارسىڭىزمۇ تاماقنى يەپ، قوساقنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن بارارسىز، تېخى كۈن بالدۇرغۇ؟ — دېدى.

— بولدى رەخىمە، ماڭا چايلا تەييارلاپ بېرىڭ، چۆچۈرىنى ئۆزىڭىز ئالدىرىماي ئىچىۋالارسىز.

رەخىمەنىڭ كۆڭلى لەسسىدە بولدى. گويا ئۇشتۇمتۇت بىرسى كېلىپ كالتەك بىلەن بېشىغا قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندەك سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى قىڭراقنى دۆشە ئۈستىگە ئاستا قويۇپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئاللىقانداق خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇپلا قالدى.

شاۋكەت چۆچۈرىگە شۇنچە ئامراق ئەمەسمىدى، دائىم چۆچۈرە يېسەك، دەپ ئاغزى بېسىلمايتتىغۇ؟ مانا بۈگۈن ئۇنى خوشال قىلىش نىيىتىدە... تۇۋا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسا بولمامسىدى؟ ئۇنىڭ تانسىغا ئالدىرايدىغانلىقىنى رەخىمە نەدىن بىلسۇن؟ ياق، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە ئىشقۇ-بۇ! مەيلى تويدىن ئىلگىرى ياكى

كېيىن بولسۇن شاۋكەت رەخىمەگە بۈگۈنكىدەك مۇنداق مەنسىتمەسلىك بىلەن سوغاق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەس. بۇ، ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق!...

— راستىلا چاي ئىچىپ كېتەمەن، دەۋاتامسىز؟

— راست بولمايچۇ، ئۇلار ساقلاپ قالمامدۇ؟

— كىملەر ئۇ ساقلاپ قالىدىغان؟

— كىم بولاتتى، رەخىمە؟ خاتىرجەم بولۇڭ، زىياۋىدىن بىلەن دىلمۇرات. سىزمۇ ئوبدان تونۇيسىز ئۇلارنى!

— جېنىم شاۋكەت، گەپلىرىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. تانسىغا مۇشۇنچىلىك قىلىپ كېتىپ بارامسىز؟ توۋا، مەن مۇنداق تۇرسام... — رەخىمە تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان يوغان قورسىقىنى ئىشارە قىلدى-دە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويدى.

— قىزىق گەپ بولدى-دە، سىز ئۇنداق بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ ساق بولغان بولسىڭىزغۇ ئەلۋەتتە سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتىم. ئامال يوق-تە، ئەمدى سىزنى بارالمايدۇ دەپ مەنمۇ ئۆيدە ئولتۇرامدىمەن؟

— مەن تانسىغا بارالماي قالدىم، دەۋاتمايمەن شاۋكەت، نېمانداق غەرەز ئۇقمايسىز؟ — رەخىمە كۆزىگە غىل-غىل ياش ئالدى،— ئىككى-ئۈچ كۈندىن بۇيان زادىلا مىجەزىم يوق. ھېلىدىن-ھېلىغا بىر قىسما بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز كەتسىڭىز مەن يالغۇز قالمامدىمەن؟

— ھىم، شۇمۇ گەپ بولدى-دە، يالغۇز قالسىڭىز سىزنى بۆرى يەپ كېتەتتىمۇ، رەخىمە؟— شاۋكەت يەنە مەسخىرە ئارىلاش مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بۇ كۈلۈش رەخىمەگە كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق تۇيۇلدى.

—غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇۋالماڭ، ئىككى قات، كۆزى يورۇشقا بۈگۈن-ئەتىلىكى قالغان ئايالىنى كېچىمۇ يالغۇز تاشلاپ تانسىغا كېتىدۇ، شۇنىمۇ چۈشەنمەمسىز، جېنىم شاۋكەت؟! — رەخىمەنىڭ ئاۋازى غەلىتە تىترەپ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ۋاي-ۋۇي... بۈگۈن نېمە بولدىڭىز رەخىمە؟ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ دۇنيادا ئىككى قات ئايال يالغۇز سىزمىدىڭىز؟ قىزىق گەپ، راستىلا قىزىق گەپ، بولۇڭ چايىنى تەييارلاپ بېرىڭ، مېنىڭ ھېلىقى كانۋا كۆينىگىم نەدە؟

— ئىشكاپتا.

رەخىمە ئورنىدىن تۇردى. تولغىنىپ بولۇنغان قېيىمنى چىنىگە سېلىپ، دەرىزىگە ئېلىپ قويۇپ، مەيۈس ھالدا بولۇڭدىكى گاز ئوچىقى تەرەپكە ماڭدى.

شاۋكەت بولسا، ئىشكاپتىن كۆينىكىنى ئېلىپ كىيدى ۋە ئىشكاپنىڭ ئەينىكى ئالدىدا تۇرۇپ ھۆسنىنى تۈزەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەينەكتە كۆرۈنگەن رەخىمەنىڭ تۇرقىغا چۈشتى ۋە نېمە ئۈچۈندۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئويلىنىپ قالدى. بىر چاغلاردا رەخىمەنىڭ چىرايى سۈزۈك ۋە ئالمىدەك رەڭدار ئىدى. ھازىر بولسا ئىككى مەڭىزى تەڭگىدەك-تەڭگىدەك داغلار بىلەن تولغان ئىدى. ھامىلدارلىق دېگەننىڭ ئاجايىپ ئىشكەن، ئۇنىڭ گۈلدەك جامالىنى شۇقەدەر ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ-ھە! قارىغاندا، مىجەزىمۇ ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ... ھەي، خوتۇن خەقنىڭ راستىلا ئىچى تاركەن، جۇمۇ! مېنىڭ يالغۇز بېرىپ تانسا ئوينىشىم كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ...

— چېيىڭىزنى ئىچىڭ.

ئاللىقانداق خىياللار ئىچىدە كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقان شاۋكەت چۆچۈپ كەتتى.



ۋە رەخمەنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىشلىرىلا جىمجىت-
لىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. شاۋكەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى
كارۋاتنىڭ گىرۋىگىدە ئولتۇرغان رەخىمە خىيالچان
كۆزلىرى بىلەن دەرىزىدىن سىرتقا قارايتتى.
چېيىنى ئىچىپ بولغان شاۋكەت سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:
— رەخمە، مەن ماڭاي.
رەخمە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-
تى ۋە ئىسمىلەرنىدۇ دىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەل-
لىدى - يۇ، توختاپ قالدى. شاۋكەت ھويلىغا
چىقىپ بولغاندىن كېيىن، كەينىدىن چىقىپ:
— بەك كەچ قالماي، بالدۇرراق قايتىپ
كېلىڭ. قورقۇدىكەنمەن، — دېدى. ئۇنىڭ
ئاۋازى غەزەپلەنگەنلىكىنىمۇ ياكى يىغا ياماشتانلىقىنىمۇ
غەلىتە تىترەپ چىقتى.
شاۋكەت دەرۋازىدىن چوڭ كوچىغا
چىقىپ بولۇپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كەي-
نىگە قارىغان ئىدى، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا
تايىنىپ ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان
ھالدا مەيۈس تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان رەخ-
مەنى كۆرۈپ قالدى - دە، يۈرىكى «جىغغىدە»
قىلىپ، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ
كەتكەندەك بولدى. قەدىمىمۇ توختاپ قېلى-
ۋاتقاندەك بىلىندى. لېكىن يىگىتلىك غورۇرى
ئۇنى ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ كەتتى
«راستىلا رەنجىتىپ قويىدۇممۇ نېمە؟—
ئۇ كېتىپ بېرىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى،—
ياق - ياق، رەنجىتكۈدەك ھېچقانداق ئىش
قىلمىدىم. بۇنىڭ رەنجىگۈدەك نېمىسى بار؟!—
بۇ پەقەت بىرلا نەرسە — خوتۇن كىشىلەر-
دىكى چىدىماسلىق، ئىچى تارلىق، ھەسەت-
خورلۇق! ھەي... ھەر قانچە بىلىملىك، ئاڭلىق
دېگەن بىلەنمۇ خوتۇن خەق دېگەن ھامان خو-
تۇن خەقلىغىنى قىلماي قالمايدىكەن - دە!...»
ئۇ دالاندىكى ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇر-
غاندىن كېيىن رەخمەدىن سورىدى:
— قېنى، ئۆزىڭىزچۇ؟ كېلىڭ، بىللە ئى-
چەيلى ياكى كېيىن چۆچۈرە تۈگۈپ يەمسىز؟
رەخمە بىرھازا جىم بولۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن، جاۋاپ بەردى:
— بولدى شاۋكەت، مېنىڭ بىر قوسقى-
نىڭ كارى چاغلىق. بىردەم تۇرۇپ چاي
ئىچەرمەن.
ئۆينى ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق
باستى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە لام - جىم
دېيىشمىدى. پەقەت شاۋكەتنىڭ قىزىق چاينى
سۈمۈرۈپ - سۈمۈرۈپ ئوتلاشلىرى، ئۈستەل
سائەتنىڭ توختىماي بىر خىلدا چىكىلدىشى

2

ھەيۋەتلىك «ئا» مېھمانخانىسىنىڭ ئال-
دى رەڭگا - رەڭ كىيىنگەن قىز - يىگىتلەر
بىلەن تولغان. فونتان ئەتراپىدا توپ - توپ
قىز - يىگىتلەر ئىمىسلەرنىدۇ دېيىشىپ قاقاقل-

شىپ كۆلۈشەتتى. بىنانىڭ پەلەمپىيى ئۈستىدە ئىككى يىگىت بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ بىناغا كىرىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا ئاچكۆزلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ بىرى تۆمۈر كۆكى سارجىدىن شىم، زىغىر رەڭ كۆينەك كىيىۋالغان، يالاڭۋاش، ئىلەك بۇرۇن زىياۋىدىن، يەنە بىرى كالتە يەڭلىك ئىپەك مايكا، قارا كۆك سارجىدىن شىم كىيىۋالغان، قاردەمتۇتۇق، پاكار بويلۇق، يۈزلىرى ياپىلاق دىلمۇرات ئىدى. ئۇلار قىزلارغا قاراپ نىمىلەرنىدۇ دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى، ئىما - ئىشارەت قىلىشىپ كۆلۈشەتتى. شادىپاچاق زىياۋىدىن غازنىڭكىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن بوينىنى سوزۇپ پات - پات كىمنىدۇ ئاقتۇرۇپ، يول تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى يان كوچىدىن چىققان شاۋكەتكە چۈشتى.

— ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن، دىلمۇرات. دوستىمىز شاۋكەت بولۇدىغان يىگىت. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆي تۇتتۇپلا خوتۇن بەندىسى بولۇپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس، جۇمۇ!

— راستكەن، ئەمدى ئىشەندىم ئاداش، — دەپ كۈلۈپ قويىدى دىلمۇرات ۋە ئادىتى بويىچە چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن «چىرت» قىلىپ يىراققا تۈكۈردى.

— ھە، نىمە دەپ غەيۋىتىمنى قىلىۋاتىسىلەر، ئاغىنىلەر؟ — شاۋكەت ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ سورىدى.

— مەن سېنى جەزمەن كېلىدۇ، دىدىم. ماۋۇ دىلمۇرات: ھەي تاڭەي، رەخىمە رۇخسەت قىلمىسا كېلەلمەيدۇ، دىدى. مانا، ئاخىر كەلدىڭ، يىگىتلىكىڭنى قىلدىڭ، شاۋكەت!

— بۇنىڭغا نىمە يىگىتلىك كېتەتتى؟ — دىدى شاۋكەت مەغرۇرلانغان ھالدا ۋە يانچۇغىدىن «مودەن» ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ، ئىككىسىگە تۇتتى. دىلمۇرات «چىرت» قىلىپ تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سەرەڭگىنى «تارىسىدا» يېقىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ۋە شاۋكەتكە قاراپ ھىجايدى:

— ھەر ھالدا سەن بىزگە ئوخشىمايسەن - دە، ئاداش! بىلىسەنغۇ، بىز بولساق يۈگەنسىز ئادەملەر، بىزنى ھىچكىم نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ، دېيەلمەيدۇ. سېنىڭ بولسا، خوتۇنۇڭ بار، گەپنىڭ قىسقىسى، بوينۇڭ باغلاغلىق، پۇت - قولۇڭ چۈشەكلىك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھىم، سېنىڭچە خوتۇنى بار، ئۆيى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بوينى باغلاقلىق، پۇت - قولى چۈشەكلىك بولۇدىكەن - دە؟ بىلىپ قوي: پۇت - قولنى چۈشىتىش - چۈشەتمەسلىك ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس. ھىلىتىن رەخىمەدىن رۇخسەت سورايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، جۇمۇ!

— يارايسەن، يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ، دوستۇم! — دىدى زىياۋىدىن شاۋكەتنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويۇپ ۋە يەنە نىمىلەرنىدۇ دىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى، ئاڭغىچە دىلمۇرات ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ھەي - ھەي، ئاغىنىلەر، ئاۋۇ كېلىۋاتقانلارغا قاراڭلار، پاھ - پاھ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان ھۆر - پەرىلەرغۇ بۇ؟!

ھەممەيلەن تەڭلا شۇ تەرەپكە قاراشتى. سەنئەت مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىكىن ياكى بولمىسا بىرەر سەنئەت ئۆمىگىنىڭ ياش ئارتىستكىلىرىمىكىن، ئىش قىلىپ بىر - بىرىدىن چىرايلىق يەتتە - سەككىز قىز بىر - بىرىنى قولتۇقلاشقان ھالدا ئۇدۇل كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. فونتان ئەتراپىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان قىز - يىگىتلەرمۇ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇلارغا قارىشىپ قالدى.

— شاۋكەت ئاداش، — دېدى خوشاللى-
غىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان زىياۋىدىن
قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — ئاڭلىسام، بۈگۈنكى
تانسىغا ئارتىستلاردىن باشقا مەركىزىي سەنئەت
ئىنستىتۇتىدىن پىراكتىكا قىلىش ئۈ-
چۈن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ.
بۈگۈن بەئەينى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنـ
گەن «ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە
كۈن ئەمەس» ھۆر - پەرىلەر جەم بولۇدۇ،
دېگىنە!

— قېنى، ئۇنداق بولسا كىرمەيلىمۇ،
نېمىگە قاراپ تۇرۇمىز؟ — دېدى شاۋكەت
ئۇلارغا قاراپ.

— ھىم، ئاجايىپ - غارايىپ قىزلارنى كۆ-
رۈپ ھىلىتىن ئىچىڭگە ئوت تۇتۇشۇپ كېتىۋاتامدۇ
نېمە؟ مۇشۇنداقلا كىرەتتۇقمۇ، ئەخمەق! —
زىياۋىدىن ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى مەند-
لىك قىسىپ قويۇپ كۈلدى.

— مۇشۇنداق كىرمەي قانداق كىرمەك-
چىدۇق؟

— تولا گەپ قىلما، ئازمۇ ئەمەس،
كۆپمۇ ئەمەس، ئىككى يۈز گىرامىدىن
قېقىۋېلىپ كىرىمىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە! —
دىلمۇراتمۇ دەرھال زىياۋىدىنىڭ تەكلىۋىنى
قوللىدى ۋە ئارقىغا قاراپ «چىرت» قىلىپ
تۈكۈرۈپ قويدى.

— ئاغىنىلەر، شۇ سېسىق ھاراقنى
ئىچمىسەك قانداق؟ — دېدى شاۋكەت يېلىنـ
غاندەك بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا قاراپ
قويۇپ، — ئاغزىمىز سېسىق پۇراپ تۇرسا،
قىزلار بىزنى ھاراقكەش ئىكەن، دەپ
قاچارمىكىن. قويۇڭلا، شۇ ھاراقنى ئىچمەي
كىرەيلى.

— ئەخمەق بولمىغىنا، شاۋكەت. نىمانچە
ئەدەپلىك بولۇپ كەتتىڭ بۈگۈن؟ مەنغۇ
مەيلى. ئىككىڭلارنىڭ غېمىنى يەۋاتىمەن،
ئازراق قېتىۋالساڭلار تارتىنمايدىغان بولۇسىلەر،
قورۇق گەپنى قويۇپ يۈرۈڭلار!

ئۇلار مېھمانخانىدىن ئەللىك مېتىردەك
نېرىدىكى چىرايلىق رېستورانغا قاراپ
مېڭىشتى.

3

ئۇلار ئانارەدەك قىزىرىپ زالغا كىرگەندە
تانسىنىڭ باشلانغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان
ئىدى. كەڭ، ئازادە زالنىڭ ئىچى رەڭگا-
رەڭ چىراقلار بىلەن چاقناپ كەتكەن،
زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان چىراقتىن
تەرەپ - تەرەپكە تارتىلغان رەڭلىك قەغەز
لېنتىلار، خىلمۇ - خىل شەكىلدە ئويۇلغان قەغەز
گۈللەر تانسا ئويناۋاتقان قىز - يىگىتلەرنىڭ
باشلىرىغا، مۈرىلىرىگە تېگىپ تۇراتتى. بىر
قارىغاندا، زالنىڭ ئىچى بەئەينى بىر گۈلزار-
لىقتەك، بۇ گۈلزارلىقتا سان-ساناقسىز كېپىنەكلەر
توختىماي جەۋلان قىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— پاھ - پاھ، كۆردۈڭلارمۇ ئاغىنىلەر،
بۈگۈن ئىشىنىڭ كارى قالتىس جۇمۇ! — دېدى
زىياۋىدىن زالغا كىرىپلا ئەتراپقا تەكشى
كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، — يۈرۈڭلار،
ئاۋۇ قىزلار توپلىشىپ ئولتۇرغان يەرگە بارايلى.

ئۇلار تانسا ئويناۋاتقانلارنى يانداپ
يۇقۇرى تەرەپكە ئۆتۈشتى - دە، تام يا-
قىلاپ قاتار تىزىۋېتىلگەن ئورۇندۇقلارغا كې-
لىپ ئولتۇرۇشتى. كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى
تىترىتىدىغان ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ يېقىم-
لىق ساداسى زالنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئى-
دى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى
باشقا سەۋەبتىنمۇ زالنىڭ ئىچىدىكى شاۋقۇن-
لۇق كەيپىيات ۋە ئالا - يېشىل مەنزىرە شاۋ-
كەتنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ۋالىس
مۇزىكىسىغا رېتىملىق، لەرزان پىقىرىشۋاتقان

www.uyghurkitap.com

قىز - يىگىتلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ئىدى. ئۇلار كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا مۇزىكا ئاياقلاشتى. تانسىدىن چۈشكەنلەر بىر - بىرىگە ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىشىپ، بوش ئورۇنلارغا قاراپ مېڭىشتى. شۇ ئەسنادا خۇددى بىرسى قارا دىگەندەك شاۋكەتنىڭ كۆزى ئۇشتۇمتۇت ئۇدۇلدا ئولتۇرغان بىر قىزغا چۈشتى. قىز ئاپپاق قول ياغلىغى بىلەن پېشانىسىنى بوش سۈرتۈپ تۇرۇپ، يېنىدىكى قىز دوستىغا بىرنىمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى، بېشىغا چەمبىرەكلىۋالغان قاپقارا توم چاچلىرى، ئەتراپىغا سەزگۈرلۈك بىلەن تېز - تېز قاراپ قويۇشلىرى كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. كېلىشكەن بەستىگە چىپپىدە كەلگەن كەڭ ئويما ياقىلىق قارا شىپىلڭ دۇخاۋا كۆينەكى، مەيدىسىدە يالتىيۇلىت چاقناپ تۇرغان بۇلاپكىسى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شاۋكەت نېمە ئۈچۈندۇر كېلىشكەن، بەدەن - بەدىنىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرغان بۇ خۇشخۇي قىزدىن زادىلا كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى:

«ئەجابا، ئەلگىرى بۇ قىزنى زادىلا ئۇچراتماپتىكەنمەن - هە؟! قارىغاندا، بۇ قىز بىر يەردىن يېڭى كەلگەن بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇ كوچىلاردا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ماڭا ئۇچرىماسمىدى؟...»

شاۋكەت قاراۋېرىشتىن ئۇيالدىمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ، ئۆزىچە باشقا ياقلارغا قارىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئاشۇ كېلىشكەن گەۋدىنىلا، ئاشۇ كۈلۈپ تۇرۇۋدىغان يوغان مەسۇم كۆزلەرنىلا كۆرەتتى. هازىر يالغۇز شاۋكەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى خېلى كۆپ يىگىتلەرنىڭ، هەتتا قىزلارنىڭمۇ كۆزى شۇ قىزدا ئىدى. شاۋكەت ئىختىيارسىز قىزغا يەنە بىر قارىغان ئىدى، قىز ئۇشتۇمتۇت شاۋكەتكە لەپپىدە كۆز تاشلىدى.

شۇ پەيتتە قىزنىڭ چىرايىدا تونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا پەيدا بولۇدىغان بىر خىل خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ۋە كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ ئېتىك يەرگە قارىۋالدى. پاھ، ئۇنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغان چىرايى نېمە دىگەن سۆيۈملۈك؟ ئۇنىڭ كۈلكىسى نەقەدەر تەبىئى، نەقەدەر يېقىملىق - هە؟!...هازىر شاۋكەتنىڭ قەلبىدە قوزغالغان ئاجايىپ بىر هېسسىياتنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى...

«ۋۇي، قىز مېنى بىرسىگە ئوخشىتىۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ هاياجانلانغان هالدا، — ئۇ نىمىشقا ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەيدۇ؟ ئېھتىمال، مېنىڭ پاقىدەك قاراپ كەتكىنىمنى زاڭلىق قىلىۋاتسا كېرەك... هېم، ئالدىرىماي تۇر قىزچاق، بىردەمدىن كېيىن زاڭلىق قىلمايدىغان، بەلكى مېنى چىن كۆڭلۈڭدىن هۆرمەت قىلىدىغان بولۇسەن!...»

جاراڭلىق مۇزىكا ساداسى يەنە ياڭرىدى. شاۋكەت خىيال بىلەن بەنت بولۇپ قالغاچقا، قىزنى تەكلىپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇنى ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت تانسىغا تارتىپ كەتكەن ئىدى. شاۋكەت ئىككى يېنىغا قارىدى. زىياۋىدىندۇ، دىلمۇراتمۇ يوق. ئۇلار ئاللىقاچان تانسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، زىياۋىدىن ئۆزىگە ئوخشاش شادىپاچاق، چاچلىرى ساپسېرىق بىر پىروتكا قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇ كۆپىرەك ئېچىۋالغانلىقتىن بولسا كېرەك، قىزىرىپ يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن پىروتكا قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىۋالغان ئىدى ۋە پوچىلىق بىلەن پۈتلىرىنى ئويىنىتىپ پوكىس چىقىرىپ پىد-

قىرائاتاتتى. دىلبۇراتىبۇ دوغلاقتىنا بىر قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن زىياۋىدىن ئايلىنىپ شاۋكەتنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە: «چۈشمەمسەن» دىگەن ئىشارىنى قىلدى. شاۋكەت بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر شاۋكەتنىڭ كۆزى ھېلىقى گۈزەل قىزنى ئىزلەيتتى. ئەنە، ئۇ قىز يىنىك ئايلىنىپ شاۋكەت تەرەپكە كەلىۋەكتە. ئۇ يېقىن كەلگەندىن كېيىن، شاۋكەت ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم زوق بىلەن تىكىلدى. كۈتۈلمىگەندە قىزمۇ ئىتتىك شاۋكەتكە نەزەر تاشلاپ بايىقىدەكلا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ياھ، نىمە دىگەن خۇشخۇي، ئوماق قىز-ھە! كۆزلىرى ئادەتتىكى كۆز ئەمەس، قايناپ تۇرغان بىر بۇلاق، تىكىلىپ قاراشمۇ شۇنچە تەس... ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر خىل خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە نازلىق بېقىشلىرى يۈرەكنى تىترىتىدۇ...

شاۋكەت بارا-بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ قىزغىلا بەنت بولۇپ قېلىۋاتاتتى. قىز پىقىراپ نەگە بارسا، شاۋكەتنىڭ كۆزىمۇ شۇ ياققا ئاغاتتى. قىز زالنى يەنە بىر ئايلىنىپ شاۋكەتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە مۇزىكا ئاخىرلاشتى. قىز شاۋكەت ئولتۇرغان رەتتىكى ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى. شاۋكەت يىنىك بىر تىنىۋالدى. ئەمدى ئۇ يەنە بىرسى تارتىپ كەتمىسۇن دىگەن ئوي بىلەن قىزغا خۇپىيانە نەزەر سېلىپ ھوشيار ئولتۇردى. ئۇ، مۇزىكا باشلىنا-باشلانمايلا چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلدى. قىز ئۇنىڭ خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇشىدىن سەل ھەيرانلىق ھىس قىلدىيۇ قىستاپ كەتكەن كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بۇ قېتىمقى مۇزىكا پاكستروت ئىدى. شاۋكەت خېلىغىچە ئىنىدىمەي ئوينىدى. پەقەت خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ-قاراپ قوياتتى. قىز بولسا، شاۋكەتكە قارىماي، تۇرۇپ چىراقلارغا، تۇرۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىۋالاتتى. نىمە دىيىش كېرەك، گەپنى نەدىن باشلىسا بولار؟ شاۋكەت خېلىغىچە مۇۋاپىق گەپ تاپالمىدى. پىشانىلىرىدىن بوزۇلداپ تەر چىقىشقا باشلىدى. زىياۋىدىننىڭ گېپى توغرا ئىكەن. ھاراقنى كۆپرەك ئىچىۋالغان بولسا، بۇنچىلىك تارتىنچاق بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى... ئاخىرى:

— مەن پاكستروتنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايمەن سىڭلىم، سىز بەك سىلىق ئوينايدىكەنسىز، — دىدى. قىز شاۋكەتكە لەپپىدە قاراپ:

— ياق، سىز ئوبدان ئوينايدىكەنسىز، مەن ئانچە ياخشى ئوينىيالمايمەن، — دىدى-دە، يەرگە قارىۋالدى.

— كەمتەرلىك قىلىۋاتىسىز، خېلىدىن بۇيان سىزگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. سىزدەك ياخشى ئوينايدىغىنى يوقكەن.

— ھا... ھا... ھا... بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، زاڭلىق قىلماڭ، راستلا مەن ياخشى ئوينىيالمايمەن.

— زاڭلىق دەمسىز؟ خۇدا ساقلىسۇن، ھەرگىز ئۇنداق دىمەڭ... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ تىترەپ چىقىشقا باشلىدى، — راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ تەكلىۋىڭىزنى رەت قىلماي مەن بىلەن تانسا ئوينىغانلىغىڭىز ئۈچۈن بەكمۇ خوشالمەن، ھازىر ئۆزەمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھىس قىلىۋاتىمەنكى...

قىز ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە مۇزىكا ئاخىرلاشقان

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بولمىسا قىز قاقاقلاپ، قاتتىق ئاۋازدا كۈلۈپ تاشلىغان بولاتتى. شاۋكەت قىزنىڭ ئىچ-ئىچىدىن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتكىنىنى باشقىچە ئويلاپ ئولتۇرمىدى. پەقەت قىزلاردىكى «شوخلۇق»، «ناز» دەپلا چۈشەندى. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ئىززەت بىلەن ئۆز ئورنىغا ئەكېلىپ قويدى. ئۆزى بولسا قىزدىن سەل نېرىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قىز بىلەن تۇنجى قېتىم قىلىشقان گېپى شۇنىچىلىكلا بولدى. ئەمدى ئۇ قىز بىلەن يەنە بىر قېتىم تانسىغا چۈشەنكەندە نېمىلەرنى دېيىش ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى...

مۇزىكا يەنە باشلاندى. شاۋكەت چاققانلىق بىلەن ئۇنى يەنە تانسىغا تارتتى. قىزمۇ قارشىلىق قىلمىدى. پەقەت نېمە ئۈچۈندۇر مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. شاۋكەت تانسا ئويناۋېتىپ قىزنىڭ يوغان، نۇرلۇق كۆزلىرىدە بىر خىل سىرلىق سوئال ئىپادىسىنى ۋە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك، لېكىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ گەپ قىلالايۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتنى بايقىدى. بولۇپمۇ قىز تۇرۇپ-تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ، ئاستىنقى لەۋلىرىنى چىشلەپ يەرگە قارىغاندا، شاۋكەتتە بىر تۈرلۈك قىسىلىش ۋە گۇمان پەيدا بولاتتى. ئاخىرى ئۇ زىياۋىدىنىنىڭ بايا ئېيتقان: «قېلىنلىق قىلمىدىغان يەردە ئەلۋەتتە قىلىش كېرەك» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى-دە، سەل دىدىللىشىپ قىزنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى:

— مەن ئىلگىرى سىزنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن، سىز...

قىز پىسسىڭىدە كۈلۈپ شاۋكەتكە قارىدى:

— سىز مېنى زادىلا كۆرمىگەنمۇ؟

— شۇنداق. زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئۇنۇتقاق ئىكەنسىز، سىز مېنى كۆرگەن.

— نېمە؟! — شاۋكەت ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ قىزغا تىكىلدى، — نەدە كۆرگەن، ئېيتىپ بېقىڭا؟

— ئۇنداق ئوڭايلا ئېيتىپ بېرەمدىمەن؟ ئۆزىڭىز تېپىڭ، — قىز شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قويۇپ يەرگە قارىۋالدى.

شاۋكەت ھەرقانچە خىيال قىلىپمۇ زادىلا ئەسلىيەلمىدى.

— ئۇنداقتا ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭا، ئېسىمگە كېلىشى مۇمكىن، ئىسمىڭىز...

— خاتىرجەم بولۇڭ. مېنى تونۇيالمايۋاتقان ئادەمگە ئىسمىمنى تېخىمۇ ئېيتىپ بەرمەيمەن.

شاۋكەت چەكسىز خوشاللىق ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قىزغا ئۇزاق تىكىلىپ قالدى، ھازىر ئۇ تانسا ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىيال يىپلىرى چىگىشلىنىپ كەتكەن ئىدى. «بۇ گۈزەل قىز مېنى گەپكە سېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن. ئۇنى راستىنلا كۆرگەن بولسام ئەلۋەتتە ئەسلىيەلىگەن بولاتتىم. شۇنداق گۈزەل، شۇنداق سۆيۈملۈك قىزنى ئۇنتۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟ مۇنداق قىزلار كىشىنىڭ ئېسىدىن قانداقمۇ ئوڭايلا چىقىپ كەتسۇن؟... ياق، ئۇنىڭ مەنىلىك كۈلۈشلىرىدىن، ماڭا كۆرسىتىۋاتقان ئىللىق مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا، ماڭا چوقۇم ئاز-پاز كۆڭلى چۈشۈپ قالدى... ھەي، بىچارە بايقۇش، خۇتۇنۇم بارلىقىنى، ئۆيلەنگەن يىگىت ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدۇ-دە!... نېمىلا دېگەن بىلەن مېھرى ئىسسىق، ئوڭلۇق قىز ئىكەن، مانا ھازىر ئىككىمىز خۇددى كونا قەدىناسلاردەك چىقىشىپلا قالدۇق...»

ئەمدى شاۋكەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە زىياۋىدىنىنىڭ بايا ئېيتقان: «ياشلار ئوينىۋېلىش كېرەك، مۆرىتى كەلگەندە، خوتۇنۇم بار دەپ ئولتۇرماي، كۆڭلۈڭگە يېقىپ قالغان قىزلار بىلەن

ئانچە - مۇنچە تاماشا قىلساق بولۇۋېرىدۇ...»
دېگەن گەپلىرى جاراڭلاپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ-
دىكى تارتىنىش، خىجىل بولۇشلار ئاستا - ئاستا
قاياقلاردۇ يوقالماقتا ئىدى. ئۇ قىز بىلەن يەنە
بىر قېتىم تانسىغا چۈشكەندە:
— سىز راستلا شەيتان قىز ئىكەنسىز،
ئىسمىڭىزنىمۇ ئېيتىپ بەرمىدىڭىز، سىزنى
نەدە كۆرگەنلىگىمنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم،
سىز چاقچاق قىلىۋاتسىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى.
— ياق، ھەرگىز چاقچاق قىلمىدىم.
سىز مېنى كۆرمىگەن بولسىڭىز، مەن سىزنى
كۆرگەن.
— ئېيتىڭا، زادى نەدە كۆرگەن؟ —
شاۋكەت يېلىنىراۋېتىپ ئالدىراپ سورىدى.
— ئېيتمايمەن.
— ئۇنداق بولسا ئىشەنمەيمەن. سىزنى
پەقەت بۈگۈنلا كۆردۈم. بۇندىن كېيىن...
بۇندىن كېيىن... — شاۋكەتنىڭ ئاۋازى غەلىتە
تىترەپ توختاپ قالدى.
— ھە، بۇندىن كېيىن نېمە قىلماقچىسىز،
توختاپ قالدىڭىزغۇ؟
— بۇندىن كېيىن داۋاملىق كۆرۈپ
تۇرۇشنى خالايمەن...
— قىز ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى
ۋە شاۋكەتتىن سورىدى:
— گەپلىرىڭىز ئەجەپ قىزىققۇ، تونۇش-
مىغان ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلات-
تىڭىز؟
— ئىلگىرى تونۇشمىغان بولساق، مانا
بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇققۇ؟
قىز نېمە ئۈچۈندۇر خىيال ئارىلاش
بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئىچ - ئىچىدىن كۈل-
مەكتە ئىدى. شاۋكەت «شەيتان قىز» دەپ
ئۇنىڭ قولىنى قاتتىقراق قىستى ۋە يېقىراش
بانىسى بىلەن قىزنى ئۆزىگە يېقىنراق
تارتقان ئىدى. قىز دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:
— ئەدەپلىك بولۇڭ، ئىچىۋاپسىز - ھە؟ —
دەپ قويدى.
بىر پەس جىملىقتىن كېيىن شاۋكەت
يەنە گەپ ئاچتى:
— بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق - ھە؟
زال ئاجايىپ دىمىق بولۇپ كېتىپ باردۇ.
— ئانچە ئىسسىق ئەمەسقۇ، ئۆزىڭىز
ئىسسىپ كېتىپ بارغان ئوخشايسىز.
— سىز ئىسسىمىدىڭىزمۇ؟
— ياق.
— مۇزىكا توختىسا سىرتقا چىقىپ
بىردەم ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ سەگىدەپ كىر-
سەك قانداق، تۇنجى تەكلىۋىمنى رەت
قىلمايدىغانسىز؟
قىز چۆچۈگەندەك قىلىپ شاۋكەتكە تىكە
قاراپ قويدى - دە، دەرھال:
— بولىدۇ، ئەگەر سەگىدەشنى خالىسىڭىز
چىقاي، — دېدى.
قىزنىڭ بۇ جاۋابىدىن خوشال بولۇپ
كەتكەن شاۋكەت ئۆزىنى قويۇۋېتىدىغان يەر
تاپالماي قالدى. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن، پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، قىزنى قولتۇق-
لىغىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.
ئۇلار بىرىنچى قەۋەتتىكى سوغۇق
ئىچىملىكلەرنى ساتىدىغان بوتكىغا كېلىپ،
بىر ئىستاكاندىن مۇزدەك مېۋە سۈيى ئىچىش-
تى. ئاندىن سىرتقا چىقىپ، بىنانىڭ ئال-
دىدىكى گۈللۈكنىڭ ئارىسىغا كىردى - دە،
ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن بىرىدە ئولتۇرۇشتى.
ئايدىڭ كېچە. تەبىئەت ئادەتتىن
تاشقىرى گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. پايانسىز
كۆك ئاسماندا تولۇن ئاي ئاستا ئۈزمەكتە.
ياز كېچىسىنىڭ مەيىن شامىلى يۈزلەرنى
مۇلايىم سىلاپ، قۇلاقلارغا نېمىلەرنىدۇ
شىۋىرلايدۇ. خىلمۇ - خىل گۈللەرنىڭ خۇش-
بۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنى چەك-
سىز ھوزۇرلاندۇرىدۇ...
«قىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولدۇمغۇ»

www.uyghurkitap.com

دىگەن شېرىن خىيال بىلەن يۈرىكى تولۇپ قالغان شاۋكەت ئالدىرىماي تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىزغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ گەپ باشلىدى:

— قاراڭ، ئەتراپ نېمە دىگەن گۈزەل! ئېيتىڭا، سىزچە بۈگۈنكى مۇشۇ مەنزىرىدىنمۇ گۈزەل يەنە نېمە باردۇ؟

— بولمايچۇ، — دىدى قىز ياغلىغىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، — دۇنيادا گۈزەل نەرسىلەر ئازمۇ؟

— مەسىلەن: دەپ بېقىڭا.

— ئۇنىڭ قايسى بىرسىنى ساناپ بولغىلى بولسۇن؟ مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى، بىز ياشاپ تۇرغان مۇشۇ دەۋرىمىز گۈزەل، دەۋرىمىز گۈزەل بولغاچقا، ھەممىسى نەرسە گۈزەل.

— توغرا، دەۋرىمىزنىڭ گۈزەللىكىدە گەپ يوق، بۇنى تالاشمايمەن. ئەمما ھەممىدىن گۈزەل يەنە بىر نەرسە بار. ئۇنى تاپالامسىز...

— ۋىيەي، قىزىق گەپقۇ، ھەممىدىن گۈزەل نېمىدۇ ئۇ؟ — قىز ھەيران بولۇپ شاۋكەتكە قارىدى.

— مەن ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— ھەرھەمەت، ئېيتىپ بېقىڭ.

— نېمە بولاتتى، سىز.

— مەن؟!

— ھەئە، سىز، — شاۋكەت قىزنىڭ تولۇن ئاي ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىگە قاراپ پىچىرلىدى. قىز ئۇشتۇمتۇت شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك ساپ ئاۋازى يىراق-يىراقلاردا جاراڭلاپ كەتتى.

— سىزنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ھا... ھا... ھا... يەنە بىر دەڭا، راستلا مەن گۈزەلمۇ؟ — قىز كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋېلىپ سورىدى.

— بىر قېتىم ئەمەس، مىڭ قېتىم دەيمەن: ئەلۋەتتە سىز گۈزەل، ھەممىدىن گۈزەل... قاراڭ، كۆزلىرىڭىز ئويناپ تۇرغان بىر بۇلاق. قاشلىرىڭىز، قەددى-قامىتىڭىز، ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان غۇنچىدەك لەۋلىرىڭىز...

— ۋاي، بولدى قىلىڭ. سىزنىڭ گۈزەللىككە بولغان چۈشەنچىڭىز بەك ئاددى ئىكەن.

— قانداق دەيسىز؟

— قاش، كۆز، قەددى-قامەت، ۋاھاكازا دىگەنلەر پەقەت سىرتقى نەرسىلەرغۇ، شۇلارغا قاراپلا گۈزەللىككە باھا بەرسىڭىز توغرا بولامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئادەمنىڭ قەلبى گۈزەل بولۇشى كېرەكقۇ؟

— بۇ دىگىنىڭىز توغرا. لېكىن سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ قانداقلىقى سۆز-ھەركىتىڭىزدىن، كۆزلىرىڭىزدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرامدۇ؟ قېنى، ماڭا بىر قاراپ بېقىڭا!

— ھا...ھا...ھا... يالغان گەپ قىلماڭ، بۇلار پەقەت شائىرلارنىڭ مۇبالىغە قىلىپ توقۇيدىغان گەپلىرى. ئەمەلىيەتتە كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش سىز دىگەندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

شاۋكەت ئۆزىنىڭ گەپتە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزدى-يۇ، لېكىن يەنە تەن بەرمەي:

— بوپتۇ، نېمە دىسىڭىز مەيلى. مېنىڭچە، سىز گۈزەل، بۇ مېنىڭ قارىشىم، — دىدى-دە، ئۇشتۇمتۇت قىزنىڭ ئاپپاق بىلىكىنى تۇتتى، — سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟

قىز دەرھال قولىنى تارتىۋالدى:

— ئۆزىڭىزنىڭ سائىتىڭىز تۇرۇپتىغۇ، شۇنى كۆرسىڭىز بولمامدۇ؟

— بۇنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇمەن، — دېدى شاۋكەت غەلىتە كۈلۈپ، — سىزنىڭكىنى كۆرۈپ باقاي دەۋاتىمەن.

قىز ئەمدى شاۋكەتنىڭ ياپتى گەپلىرىگە ياپتى گەپ بىلەن جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

— مېنىڭچە، ئۆزىڭىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ، كىشىنىڭ ئەسقاتمايدۇ.

— بىراق، كۆرمىگەننى، يېڭىنى كۆرۈشنى ھەممە ئادەم ياقتۇرۇدۇ-دە! قاراڭ، سىزنىڭ سائىتىڭىز خۇددى ئۆزىڭىزدەكلا چىرايلىقكەن!

— ئاۋارە بولماڭ، باشقىلارنىڭ شۇنداق كۆرۈنىدۇ.

— ياق، سىزنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكى كۆزۈمگىلا ئەمەس، ھازىر قەلبىمگىمۇ ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— بولدى. بۇ گەپلەرنى قويۇڭ. قارىغاندا، تېخىچىلا سەگىدىمەپسىز.

— ماڭا قاراڭ، سەگىدىمغۇ.

— ياق-ياق، ھەرگىز سەگىدىمەپسىز.

— بەك شەيتان قىز ئىكەنسىز، — شاۋكەت يەنە ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى، بىراق قىز قولىنى تۇتقۇزمىدى. شاۋكەت قىز تەرەپكە سۈرۈلۈپ يېقىنچىلىق بىلەن سۆزلەيتتى، — مېنى خېلى جىق گەپكە سېلىۋالدىڭىز، ئەمدى مانا ھېچكىم يوق. ئىككىمىز تەنھا ئولتۇرۇپتىمىز، ئېيتىپ بېرەرسىز؟ بولمىسا مەندىن قۇتۇلالمايسىز. ئېيتامسىز، ئېيتماسىز؟...

يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتكەن شاۋكەت ئەسەبىلىك بىلەن قىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئۆزىگە تارتماقچى ۋە سۆيمەكچى بولۇۋىدى، ئويلىمىغاندا قىز ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. پەقەت قىزنىڭ ماۋۇقتەك چاچلىرى شاۋكەتنىڭ مەڭزىگە سەل-پەللا تەككەندەك قىلدى. قىز شاۋكەتتىن ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق بىر تىكىلدى-دە، تەمكىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— تۇۋا... شۇنچە كۆتەممۇ تونۇيالمىدىڭىز-ھە! خەير بوپتۇ. ئويۇن-چاقچىقىمىز



www.uyghurkitap.com

مۇشۇنچىلىك بولسۇن. ئەمدى رەسمىي پاراڭلىشايلى. ئېيتىڭا شاۋكەت، بۈگۈن رەخمە يوقتۇ. ئۇنى نېمىشقا تانىسىغا بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟

«شاۋكەت، رەخمە دەۋاتىدىغۇ، زادى نېمە ئىش بولۇپ كەتتى!» ئۇ ئۆز قۇلىغىغا ئىشەنمەي تىترەپ كەتتى ۋە يېنىدا بىر خىلدا كۈلۈپ تۇرغان قىزغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپلا قالدى. هازىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئالا-يېشىللىق تىقىلغان، كاللىسىدا گويا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىپ ئۆتكەندەك چۈشىنىكسىز، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق بىر خىل غەلىتە سېزىم هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

قىز شاۋكەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە هەيرانلىق ئىچىدە سورىدى.

— شاۋكەت، نېمە بولدىڭىز، رەخمە نېمىشقا يوق دەپ سوراۋاتىمەن. نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

بىر هازادىن كېيىن شاۋكەت ئاغرىق ئازاۋىدا قىينىلىۋاتقان ئادەمدەك ئاۋازىنى ئارانلا چىقىرىپ پىچىرلىدى:

— سىز...سىز زادى كىم بولۇسىز؟... مېنى، رەخمەنى قا... قانداق تونۇيسىز؟... بۈگۈن رەخمە مىجەزى يوق بولۇپ ئۆيدە...

— نېمە؟ ئاغرىقمۇ؟

— يا...ياق، ئىككى قات، ئېغىرلىشىپ قالغان. سىز...سىز...

— هە، مۇنداق دەڭا. مېنى ئەجەپمۇ قورقىتىۋەتتىڭىز، — خۇشاللىقتىن قىزنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — مۇبارەك بولسۇن. پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇپسىلەر-دە؟!

شاۋكەت تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمەي، قىزدىن ئەيمىنىپ هە دەپ نېرى سۈرۈلەتتى.

— نېمە بولدى، نىمانداق قاچىسىز؟ — قىز كۈلدى.

— ياق، قاچمىدىم، مەن هازىر هېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. رەخمەنى قانداق تونۇيسىز؟ ئىسمىڭىز؟...

— ئىسمىم دىلخۇمار. راستىنلا ئۇنتۇپ قاپسىز. رەخمەنى نېمىشقا تونۇمايمەن؟ ئىككىمىز ساۋاقداش تۇرساق.

— سىز...سىز بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان دىلخۇمارمۇ؟

— دەل ئۆزى. مەن بىر يىلنىڭ ئالدىدا بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، سىلەرنىڭ تويۇڭلار بولدى. مەن تويۇڭلارغا قاتناشتىم ئەمەسمۇ؟ ئەتىسىلا ئوقۇشقا كېتىپ قالدىم. دەسلەپكى چاغلاردا رەخمەمۇ، مەنمۇ خەت يېزىشىپ تۇردۇق. كېيىن ئوقۇشلارمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ۋاقتى-ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم. شۇنداق قىلىپ خەتلىرىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. بەلكىم توي كۈنى سىزمۇ ماڭا ئانچە دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، تونۇيالماي قالغانسىز، لېكىن رەخمە ئىككىمىز ساۋاقداش هەم بىر مەهەللىلىك.

شاۋكەتنىڭ پېشانىسىدىن بۈرژىدە سوغاق تەر چىقىپ كەتتى. قىزغا قىلغان ئەدەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن هازىر قانچىلىك ئوسال ئەهۋالدا قالغانلىقىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇش ئاهاڭىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— دىلخۇمار، مېنى كەچۈرۈڭ. رەخمە دائىم سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىڭىزنىمۇ مەن ئوقۇغان. چىرايىڭىز پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا ئورۇق، كىچىككىنە قىز ئىدىڭىز. كەچۈرۈڭ، زادىلا تونۇيالماي قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاغىنىلەر بىلەن ئازراق هاراق ئىچىۋالغانلىقىمدىن سىزگە ئەخلاقسىزلىق قىلدىم...

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھېچ ئامال تاپالماي ھەممە ئىللەتنى هاراقتا دۆڭگىدى.

ــ نىمىلەرنى دەۋاتىسىز، شاۋكەت ئاكا؟ ھېچقىسى يوق، ھەممە گۇنا مەندە، مەن سىزگە باشتىلا تونۇشلۇق بەرگەن بولسام ھېچ ئىش بولمايتتى. قىزىقچىلىق بولسۇن دەپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ...

ــ ئەپۇ قىلىڭ، سىڭلىم. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن...

ــ بولدىلا، شاۋكەت ئاكا. مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرسىڭىز مەنمۇ خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن. مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن.

شاۋكەت بېشىنى كۆتىرىپ دىلخۇمارغا قارىدى. قىز بۇ سۆزلەرنى چىن قەلبىدىن ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ساددە، سەمىمى سۆزلىرىدە ۋە چىرايىدا شاۋكەتتىن قىلچە خاپا بولۇش، يىرگىنىش ياكى مەسخىرە قىلىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا شاۋكەتنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشۈپ، يېنىك بىر ئۇھ تارتىۋالدى ـ دە، تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئىچكەن هاراقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغان، ئۇ ئەمدى ھەقىقى سەگىدىگەن ئىدى. زالدىكى يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ياڭراپ تۇراتتى. قارىغاندا، تانسا قىزىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن، هازىر بۇ مۇزىكىلار شاۋكەتنىڭ قۇلىقىغا بايىقىدەك يېقىملىق ئاڭلانمىدى. نىمدۇر بىر نەرسە ئىچىنى تاتىلاۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىرى بۇ جىمجىتلىقنى دىلخۇمار بۇزدى:

ــ ئېيتىڭا، شاۋكەت ئاكا، رەخمەت سالامەت، ئۇبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

شاۋكەت بېشىنى كۆتىرىپ ئاستا جاۋاپ بەردى:

ــ سالامەتلىگى ياخشى...

ــ قاچانراق يەڭگىيدۇ؟

ــ بىر نەچچە كۈنلىگىلا قالدى.

ــ مۇنداق دەڭ، ــ دېدى دىلخۇمار كۈلۈپ، ــ مەن نىمە دىگەن تەلەيلىك ـ ھە! تويۇڭلارغىمۇ ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى تۇنجى پەرزەنتىڭلار دۇنياغا كېلىدىغان چاغدا يەنە ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن ـ ھە!

ــ شۇنداق، بۇ كۆڭلىڭىزنىڭ ياخشىلىغى ـ دە!

شاۋكەت بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. هازىر ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە بىر قىز ئەمەس، بەلكى يۇقۇرى مەلۇماتلىق، مول تەجرىبىلىك، مېھرىبان بىر ئوقۇتقۇچى تەسىرلىك دەرس سۆزلەۋاتاتتى. بۇ، قىز شاۋكەتنى: «سىز ناھايىتى ۋىجدانسىز، تۇترۇقسىز يىگىت ئىكەنسىز. رەخمەتتەك ئىسىل جۈپتىڭىز تۇرۇپ نىمىلەرنى قىلىپ يۈرۈيسىز؟ نومۇس ئەمەسمۇ؟» دىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇمۇ شۇ مەنىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. بىر هازادىن كېيىن شاۋكەت دۇدۇقلىغان هالدا:

ــ رەھمەت، دىلخۇمار. بۈگۈن مېنى ھەقىقەتەن ئوبدان سەگىتىپ قويدىڭىز. سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن. بۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز...

ــ بولۇدۇ، كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، ــ دىدى قىز دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە شاۋكەتنىڭ قولىدىن تارتتى، ــ يۈرۈڭ، ئەمدى تانسىغا كىرەيلى.

شاۋكەت ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتىرىپ، كۈلۈپ تۇرغان قىزغا قارىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. دىلخۇمار شاۋكەتنى خىجىللىقتىن تېزرەك خالاس قىلاي دىدىمۇ، ئۇنى ئۆزلىگىدىن قولتۇقلىۋالدى...

×

زالغا خۇددى قەدىناس ئاشىق - مەشۇق-
لاردەك قولتۇقلىشىپ كىرىپ كېلىشىۋاتقان
شاۋكەت بىلەن دىلخۇمارنى كۆرگەن زىياۋۇد-
دىن بىلەن دىلمۇراتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق-
تىن چەكچىيىپ كەتتى. ئۇلار تەڭلا ئورنى-
دىن تۇرۇپ، شاۋكەت تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.
ئاشۇغىچە تانسا مۇزىكىسى باشلىنىپ قالدى
قىز شاۋكەتنى تارتىپلا تانسىغا چۈشۈپ
كەتتى.

شاۋكەت ھازىر بەكمۇ ئاۋراق «دۇنا-
يىسكى ۋالىس»قا پىقىراۋاتقان بولسىمۇ، نېمە
ئۈچۈندۇر پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ تازا ئەپلەش-
مەيۋاتاتتى. ئۇ بېشىنىڭ سەل قېيىۋاتقانلىقى-
نى، پۈتۈن ئەزايىنىڭ مۇزلاپ تىترەۋاتقان-
لىقىنى ھېس قىلدى. لېۋىنى - لېۋىگە چىشلەپ
بىر مەيدان تانسىنى ئاران ئويناپ بولدى-
دە، مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دىلخۇ-
ماردىن ئەپۇ سورىدى:

— مەن بىر پەس دەم ئېلىۋالاي،
بېشىم قېيىۋاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، ئارام ئېلىڭ، — دېدى قىز
ئىللىق كۈلۈپ ۋە دوستلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

شاۋكەت بوش ئورۇندۇققا كېلىپ
ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىدى، قاياقتىندۇر زىياۋۇددىن
بىلەن دىلمۇرات كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى تەرى-
پىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

— ھەي، — دەپ كۈلدى زىياۋۇددىن ئۇ-
نىڭغا قاراپ، — سەن تېخى بىرگە تەربىيە
بېرىۋاتاتتىڭغۇ، تانسىنىڭ گۈلىنى نەگە ئاپى-
رىپ كەلدىڭ؟ ئۆزەڭگە ھېزى بول جۇمۇ!
رەخمە بىلىپ قىلىپ تاناۋىڭنى قىرىق گەز
تارتمىسۇن يەنە!

زىياۋۇددىننىڭ گېپى تۈگۈشىگىلا دىلمۇ-
راتمۇ قىسىق كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ سۆزلەپ
كەتتى:

— سەنمۇ بوش كەلمەيدىكەنسەن جۇمۇ!
ئېيتقىنا، ئۇ گۈزەلنى ئەجەپ ئوڭايلا ئىندەك-
كە كەلتۈرۈپسەنغۇ؟ سېنىڭ خوتۇنۇڭ بار،
ئاۋارە بولما. ماڭا تونۇشتۇرۇپلا قويامسەن-
يا؟ مەنلا ئالاي بولمىسا!

— تولا ۋالاقلىما! — ۋاقىرىدى شاۋكەت
ئۇنىڭغا ئالىيىپ.

— ۋاھ، خېلى كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان
ئوخشىمامدۇ؟ — زىياۋۇددىن شاۋكەتنىڭ بىقى-
نىغا نوقۇزدى، — ھېلىتىن قورۇۋاتامسەنغۇ؟

— تولا گەپنى قويۇپ كۆزۈمدىن يوقى-
لىشقىنا!

شاۋكەتنىڭ بۇ ئوشتۇمتۇت ئۆزگىرىشىنى
چۈشىنەلمىگەن زىياۋۇددىن بىلەن دىلمۇرات
بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. شۇ ئەسنادا
مۇزىكا باشلىنىپ قالدى. ئۇلار: «توختاپ
تۇر، سېنىڭ بىلەن كېيىن سۆزلىشىمىز!» دې-
يىشىپ قىرىپ تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى.

شاۋكەتنىڭ كۆز ئالدى تۇمانلاشقاندەك
بولدى. ھازىر ئۇنىڭغا ھېچنېمە خوشياقمايتتى.
ئۇ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا تانسا
ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دىلخۇمار بىلەن
خوشلىشىپ، دەرھال ئۆيىگە قايتماقچى بولدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى دىلخۇمارنى ئىزلەۋاتاتتى.
ئەنە، يېڭىلا تانسىدىن چۈشكەن دىلخۇمار
شاۋكەتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ قاراۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ يۈگۈرۈپ شاۋكەتنىڭ يېنىغا
كەلدى.

— شاۋكەت ئاكا، نېمە ئورنىڭىزدىن
تۇرۇۋالدىڭىز، مېنى ئىزلەۋاتامسىز؟

— ھەئە. مەن قايتايمىكىن.

— بىردەم ئويناپ كەتمەمسىز، تېخى
ئەتىگەنغۇ، يا مەندىن رەنجىپ...

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس،
رەنجىش ئەمەس. بەلكى سىزدىن چەكسىز

(ئاخىرى 119 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كارامەتچى

(ھېكايە)

گايىت مۇسا

— شەھىرىمىزگە بىر ئەما رەمبال كەپتۇ، — دېدى ئاغىنىمىز روزاخۇن بىر كۈنى چۈشلۈكى ياتاقتا، — ئەزبىرايى، ئۇ شۇنداق تاپقۇر ئىكەنكى، ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كېلىدىغان جىمىكى ئىشلارنى خۇددى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئېيتىپ بېرىدىكەن.

روزاخۇن ئاقسېرىق كەلگەن، بويى ئۆستەكلەك، ئاقكۆڭۈل لېكىن كالتە پەمرەك يىگىت ئىدى. نىمىشقىدۇر ئاۋازى ئىنچىكە بولغانلىقتىن، ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسە ئاۋازىدىن قىز بالا دەپلا ئويلايتتى.

— قويساڭلارچۇ، قۇرۇق گەپنى، — دېدى دوستىمىز ئەكرەم، — كونىلار «رەمچىنىڭ رىيىمىدىن، ئۆزەڭنىڭ خىيالى دۇرۇست» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

مەنمۇ ئەكرەمنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. روزاخۇننىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكىمىز ئۇنىڭغا ھار كەلدى.

— ۋاي ئاداشلار، مۇشۇ بويۇم بىلەن يالغان ئېيتامدىمەن، — دېدى ئۇ سەل تېرىككېرەك، — كەچتە بىللە بارايلى بولمىسا، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرسەڭلىغۇ ئەپۇكىلىللا دەرسىلەر.

گەرچە ئىشەنمىگەن بولساقمۇ، روزاخۇننىڭ رايى ئۈچۈن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، بىرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇق.

كوچىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان ئىككى ئىمارەت ئوتتۇرىسىدا چېقىلىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئۆي بولۇپ، رەمباللار شۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقنى ئىگەللەپ ئېلىشقان ئىكەن.

بىر ھىلىقى ئەما رەمبالنىڭ ئۇقتى راسا راۋانلىشىۋاتقان پەيتكە ئۇلگۇرۇپ بېرىپتىمىز. ھىلىقى بوشلۇقنىڭ بىر بۇرجىكىگە 20 - 30 چە ئادەم دۈۋىلىشىپ ئالغان بولۇپ، ھەممىسى ئالدىغا ئېڭىشكەن ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلىشكەن ئىدى. تاۋىقىغا توپا چۈشكەن باشقا رەمباللار بولسا بىر چەتكە سىغداپ چىقىرىلغان ئىدى. بىزمۇ كۆتەككە ئۇرۇلغان پاندەك توپقا قىستىلىپ كىردۇق.

توپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بولۇپ، كەينىدىكىلەرنىڭ

قىستىشى ئارقىسىدا قولى بىلەن يەرگە تايىنـ
نىشىپ ئاپتۇ. توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېشى قىـ
رىقلاردىن ھالقىغان، قاپاق بۇرۇن، قارامتۇل
يۈزىنى قويۇق چاڭگا ساقال قاپلىغان كارا-
مەتچى ئولتۇراتتى. ئۇ بىرسىگە رەم سېلىپ
بولغان ھامان ئەتراپتىكىلەر: «ماڭا سېلىپ
قويسىلا، ۋاي ماڭا...» دەپ تېخىمۇ ئالدىغا
سىلجىشاتتى. ئۇ نۆۋەتتىكى ئايالدىن پۇلىنى
ئېلىپ بارماقلىرى بىلەن تەكشى سىلاپ چامـ
لاپ چىققاندىن كېيىن، كالپۇكىغا تەككۈزدى-
دە، «بىر كوي ئىكەن» دەپ يېنىغا سالدى.
بۇنى كۆرۈپ بىرمۇ قىزىقىشقا باشلىدۇق ۋە
ئىختىيارسىز ئالدىغا سۈرۈلدۇق. روزاخۇن:
«ھە، قانداق؟ مەن دىمىدىممۇ!» دىگەندەك،
بىزگە مەنالىق قاراپ قويدى.

— ئاتلىرى نىمە؟ — دەپ سورىدى كا-
رامەتچى ھىلىقى ئايالدىن.

— نىساخان، — دىدى ئايال زەئىپ
ئاۋازدا.

كارامەتچى تۆلگە تاشلىرىنى ئوچۇمىغا
ئېلىپ، قانداقتۇر بىر غايىپ ئاۋازغا قۇلاق
سېلىۋاتقاندەك ئۇنى ئاستا ۋە ئۇزاق شا-
راقلاتتى - دە، ئالدىدىكى بوز تاغارنىڭ
ئۈستىگە قۇيدى. ئاندىن كېيىن غاراڭ - غۇ-
رۇڭ ئاۋاز بىلەن «جىم - جىم دارا، تۇتتۇم
تارا... بادەك ئاتا، شادەك ئاتا ... يا-
ھەييۇم، ياقەييۇم... ئاللاھۇمە يارەببىم...»
دىگەندەك چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى ئوقۇ-
غانچە تاشلارنى سىلاپ ئىككىدىن، ئۈچتىن
قىلىپ ئايرىپ چىقتى ۋە چىرايىدا بىردىنلا
چۆچۈش ئالامىتى پەيدا بولدى.

— ۋاي بىچارە نىساخان، ئۆزلىرىگە ئېغىر
بىر بالايى - قازا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ
بىشارەتلىرى شۇكى، تەلەيلىرى كاج كېلىپ،
ئىش - ئوقەتلىرى ئوڭغا تارتمايدىكەن، مال-
ۋارانلىرى قىسىر قالىدىكەن، تېرىغانلىرىنى
كۆك پىت باسىدىكەن، ھەتتا مىكىيانغا تۇ-
خۇم باستۇرسىلىمۇ تەڭدىن تولىسى پالاق
بولۇپ كېتىدىكەن، — دىدى ئۇ تولىمۇ قايـ
غۇرغان تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا گويا دەرت -
ھەسرەت تاشلىرى رەم سالدۇرغۇچىنى
ئەمەس، رەمچىنىڭ ئۆزىنى باسقاندەك بىر
خىل ھالەت نامايەن بولدى. كارامەتچىگە
تەلمۈرۈش بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ
كۆزىنى ئىختىيارسىز ياش قاپلىدى.

— سەۋر قىلسىلا نىساخان، «خۇدا
كۆزدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىدىن ئايرىماس»
دىگەندەك، ياراتمىش ئاللا ئىگەم بەندىسىگە
كەلتۈرگەن بالا - قازانىڭ داۋاسىنىمۇ قو-
شۇپ ياراتقان، — دىدى كارامەتچى يەنە
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — داۋاسىز كېسەل
بولمىغاندەك، ئامالسىز مۈشكۈلاتمۇ يوق. شۇ
تاپتىكى تەقدىر - پىشانىلىرىنى يوپۇرماقلىرى سار-
غىيىپ سولاشقان دەرەخكە ئوخشىتىش كېپايە.
ئەنە شۇ دەرەخنى ئۆز مەيلىگە تاشلىۋەتسە
تەھقىق قۇرۇپ تۈگەيدۇ. لېكىن تۈۋىنى
يۇمشىتىپ، سۇغىرىپ ئامال قىلغاندا، قايتىـ
دىن ياشىرىپ كەتىسىمۇ ئەجەپ ئەمەس. بەس،
ئەمدى ئۆزلىرى ساۋاپلىق ئىشلارغا يېقىن
تۇرۇپ، مازايى - ماشايىخلارغا سېغىنىپ ياغ
پۇراتسىلا، ئاجىز - ئورۇق، غېرىپ - غۇرۋالار-
غا خەيرى - ساخاۋەت قىلسىلا، ئۇلۇغلاردىن
دۇئا ئالسىلا، ئاللا بالا - قازالاردىن سىلنى
يىراق قىلغۇسى.

ئالدىدا يورۇق دۇنيانىڭ پاراغەتلىرى-
دىن قول ئۈزگەن بىر بىچارە تۇرغاندا دۇئا
ئالىمەن دەپ يەنە كىمنى ئىزدىسۇن؟ ئايال
پۇل چېگىلگەن ياغلىقنى يېشىپ پارچە پۇلـ
لار ئارىسىدىن ئىككى كويلۇقتىن بىرنى سۇ-
غاردى - دە، كارامەتچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئاز بولسىمۇ كۆپكە سانىپ بىر
دۇئا بەرگەن بولسىلا...

شۇنداق قىلىپ ھايت - ھۇيت دېگىچە بۇ ئايالنىڭ ئۈچ يۈەن پۇلى كارامەتچىنىڭ يانچۇقىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن چۈشۈپ كەتتى.

كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش — بۇ كارامەتچى ئالدىدا خۇددى توپا ئاستىدىن ياڭيۇ تەرگەندەكلا ئوڭاي ئىش ئىدى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە يەنە تۆت - بەش ئايالنىڭ قىسمەت كىتاۋىنى ۋاراقلاپ، بەزىسىنى كۈلدۈرسە، بەزىسىنى يىغلىتىپ، يانچۇقلىرىدىكى پۇلىنى سۇغاردى.

رەمبالنىڭ كارامىتىگە ئەمەس، ئۇنىڭ شاراقلاپ تۇرغان پۇللارنى خۇددى كەچ كۈزدە غازاڭ سۈپۈرگەندەكلا ئەجىرسىز يىغىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولغان ئەكرەم ئىختىيارسىز مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

بۇ چاغدا روزاخۇن بىر كوينى كارامەتچىگە تۇتقۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

— ئاتلىرى نىمە؟ — دەپ سورىدى رەمبال تاشلىرىنى ئۇچۇمىغا يىغىپ ئېلىشتۇرۇپ.

— روزاخۇن.

رەمبال چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى گۇدۇڭشىغاچ رەم تەرتىۋىنى بېجا كەلتۈردى - دە، بىردىنلا چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى.

— ئۆزلىرىگە چۈشكەن رەم — ئايەتۇللەكىنى، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ۋە بۇ پالنىڭ خاسىيىتى ئۈچۈن ئاۋال بىر سەدىقە بەرسىلە.

— راست، ئايەتۇللەكە ئاسانلىقچە چۈشمەيدۇ. بىر نەرسە سەدىقە قىلمىسىلا بولمايدۇ، — دېيىشتى ئەتراپتا تۇرغان بىرنەچچە كىشى.

بۇلارنىڭ سالاسى تامامەن ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى روزاخۇن ئاللىقاچان يەنە بىر كوينى چىقىرىپ رەمبالغا تۇتقۇزۇپ بولغان ئىدى.

روزاخۇن رەمبالغا قوشۇلۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خەيرلىك سۆزلەرنى تولۇق ئاڭلاپ، پىششىق خاتىرىلەپ ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئالدىغا سىلجىدى ۋە كەلگۈسى بەخت - سائادىتىنى تەنتەنە قىلغاندەك بىزگە مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— پىشانىلىرى ئوچۇق، رىسقىلىرى پۈتۈن، تەلەيلىرى ئوڭ ئىكەن روزىخان، ئەرلىرى بىلەن ئەپ ئىكەنلا، بويلىرىدا بار ئىكەن، ئوغۇل...

— مۇبارەك بولسۇن روزاخۇن، مۇنداق يەرلىرىمۇ بار، دەڭلا تېخى، — دەۋەتتى ئەكرەم ئۆزىنى تۇتالماي كۈلگىنىچە.

رەمبال غىتىقىدە بولۇپ قالدى. كۆتىرىلگەن قاتتىق كۈلكىدىن ئەجەبلەنگەن كىشىلەر گۇررىدە ئولاشتى.

— يوقال بۇ يەردىن، ھۇ ئىمانسىزنى گۆرۈڭگە قىيغان رەزگى! — دەپ ۋاقىرىدى روزاخۇن ۋە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان پېتى رەمبالنىڭ قولىغا چىقىقان لاقا - لۇقىسىنى پۇرلەپ كىشىلەرنىڭ بېشىدىن چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئابرويى تۆكۈلگەنلىكتىن، غەزىۋى ئاخىرقى چەككە يەتكەن ئىدى. بۇرۇن تۈۋشۈكلىرى كېرىلىپ، چېكە تومۇرلىرى چوڭ كىدەك كۆپۈپ چىقىقان ئىدى. ئۇ قولىمىزدىن بوشىنىش ئۈچۈن ھە دەپ يۇلقۇناتتى. رەمبال دەسلەپتە بۇ قۇيۇندىن مەڭدەپ قالدى. لېكىن ئۆزى سادىر قىلغان «كارامەت»نىڭ تەكتىگە يېتىش بىلەنلا ھودۇقۇشتىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە، يېنىدىكى چار خۇرجۇنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ شۇمشەيگەن پېتى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. قالغان رەمچىلەرمۇ بۇ چاغدا كۈشەندىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەشىنى توغرىلاشقان ئىدى.

# كاككۇكنىڭ رىۋايىتى

يالقۇنجان ئىسلام

«ئۆزەم تاپقان بالاغا،
نەگە باراي داۋاغا.»
(خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن)

## مۇقەددىمە

ئېچىپ قۇچاق ئەلگە گۈزەل باھار پەسلى،
تەبىئەتنىڭ ياشنايدىغان ناھار پەسلى،
تاڭ قىزىنىڭ مەڭزى ئوتتەك چوغلانغاندا،
تۈن موممىسى يىراقلارغا قوغلانغاندا،
خۇشاللىقتىن تۆكۈپ مونچاق ياشلىرىنى،
مەجنۇن تاللار تاراپ سۇمبۇل چاچلىرىنى،
ئۆستەڭلەردە سۇلار ئويناپ ئاققىنىدا،
قىرغاقلارغا كۆكرىگىنى ياققىنىدا؛
كۆكەرگەندە ئېتىزلاردا بىدە ـ كۆكلەر،
تولغىنىدا يېڭى كۆككە تاۋاق، بۆكلەر،
شوخ مايسىلار كۆلگىنىدە ۋىلىق ـ ۋىلىق،
سوققىنىدا ئەكىلىتىپ شامال ئىللىق،
بوز تورغايلار قىردىن ـ قىرغا ئۇچقىنىدا
پەرۋاز قىلىپ كەڭ سامانى قۇچقىنىدا؛
ئېچىلغاندا باغلار ئارا گۈل ـ چېچەكلەر،
تاپقىنىدا سەيلىسىنى كېپىنەكلەر،
قىزىلگۈللەر پۆرەك بولۇپ ياشنىغاندا،
بۇلبۇل ئۆزىن يار قوينىغا تاشلىغاندا؛
ۋىسال بەختى جۈپ كۆزلەرنى ياشلىغاندا،
ئاشۇق ـ مەشۇق شىرىن سۆھبەت باشلىغاندا،

www.uygburkitap.com

يىراق سەھرا، يېزا ـ قىشلاق يوللىرىدا،
ئېتىز ـ قىرلار، ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرىدا.
كۆكۈللەرنى تولدۇرۇپ مۇڭ ناۋاسىغا،
قونۇۋېلىپ تال، تېرەكلەر جالاسىغا،
كۆز ئالدىڭدا كاككۇك قۇشى بولار پەيدا،
سايراشلىرى قىلىپ دىلنى خۇمار، شەيدا.
سايرىشىنى ئاڭلىساڭ، ھەر ئاڭلىغانچە،
كېلەر زوقىڭ ۋە داڭلىغۇڭ داڭلىغانچە.
بىر سېھرى كۈچ ئۇنىڭ مۇڭلۇق نىداسىدا،
«كاككۇك!
كاككۇك!»
دىگەن يۈرەك ساداسىدا؛
سايرايدۇ ئۇ، ئۈز ھالىدىن كەتكىنىچە،
نالە ـ پەريات بىلەن ياشلار تۆككىنىچە.
ئۇ ئەزەلدىن دەرتمەن بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟
يۈرەك باغرى ھەسرەت بىلەن مۇجۇلغانمۇ؟
بار بۇ ھەقتە ئەلنىڭ نۇرغۇن رىۋايىتى
بىر ـ بىرىدىن قىزىقارلىق ناھايىتى.
سۆزلەي ئۇنىڭ ماڭا يېقىپ قالغىنىنى،
يۈرىكىمگە ھەۋەس ئوتىن سالغىنىنى.

1

بۇرۇنىسى — زامانلارنىڭ زامانىدا،
تۇران دىگەن بىر قەدىم يۇرت تامانىدا،
ھازىرقى بۇ دەشتى قۇملۇق «تەكلىماكان»
ئىكەن ئەسلى زەپ چىرايلىق «تەكلىك ماكان».
ئاسمىنىدا توپ ـ توپ قۇشلار ئۇچۇپ يۈرگەن،
بۇلۇت كەبى ھەريان ئۈزۈپ ـ كۆچۈپ يۈرگەن.
قاردەك ئاپپاق ئاققۇلارنىڭ قاناتلىرى،
ئۆتەر ئىكەن يايراپ مۇندا ھاياتلىرى.
قىرغاقلىرى ياپ ـ يېشىللىق كۆزۈڭ يەتمەس
گۈزەللىكتە تەرىپىگە سۆزۈڭ يەتمەس؛
ئېپتىدائى ئورمان، ياۋا توغراق، تېرەك،
تەنلىرىگە قۇچاق يەتمەس، ئاسمان پەلەك؛
تاڭ شەپىغى كەبى جاڭگال ئېتەكلىرى،
بوپ كېتەركەن كۆلسە يۈلغۇن چېچەكلىرى.

مەي باغلىغان شاخلار ئارا ئالما، ئۆرۈك،
ياۋا ئامۇت، ئەينۇللار شۇنچە چۈچۈك.
يېتىپ كەتكەن يەردە تاللار پىلەك تاشلاپ،
ھەر پۇتاقتا مەرۋايىتتەك ئۈزۈم چاقناپ.
رەڭمۇ - رەڭ گۈل ھۇپپىدىلا ئېچىلغان كۆپ،
خۇشپۇرىقى ھەر تەرەپكە چېچىلغان كۆپ.
ئەجەپ ياڭراق كۈيچى قۇشلار ناۋالىرى،
جاراڭلىتار ئورماننى شوخ سادالىرى.
شاتۇتىلار تۆكەر شېكەر تىللىرىدىن
ۋە ياغدۇرۇپ چىن مەدھىيە دىللىرىدىن
قانىتىنى ئاچار سۆلەت بىلەن تاۋۇس،
كۆك قەرىدە قىلار پەرۋاز، ئۇچۇپ قېقنۇس.
يولۋاس، يىلپىز يۈرۈشەركەن توپى بىلەن،
زىراپىلار ئوتلىشاركەن جۈپى بىلەن.
ئاھۇ، كىيىك سۇ بويىدا قاراپ تۇرغان،
بۇلاقلاردا ئەكسى نازلىق ماراپ تۇرغان.
توشقانلارنىڭ كۆپلىگىدىن سانى يوقكەن،
يۈگرەشلىرى، چاقماق ياكى خۇددى ئوقكەن.
شۇ ئورماندا بىر توپ خەلق ياشايدىكەن،
ئۇۋچىلىقتىن ئۆمرى گۈلدەك ياشنايدىكەن.
ئەرلىرىنىڭ شىردەك ئىكەن يۈرەكلىرى،
پىشقان ئىكەن ئوق - يا ئېتىپ بىلەكلىرى.
مىنگەن ئېتى بوران بولۇپ ئۇچىدىكەن.
كۆك قەرىگە ئۆرلەپ يۇلتۇز قۇچىدىكەن.
قوللىرىدا نەيزە، ئوق - يا، چوماقلىرى،
يەلپۈنەركەن باشتا سالۋا تۇماقلىرى.
كىيىنىشى ئىكەن يولۋاس تېرىلىرى،
بىر - بىرىدىن كۆركەم ئىكەن كىيىملىرى.
قەد - قامىتى چىنارنىلا ئەسلىتەركەن،
ھەيۋىتىدىن تاغلارنىمۇ پەسلىتەركەن.
جاڭگاللاردا بۇغا - مارال ئوۋلايدىكەن،
ئات ئۈستىدە موللاق ئېتىپ ئوينايدىكەن؛
كەچتە ئوۋدىن خوشال - خورام يانار ئىكەن،
ئەتراپىنى تەنتەنىلەر قاپلار ئىكەن.
قىزلىرىمۇ چىرايلىقكەن بىر - بىرىدىن،
بىرى چولپان، بىرى كۆكنىڭ ھۆكىرىدىن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاقنايدىكەن ئاينىڭ نۇرى يۈزلىرىدە،
مەھلىيالىق كۆچى ئاھۇ كۆزلىرىدە؛
لېۋى دائىم تەبەسسۇمدىن ئېچىلاركەن،
تىنىغىدىن مۇشكى ئەنبەر چېچىلاركەن.
ئاخشاملىرى ئاي بېشىدىن كەتمەيدىكەن،
قۇياش ئاڭا تازىم قىلماي ئۆتمەيدىكەن؛
بوستان چېچى تاپىنىدا سۆرۈلەركەن،
ئارقىسىغا تال - تال قىلىپ ئۆرۈلەركەن؛
لىباسلىرى ئۆزىگە خوپ ياراشقانىكەن،
ھەسەن - ھۆسەن تۈرقىدىن رەڭ تالاشقانىكەن.
كۆندۈزلىرى ياغاچ يىمىش تېرەر ئىكەن،
ئورمانلاردا ئۈزۈم ئۈزۈپ يۈرەر ئىكەن؛
ئاخشاملىرى شىرىن تائام ئېتەر ئىكەن،
پالۋانلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتەر ئىكەن.
تويغىنىدا قىساق مىزىلىك كاۋاپ بىلەن،
تەڭشەلگەندە راسا گۈلگۈن شاراپ بىلەن،
يېقىپ قويۇپ ئوتتۇرىغا گۈلخانلارنى،
ھاسىل قىلىپ كەڭرى سورۇن - مەيدانلارنى،
بايرام قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپ ئوينىشاركەن.
قىز - يىگىتلەر مەشرەپ بېرىپ تويلىشاركەن.
ئەنە ئاشۇ ئەل - جامائەت قاتارىدا،
سەرۋى قامەت ئۆسكەن پەسلى باھارىدا،
بىر ئەزىمەت يىگىت باركەن ئەجەپ پالۋان؛
قەد - قامىتى بەك كېلىشكەن، كۆچكە تولغان؛
بىرجۇپ كۆزى ئەقىل بىلەن يېنىپ تۇرغان،
ماڭلىيىدىن نۇسرەت نۇرى يېغىپ تۇرغان.
ئەل ئىچىدە «كاككۇك» ئىكەن ئۇنىڭ ئىسمى،
ئىسمىغا خوپ يارىشىملىق ئىكەن جىسمى.
جاڭگال يوقكەن ئۇ ئوۋ قىلىپ بارمايدىغان،
مىنگەن ئېتى — قۇلان ئىكەن ھارمايدىغان.
ئاتقان ئوقى خاتاسىزلا تېگەر ئىكەن،
يىراقلاردىن يىراقلارغا كېتەر ئىكەن.
يولۋاسلارنى كۆرسە تېنەپ تۇرمايدىكەن،
يىلپىزلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىكەن.
ئاتىدىكەن ئوقنى چەنلەپ كۆزىگىلا،
تېگىدىكەن ئوق قاراقنىڭ ئۆزىگىلا.

ۋەھشى مەخلۇق ئىزىغىلا يىقىلاركەن،
كۆكرىگىگە نەيزە كىلىپ تىقىلاركەن.
ئوۋلايدىكەن ھەر خىل ئىسىل جانۋارلارنى،
كىزىپ يىراق ئورمانلارنى — جاڭگاللارنى.
بىر - بىرىدىن ئىسىل ئىكەن ئولجىلىرى،
تولار ئىكەن غەنىمەتكە خۇرجۇنلىرى.
كەچتە قىزلار ئۇنى ئوراپ ئېلىشاركەن،
ئېلىپ كەلگەن سوغاتلارنى تالىلشاركەن.
قۇش پەيلىرىن باشلىرىغا قادىشاركەن،
ئۆزلىرىنى ئەڭ بەختلىك سانىشاركەن.
ئىكەن كاككۇك، بەكمۇ سىخى، قولى ئوچۇق،
كۆڭلى ئوچۇق، شۇڭا تۇتقان يولى ئوچۇق.
شەھەرلەرگە مال ئاپىرىپ ساتمايدىكەن،
پۇل - بايلىققا ھەرگىز ئۆزىن ئاتمايدىكەن.
ئويلىغىنى پەقەت كۆنى ئۆتسە بولدى،
نەپ يەتكۈزۈپ ئەلنى رازى ئەتسە بولدى.
ئىكەن شۇڭا كەمبەغەل ئۇ، بىساتى، كەم،
ئۆتەر ئىكەن يالغۇزلۇقتا ھاياتى ھەم.
ۋالىدەسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن،
دادا ئۇنى نارسىدە قويۇپ كەتكەن.
ئۆسكەن كاككۇك ئىشەنچ باغلاپ بىلىكىگە،
ئەل پەرۋىشى سىڭگەچ ئۇنىڭ يۈرىكىگە.
يىگىرمە ياش چىغى ئەلنىڭ كۆزى بولۇپ،
يېتىشىپتۇ خۇددى سۇمرۇغ ئۆزى بولۇپ.
قىزلار ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەر ئىكەن،
لېكىن قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرەر ئىكەن.
كاككۇك نەيىنى قوللىرىغا ئالغىنىدا،
ئەجەپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالغىنىدا،
قىزلار جىمجىت تۇرۇپ قۇلاق سالار ئىكەن،
ناۋاسىدىن چەكسىز لەززەت ئالار ئىكەن.
ماڭسا، تۇرسا يىگىتنىلا ئويلايدىكەن،
خۇمار كۆزلەر كۆرۈپ ئۇنى تويمايدىكەن.
بىراق ئۇلار يىگىتكە سۆز تاشلىسىمۇ،
پۇرسەت تېپىپ خالى سۆھبەت باشلىسىمۇ،
كاككۇك قىلچە پەرۋا قىلماي يۈرەر ئىكەن،
سوئاللارغا تۈزلا جاۋاپ بېرەر ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوغۇزىغا يۇتۇپ قىزلار سۆزلىرىنى،
قالار ئىكەن نەمدىگەنچە كۆزلىرىنى.

2

بىر يىلى زەپ خاسىيەتلىك باھار كەپتۇ،
كۆڭۈللەرنى يايرىتىپ شاد، ناھار كەپتۇ؛
يەر - زېمىن بۇك باراخسان كۆكىرۈپتۇ،
گۈل - گىيالار زېمىندىن باش كۆتۈرۈپتۇ.
ئورمانزارلار يېشىللىققا ئايلىنىپتۇ،
قۇچىغىدا ھايات يەنە جانلىنىپتۇ.
ئاكتىلىنىپتۇ دەريالارنىڭ شاۋقۇنلىرى،
قىرغاقلاردىن ئۆرلەپ ھەيۋەت دولقۇنلىرى.
پۆرەكلەپتۇ لەيلىقازاق غۇنچىلىرى،
يېيىلىپتۇ تال - سۆگەتلەر سۇمبۇللىرى.
قىزىلگۈللەر قات - قات بولۇپ كۈلۈپتۇدەك،
گۈل شېخىغا بۇلبۇل كېلىپ قونۇپتۇدەك.
بۇغا، مارال ئورمانلاردا يايرىشىپتۇ،
شاتۇتىلار زوق - شوق بىلەن سايرىشىپتۇ.
سەكرىشىپتۇ توشقانلارنىڭ بۆجەنلىرى،
چۇكۇلداپتۇ قاشقالداقنىڭ چۆجىلىرى.
مىنگىنىچە كاككۇك بىر كۈن تۈلپارنى،
بىلىكىگە قوندۇرۇپ ئۇۋ شۇڭقارنى؛
ئاسقىنىچە نەيزە، ساداق، ئوق - ياسىنى،
ئېشىپ يوللار كېچىپ تارىم دەرياسىنى،
ئاجايىپ بىر گۈزەل جايغا كېلىپ قاپتۇ،
ئۇندا ئەجەپ بىر ئىسىل قۇش كۆرۈپ قاپتۇ.
ئولتۇرارمىش ئىگىز چىنار شېخىدا ئۇ،
مەپتۇن قىلىپ ئالەمنى ئۆز تۇرقىغا ئۇ.
بېشىدا تاج، جۇلالىنىپ يېنىپ تۇرغان،
سۆلىتىگە يەنە سۆلەت بېرىپ تۇرغان.
قۇيرۇقىغا ھەسەن - ھۈسەن ئېسىلغاندەك،
قانىتىغا گۈل - كەشتىلەر بېسىلغاندەك.
قانچە ئىشقا سېلىپمۇ سۆز سەنئىتىنى،
مۇمكىن ئەمەس سىزىش ئۇنىڭ سۈرىتىنى.
چىكىت - چىكىت خاللار يۇمشاق مەيدىسىدە،
تىلسىماتنىڭ سىرى ئۇماق گەۋدىسىدە.

كاككۇك تامان مەغرۇر قاراپ تۇرار ئىمىش،
بىر جۈپ كۆزى يۇلتۇز ئىمىش، خۇمار ئىمىش.
كاككۇك مۇنداق قۇشنى كۆرۈپ باقمىغانكەن،
بۈگۈنكىدەك زادى ھەيران قالمىغانكەن.
قارىغانچە قۇشقا ئەقلى لال بولۇپتۇ،
تازىم قىلىپ قەددى ئۇنىڭ دال بولۇپتۇ.
يوقىلىپتۇ ئەقلى - ھۇشى بارغانسېرى،
جامالىغا قۇشنىڭ نەزەر سالغانسېرى.
قولىدىكى ئوق - ياسىنى ئوينىماپتۇ،
كاككۇك ئۇنى ئوۋلىماقنى ئويلىماپتۇ.
تەلپۈنمەپتۇ قانات ئۇرۇپ شۇڭقارىدۇ،
ھۆركۈتمەپتۇ كىشنەپ ئۇنى تۇلپارىدۇ.
كاككۇك تۇرغان ئىزىدىلا تۇرۇپ قاپتۇ،
ياقىسىنى چىشلەپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ.
تۇرغىنىدا نىمە ئىش بۇ بىلەلمەستىن،
ھۇشىغىمۇ كاككۇك تۈزۈك كېلەلمەستىن،
ئالدىدا بىر سېھرى - ھىكمەت ئېچىلىپتۇ،
ئۇ جانىۋارنىڭ قاناتلىرى تۆكۈلۈپتۇ.
قارشىسىدا بىر پەرىزات بوپتۇ پەيدا،
تۇنجى بېقىش بىلەن ئۇنى قىپتۇ شەيدا.
ئاي دىسەك گەر، يۇلتۇز ئوخشاش كۆزى بارمىش،
قۇياش دىسەك ئۇندىن نۇرلۇق يۈزى بارمىش.
ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي ئىمىش زۇلپى ئۇنىڭ،
سۇدىكى گۈل شولىسىدەك تۇرقى ئۇنىڭ.
ئېلىشلىرى نەپەس بەكمۇ ناتىۋانە،
كۆزلىرىدە ياش تامچىسى دانە - دانە.
لىباسلىرى ھىلىلدىن، يارىشىملىق،
رەختى ئىسىل قامىتىگە خوپ پىچىملىق.
خۇددى ئاققۇ مەيدىسىدەك كۆكرەكلىرى،
ئەسلىتەركەن قارنى ماموق بىلەكلىرى.
سەرۋى كەبى كېلىشكەنكەن قەددى شۇنچە،
چېھرىسىدە شوخ تەبەسسۇم، لېۋى غۇنچە.
ئېتەكلىرى شوخ شامالدا يەلپۈنەرمىش،
جىمى جانلىق ئۇ گۈزەلگە تەلپۈنەرمىش.
ھالقا قىلىپ ئالغان ئىمىش گۈل چېچەكلەر
ئايلىنارمىش ئەتراپىدا كېپىنەكلەر.

www.uyghurkitap.com

بىراق كاككۇك ئۇنى تۇزۇك كۆرگۈچىلىك،
ئىسمى، زاتى نىمە؟ سوراپ بىلگۈچىلىك،
بىردەمدىلا ئۇ قىز غايىپ بولۇپتۇدىك،
يىگىت ياقا يىرتقىنىچە قېلىپتۇدەك.
يالقۇنلىنىپ يۈرىگىدە قىزنىڭ مېھرى،
بولۇپ پەيدا كۆز ئالدىدا ئوماق چېھرى.
يۈرىگىنى سىلاپ بىردىن «ئاھ!» دىگەنچە
ئوت ئىچىدە كۆيۈپ جىسمى «پاھ!» دىگەنچە
ئاتلىنىپتۇ كاككۇك قىزنى تاپماق بولۇپ،
قۇچىقىغا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاتماق بولۇپ.
بولسا ئەگەر ئۇ كۆك ئاسمان ئاستىدىلا،
يەتتە ئىقلىم، مۇشۇ زىمىن ئۈستىدىلا.
ۋىسالىغا ئۇل پەرىنىڭ يەتمەك بولۇپ،
يار يولىدا جاننى نىسار ئەتمەك بولۇپ.
مېڭىپتۇدەك كاككۇك تىنماي نەچچە كۈنلەپ،
تاماق يىمەي، كۆزىنى يۇمماي نەچچە كۈنلەپ
كىرگەن ئىمىش قورقۇنچلۇق جىرالارغا،
يامىشىپتۇ تىك چوققىغا، قىيالارغا.
تىتما - تىتما بوپ كېتىپتۇ چاپانلىرى،
بويۇلۇپتۇ قانغا ئالقان، تاپانلىرى.
مېڭىپ - مېڭىپ كاككۇك ھالدىن كەتكىنىدە،
ئاچارچىلىق ئۇنى نىمجان ئەتكىنىدە،
بىر كۈنى بىر تاغ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ،
ئۆزى بىلەن ئېتىمۇ تەڭ ھېرىپ قاپتۇ.
تاغ ئىكەن ئۇ ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان،
چوققىلىرى بۇلۇت بىلەن قۇچاقلاشقان.
ياتار پەستە ئۆيدەك - ئۆيدەك قورام تېشى
ئارچا، قارىغاي كۆكنى تىرەپ تۇرغان بېشى.
كەڭرى يايلاق، تۇتاش كەتكەن ياپ - يېشىللىق،
سوقار مەيىن تاغ شامىلى بەكمۇ ئىللىق؛
جىلغىلاردا سۈزۈك سۇلار ئاقىدىكەن،
زۇمرەت بولۇپ كۆزلىرىڭنى چاقىدىكەن،
كاككۇك ئاتنى يايلاقتا دەم ئالدۇرۇپتۇ،
شۇڭقارىنى قورام تاشقا قوندۇرۇپتۇ.
سۈزۈك سۇنى ئوچۇمدا ئىچىپ قانماي،
يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، سۇنى كېچىپ قانماي،

قىرغا چىقىپ خىياللارغا پاتقىنىچە،
ئۇخلاپ قاپتۇ چىمەنلىكتە ياتقىنىچە.
«تۇر!» دېگەندەك بىر سادادىن ئاچسا كۆزىن،
كۆرۈپتۇدەك غەيرى ئەھۋال ئىچرە ئۆزىن.
ئالدىدىلا ئىزدىگەن قىز تۇرغىدەكمىش،
مانا- ئاڭا قاراپ نازلىق كۈلگىدەكمىش.
ئۇن بەشكەن، ئاينىڭ راسا تولۇن بولغان،
كەڭ كائىنات سۈتتەك ئاپپاق نۇرغا تولغان.
بارچە جانلىق ئۇيقۇسىغا كەتكەن مەھەل،
تەبىئەتمۇ غەپلەتكە دەل چۆككەن مەھەل،
دەريالارنىڭ يوقكەن ھەيۋەت شاقىرىشى،
يولۋاسلارنىڭ نەرە تارتىپ ۋاقىرىشى.
پەقەت كۆكتە سانسىز يۇلتۇز ئويغاق ئىكەن،
قىلىقلىرى بىر - بىرىدىن ئوماق ئىكەن.
تۇرارمىش قىز ئالدىدىلا ئۇنىڭ مانا،
گۈزەللىشىپ ئاۋالقىدىن ھەسسە يانا.
ئەس - ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ كاككۇك،
سەۋر بىلەن ئۆزىن تۇتۇپ ئاپتۇ كاككۇك.
لېكىن گەپكە زادى زۇۋان ئاچالماپتۇ،
بىرەر ئېغىز لايىق سۆزمۇ تاپالماپتۇ.
شۇ چاغ قىزنىڭ ئاغزى گەپكە ئېچىلىپتۇ،
لەۋلىرىدىن سېھرى - ھىكمەت چېچىلىپتۇ.
ئالدى بىلەن بېرىپ ھۆرمەت سالامىنى،
جارى ئەيلەپ تىلغا شىرىن كالامىنى،
دەپتۇ: «ماڭا تونۇشلۇقسەن، كۆپتىن بېرى،
لېكىن ساڭا يوچۇن ھامان كۆڭلۈم سىرى.
ئەسلى يۇرتۇم مېنىڭ مۇشۇ تاغنىڭ ئىچى،
گۈل - گۈلىستان، چىمەنزارلىق باغنىڭ ئىچى.
كۆزۈم ئېچىپ بۇندا ئۆسۈپ يېتىلدىممەن،
ھاياتلىقلار قاتارىغا قېتىلدىممەن.
پەرىزاتلار نەسلى مېنىڭ ئەسلى زاتىم،
بىلمەك بولساڭ زەينەپ ئىرۇر ئىسمى - ئاتىم.
قايسى بىر كۈن كۆكۈل ئېچىپ كەلمەك بولۇپ،
ھەيلىم تارتقان تامانلاردا كۈلمەك بولۇپ،
كۆكۈل مەيدان بىر ئورمانغا بېرىپ قالدىم،
جامالىڭنى سېنىڭ شۇندا كۆرۈپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى ھەيران مېنى سېنىڭ باتۇرلىغىڭ،
ئۇۋ ئىشىغا كامىللىغىڭ، ماھىرلىغىڭ؛
يولۋاسلارنى سۈرۈپ ئاتلىق چېپىشلىرىڭ،
ئوق - يارىڭنى دەل نىشانغا ئېتىشلىرىڭ.
شۇندىن بېرى سېنى ئۇرغۇن كۆزەتتىم مەن،
قارشى ئالدىم تاڭدا، كەچتە ئۇزاتتىم مەن.
نى - نى قىزلار سېنى ياخشى كۆرۈشسىمۇ،
ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك يۈرۈشسىمۇ،
ھېچبىرىگە ھەۋەستە كۆز تاشلىمىدىڭ.
يا پىراقتا كۆزلىرىڭنى ياشلىمىدىڭ.
سېنىڭدىكى ئاقكۆڭۈللۈك، خۇش پېئىللىق،
قىلدى پەيدا يۈرىكىمدە تۇيغۇ ئىللىق.
چىداپ كەلدىم ئىشقىڭدا مەن ئاران - ئاران،
بولمىدى ھېچ ئاچماي ئەمدى كۆڭۈل يارام.
ئاشۇ كۈنى كۆز ئالدىڭدا بولدۇم پەيدا،
سېنى بىرلا بېقىش بىلەن قىلدىم شەيدا.
ئوق - يارىڭنى ماڭا چەنلەپ ئاتمىدىڭ سەن،
بەختىم باركەن، كۆتكىنىمنى ئاقلىدىڭ سەن.
ئۈركۈتمىدى كىشنەپ مېنى تۇلپارىڭمۇ،
كەلمىدى ھەم ھۇجۇم قىلىپ شۇڭقارىڭمۇ.
بولمىغاندا ماڭا ئەجەل يەتمەسمىدى؟
تاشنى تەشكەن ئوقۇڭ تەنگە ئۆتمەسمىدى؟
قىزلار ئۇچۇن تاجىم سوغات بولماسمىدى؟
سودىگەرلەر دىگەن پۇلغا ئالماسمىدى؟
گەر خالىساڭ، ئاشىق - مەشۇق بولۇپ ئۆتسەك،
بۇ دۇنيادا قول تۇتۇشۇپ كۈلۈپ ئۆتسەك.
ماكان قىلىپ مۇشۇ گۈزەل تاغ ئىچىنى،
ئوراپ شاتلىق كۈلىكىمىزگە ھەر كېچىنى.
كۈندۈزلىرى سەيلى بىلەن يايرىساق بىز،
كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىپ سايرىساق بىز.
ئون كۈنگىچە يۇرتۇڭغا بىر بېرىپ كەلسەڭ،
شۇ كەلگەنچە زادى كەتمەس بولۇپ كەلسەڭ.
لېكىن بىلىپ قالمىسۇن بۇ سىرنى ھېچكىم،
بۇ توغرىلىق ھېچ كىشىگە تىنما بەلكىم.
ئېيتىپتۇ ئۇ ئۇۋچىسىنىڭ بەلگىسىنى،
بىر تۈپ ئارتۇچ، غار ۋە بۇلاق ھەممىسىنى.

«تەكرارلىساڭ ئۆز ئىسمىڭنى پەقەت ئۈچ رەت،
مەن چىقىمەن، — دەپتۇ ـ كەلگىن تۈندە پەقەت.»
بۇ سۆزلەردىن كاككۇك كۆزى ياشلىنىپتۇ،
گەپ ـ سۆزسىزلا يار باغرىغا تاشلىنىپتۇ.
قىپتۇ مېھمان يىگىتنى قىز ھۆرمەت بىلەن،
ئولتۇرۇپتۇ كاككۇكمۇ ھەم ئىززەت بىلەن.
قەدەھلەرنى شاراپلارغا تولدۇرۇپتۇ،
لەۋلىرىگە ئالتۇن بادە قوندۇرۇپتۇ.
تۈتتىمىكىن مەينىڭ كۈچى، يا قىز مېھرى،
بولۇپ چوغلۇق چىچەكدەك كاككۇك چېھرى،
ئەجەپ تاتلىق ئۇيقۇسىغا كىرىپ قاپتۇ،
چىمەنلىكتە ئۆزى تەنھا يېتىپ قاپتۇ.
ئەتىسىگە كۈن قىزىرىپ ئاتقاندا تاڭ،
كەپتۇ كاككۇك ئۆز ئەسلىگە ئاران ـ ئاران.
بىردىن ئەسكە چۈشكىنىدە ئاخشامقى ھال،
ئۇرۇپتۇدەك گاھى پەريات، گاھ بوپ خوشال.
خوشاللىغى يارنى ئىزدەپ تاپقىنىدىن،
ئاھ! ئۇرۇشى يەنە يالغۇز ياتقىنىدىن.
قۇلىغىدا ياڭراپ بىردىن جانان سۆزى،
توختىتىپتۇ ياش تۆكۈشنى ئىككى كۆزى.
شاتلىغىدىن تەلۋىلەرچە ۋاقىراپتۇ،
ئۆز يۇرتىغا ئاتلىنىشقا ئالدىراپتۇ.

3

بىر نەچچە كۈن كاككۇك قايتىپ كەلمىگەچكە،
ھېچكىم ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىلمىگەچكە،
ۋەھشى ھايۋان يەپ كەتتى دەپ ئويلىشىپتۇ،
ئېچىپ ھازا ئەل پىغانلىق يىغلىشىپتۇ.
ھەسرەت بىلەن يۇلۇپ قىزلار چاچلىرىنى،
ئاققۇزۇپتۇ دەريا ـ دەريا ياشلىرىنى.
ئىزدەپ ئۇنى يىگىتلەر ئات سېلىشىپتۇ،
بىراق خەۋەر ئالالماستىن يېنىشىپتۇ.
ئۇلار ئەمدى ئۈمىت ئۈزۈپ تۇرغىنىدا،
كەتكىنىگە كاككۇك ھەپتە بولغىنىدا،
قايتىپ كەپتۇ ئۆز يۇرتىغا خوشال ـ خورام،
ھۆرمەت بىلەن ئەل ـ يۇرتىغا قىلىپ سالام.
قىزلار ئۇنى ھالقا قىلىپ ئېلىشىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەدە يۈردۈك، نەدە تۈردۈك، دېيىشىپتۇ.
خۇمار كۆزلەر قاراپ ئاغا تويماپتىمىش،
لەۋلىرىدە شوخ كۈلكىلەر ئويناپتىمىش.
لېكىن كاككۇك سۆزگە ئېغىز ئاچمايدىكەن،
لەۋلىرىنى تەبەسسۇمدىن ياپمايدىكەن.
ئەل ئىچىدە بار ئىكەن بىر غەيرى بەندە،
ئاتىلاركەن قۇۋلىغىدىن ھەييار تۈلكە.
قوسىقىدا خۇددى چايان ئويناىدىكەن،
ماغسا ـ تۇرسا ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويلايدىكەن.
كۈنى بار ـ يوق ئارىسىدا ئۆتەر ئىكەن،
تاپقانلىرى مەيگە ئاران يېتەر ئىكەن.
ھېچكىم ئۇنى نەزىرىگە ئىلمايدىكەن،
بۇراردەرلىك، ئۇلپەتداشلىق قىلمايدىكەن.
يۈرۈدىكەن كاككۇكنى ئۇ كۆرەلمەستىن،
كاككۇك يۈرگەن كوچىلاردا يۈرەلمەستىن.
رەقىبىنى كۆرۈپ بۈگۈن باشقىچە ئۇ،
قاراپ تاپان ـ ئايىغىدىن باشقىچە ئۇ،
سەۋدىۋىنى ئىشنىڭ ئويلاپ يېتەلمەپتۇ،
ئەتراپىدىن كاككۇكنىڭ ھېچ كېتەلمەپتۇ.
دەپتۇ: «كاككۇك ئۇچراپ قالدى خەزىنىگە،
جاڭگاللىقتا پىنھان دۇنيا ـ دەپىنىگە.
ياكى ئۇ بىر ئەتىۋارلىق قۇشنى ئاتتى،
بىرەر كىمگە ئۇنى نۇرغۇن پۇلغا ساتتى.
قېنى، ئىشنىڭ تەگىتىنى مەن بىلىپ باقاي،
ھۈنىرىمنى سىناپ ئىشقا سېلىپ باقاي».
تەييارلىغى پۈتۈپ ئۇنىڭ ئەتىسىگە،
قېپتۇ تەكلىپ كاككۇكنى ئۆز كەپىسىگە.
ھازىرلاپتۇ بىر كوزىدا پەۋەس شاراپ،
پىشىرىپتۇ ئۆدەك ـ غازدىن ئىسسىل كاۋاپ.
بولغانلىقتىن ئالدىن ئالا تەييارلىغى،
تەييارلىقتىن ئارتۇق شۇملۇق ـ ھەييارلىغى،
تەكەللۇپتە يەنە مەيلەر قۇيۇلۇپتۇ،
بولدى، دەپتۇ كاككۇك تولا ئۇيۇلۇپتۇ.
مەس بولۇپتۇ ئاخىر شاراپ ئىچىر كېلىپ،
ياتقۇزۇپتۇ يەرگە تېرە كۆرپە سېلىپ.
مەككار تۈلكە چېكىپ ئۇنى گەپكە ساپتۇ،

كاككۇك بىردىن ھەممە سىرنى ئاڭا دەپتۇ.
پاھ! دەپتۇ ئۇ: «كەلدى ماڭا بەخت ئەمدى،
ئۆزلىگىدىن تاج - دۆلەت، تەخت ئەمدى.
ئەگەر ئاشۇ ئىسىل قۇشنى تۇتۇپ ئالسام،
ئېتىپ تالەي ئۇشۇقىنى ئۇتۇپ ئالسام.
ئۇنى خانغا ئىنئام قىلىپ بارسام ئەگەر،
خىزمىتىمگە مۇكاپاتلار ئالسام ئەگەر...
راست ئايلىنىپ قالسا زەينەپ پەرىزاتقا،
بولمامدىمەن نائىل ئەڭ زور ئىلتىپاتقا.
ئەجەپ ئەمەس ئىشىم خانغا يېقىپ قالسا،
مۇلازىم دەپ ئوردىسىدا ئېلىپ قالسا.
پۇرسەت تېپىپ تاجىغا قول سوزمامدىمەن،
ئەخمەق خانىنىڭ شىرىن چۇشىن بۇزمامدىمەن.»
شۇ خىيالدا ئىشقا سېلىپ چارىسىنى،
قوشۇپ مەيگە بىھۇشلۇقنىڭ دورىسىنى،
بىر قەدەھ مەي يەنە قويۇپ ئۇزىتىپتۇ،
كاككۇكمۇ بىر شۇمۇرۇپلا تۇگىتىپتۇ.
كاككۇكنى ئۇ شۇ ئاخشىمى ئۆيدە تاشلاپ،
چارىسىزلىق بىلەن بىردەم باشنى قاشلاپ،
مەقسىدىنى ئېيتىپ ئىككى بەدنىيەتكە،
بىر كۈنلۈك دەپ تېپىپ ئۇچ ئات ئارىيەتكە.
ئۇچ بەدنىيەت قىز تەرەپكە ئاتلىنىپتۇ،
ئۆز ئىشىدىن بولۇپ مەغرۇر شاتلىنىپتۇ.
ئۇچ كۈنگىچە يول مېڭىپتۇ ئارام ئالماي،
ئېغىزىغا يىگۈدەك بىر نەرسە سالماي.
يېتىپ كەپتۇ بەلگۇ قىلغان تاغ قېشىغا،
يامىشىپتۇ زەينەپ ياتقان غار بېشىغا.
پۇراپ يۇرۇپ قىز ئۇۋىسىن تېپىشىپتۇ،
ئۇستىگە دەل يوغان تورنى يېپىشىپتۇ.
ئاللا - كاللا سېلىپ بىردىن ۋاقىراپتۇ،
ئوغرى كۆزلەر مەككارلارچە پاقىراپتۇ.
ئۇيقۇسىدىن زەينەپ كۆزىن ئېچىپتۇدەك،
تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بەك چۆچۇپتۇدەك.
بېشىدىلا ئۇچ كۈلەڭگۈ تۇرار ئىمىش،
قوللىرىنى مانا ئاڭا سۇنار ئىمىش.
بىلىپ زەينەپ ئىشنى كاككۇك بۇزغىنىنى،

www.uyghurkitap.com

يەتتە باشلىق يالماۋۇز تىل سوزغىنىنى.
يىغىپ بارلىق كۈچىنى بىر سىلكىنىپتۇ،
ئۇتتۇرىسى تورنىڭ شۇندا يىرتىلىپتۇ.
ئېتىلىپتۇ قانات كېرىپ ئۇ ھاۋاغا،
پەرۋاز قىلىپ كۆتىرىلىپ كەڭ ساماغا.
ئۈچ بەدنىيەت يەرگە ئۇرۇپ ئۆزلىرىنى،
قىلىپتۇدەك چەكچەيتىشىپ كۆزلىرىنى.

4

كاككۇك يېتىپ بىر سوتكىدەك بىھۇش بولۇپ،
تۇرۇپتۇ ئۇ ئەتىسگە سەل ئوڭشۇلۇپ.
بىلىپتۇ چوڭ سەۋەنلىكنىڭ ئۆتكىنىنى،
شۇم رەقىپنىڭ دامغا سىلىپ كەتكىنىنى.
پىغان بىلەن تۇرۇپتۇ ئۇ زارە ئەيلەپ،
ئېچىپتۇدەك ئىشكىنى ئۇ پارە ئەيلەپ.
مېڭىپتۇدەك ئېلىپ ئەلنىڭ دۇئاسىنى،
مىنىپ ئاتقا، ئېسىپ ساداق ئوق - ياسىنى.
ئۈچقان پېتى تاغ قىتىغا يېتىپ كەپتۇ،
غار تۈۋىگە ئۆزىن ئوقتەك ئېتىپ كەپتۇ.
زۇلىمەت كېچە، ئاي جامالىن ئاچمايدىكەن،
سۈتتەك نۇرىن كائىناتقا چاچمايدىكەن.
ئورمان ئەنسىز، بوران ھەيۋەت گۈكىرەرمىش،
يىرتقۇچلارمۇ غەزەپ بىلەن ھۆكىرەرمىش.
كاككۇك كۆڭلى ئەندىشىدە، بىقارارلىدا،
يار ۋەسلىگە تەلپۈنۈپ ئۇ ئىنتىزاردا.
«كاككۇك!
كاككۇك!» دەپ ئۈچ نۆۋەت تووۋلاپتۇدەك،
ئامرىخىدىن لىكىن خەۋەر بولماپتۇدەك.
تۇزار ئىمىش ئۇندا بىر چوڭ تور يىرتىلغان،
دىمەك دىلبەر ياۋ قولىدىن ساق قۇتۇلغان.
ياتار ئىمىش يەنە رەقىپ ئۆلۈكلىرى،
گۆشلىرى يوق، قالغان پەقەت سۆڭەكلىرى.
ئەتراپىدا قاپلانلارنىڭ ئىزى قاپتۇ،
دىمەك ياۋدىن ئۇلار كاككۇك ئۆچىن ئاپتۇ.
ئەجەپ ئەمەس يارى قايتىپ كېلىپ قالسا،

زەينەپنى كاككۇك يەنە تېپىپ ئالسا،
ئۈمىت بىلەن نەچچە كۈنلەر ئۆتتۈپتۇدەك،
غار بېشىدىن چۈشمەي كاككۇك يېتىپتۇدەك.
ۋاقىراپتۇ دەھشەت بىلەن نەرە تارتىپ،
جۇنۇنلىغى ئۈنىڭ يەنە شۇنچە ئارتىپ.
غايىۋانە بىر كۈچ بىلەن سىلكىنىپتۇ،
كاككۇك شۇئان ئۇچار قۇشقا ئايلىنىپتۇ.
لېكىن قاپتۇ ئۆز يېتىدە سايراشلىرى،
«كاككۇك!
كاككۇك!»
دېگەن سادا، كۆز ياشلىرى.
كېچە - كۈندۈز تاغ بېشىدىن كەتمەيدىكەن،
كۈزلىرىگە زادى ئۇيقۇ كەلمەيدىكەن.
سايرايدىكەن: «كاككۇك! كاككۇك!» دېگىنىچە،
گاھى يىغلاپ، گاھى قەھ-قەھ كۈلگىنىچە.
شۇنداق قىلىپ نەچچە ئەسىر ئۆتكەن ئىمىش.
تېخىچىلا زەينەپنى كۈتەرمىش ئىمىش.
يېتىپ كەلسە ھەر يىل باھار مېھرى بىلەن،
نۇرلانغاندا تەبىئەت گۈل چېھرى بىلەن،
باغ - ئورمانلار گۈلگە تولۇپ ياشنىغاندا،
كۈيچى قۇشلار نەغمىسىنى باشلىغاندا،
ئىزدەپ كاككۇك زەينەپ ئاتلىق ئۆز يارىنى،
بىر كۆرۈشكە خۇشتار بولۇپ دىدارىنى،
كېچە - كۈندۈز تاغ بېشىدىن كەتمەيدىكەن،
كۆزلىرىگە زادى ئۇيقۇ كەلمەيدىكەن.
سايرايدىكەن
«كاككۇك!
كاككۇك!» دېگىنىچە،
گاھى يىغلاپ، گاھى قەھ-قەھ كۈلگىنىچە،
ئەجەپ بەلەن ئاۋاز بىلەن سايرايدىكەن،
كۈيلىرىگە ئۈنىڭ يۈرەك قانمايدىكەن.

**خاتىمە**

شۇنداق قىلىپ بۇ رىۋايەت راستمۇ، يالغان،
ساۋاق ئىكەن بوۋىلاردىن بىزگە قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەقسىدىم شۇ ئۇنى بۇگۈن يېزىشتىكى،
پىكرى ھېكمەت كانلىرىنى قېزىشتىكى،
بۇ ساۋاقنى ئەۋلادلارغا تونۇتسام مەن
تۇرمۇش يولىن ئەقىل بىلەن يورۇتسام مەن.
بولسا كىمكى نائەھلىگە رەپىق - ئۇلپەت،
قالغۇسى ئۇ ھامان بىر كۈن چېكىپ كۈلپەت.
قىلسا كىمكى ياخشىلارنىڭ خىزمىتىنى،
كۆرۈدۇ ئۇ ياخشىلاردىن ئىززىتىنى.
ئاشىق بولماق — ئەسلى ھۇشيار بول دېمەكتۇر،
غەپلەتكە يول قويۇش — قولنى چىشلىمەكتۇر.
كاككۇك نىگار ئۈمىدىنى ئاقلىمىغاچ،
ئۆز سىرىنى دىلدا پىنھان ساقلىمىغاچ،
ئارمان بىلەن بىر ئۆمۈرلۈك دەرتتە قالدى،
لېكىن ئۇلار ئاشىق - مەشۇق دەپ ئاتالدى.
چۈنكى بولغاچ ئۇلار سادىق مۇھەببەتكە،
پەزىلىتى بولار ئۈرنەك تا ئەبەتكە.

×

ئايا ساقى، بىر قەدەھ مەي نۇش ئېتەي مەن،
كەتتىم چارچاپ بىردەم كۆڭلۈم خۇش ئېتەي مەن.
ھايات گويا ئاتتقان ئوقتەك ئۆتۈپ كېتەر،
لېكىن ياشلىق مەندىن ئۇلۇغ ئۆمەت كۈتەر.
ئوتقان مەيىڭ بەرسۇن ماڭا يېڭى ئىلھام،
داستان يېزىپ، ئىجادىمنى قىلاي داۋام!

1981 - 1984 - يىللار، قەشقەر.



# يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات

# چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا باسماقتا

— جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان دوكلات (قىسقارتىلمىسى)

جاڭ گۇاڭنيەن

## يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئىلەر

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز گۈللەپ ياشناشتەك يېپ - يېڭى بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىغا پارلاق نۇر چاقناپ تۇرغان يېڭى بەتلەر يېزىلدى. پارتىيە يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، خەلق بۇ نەتىجىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، بۇ نەتىجىلەر پۈتۈن دۇنيادىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالتە يىلنىڭ مابەينىدىكى تەرەققىياتىدا بىزنىڭ يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىشىمىزغا ھەمدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىگۈدەك قايسى گەۋدىلىك ھادىسىلەر، يېڭى شەيئىلەر بار؟

بىرىنچى، ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات جەھەتتىكى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى مىسلىسىز كۈچەيدى، ئەدەبىيات خەلق بىلەن بىر جان - بىر تەن، تىلەكداش بولۇدىغان تەسىرلىك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئالتە يىلنىڭ مابەينىدىكى يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان نەرسە شۇكى، ئەدەبىياتنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىش ھەمدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تەسىرىنى تازىلاشتەك تارىخىي خاراكتېرلىق ئېلىشىش داۋامىدا خەلق بىلەن ئورناتقان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تۇرمۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۈنسېرى چوڭقۇرلاشقانلىقىدۇر. بۇنىڭدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي ھاياتىنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇزۇن مۇددەت رول ئوينايدىغان

www.uyghurkitap.com

نەرسە بار.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىغان مۇشۇ مەزگىلدە، پارتىيە ۋە خەلقىمىز، چوڭ تەرەپتىن ئالغاندا، مۇنداق ئىككى زور مەسىلىنى ھەل قىلدى: بىرى، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتەك ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ئېغىر جاراھەتنى ساقايتىش؛ يەنە بىرى، ئىدىيىنى داۋاملىق ئازات قىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، مەملىكەت ئىچىگە قارىتا ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتەك تۈپكى سىياسەتنى يۈرگۈزۈش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ھەممە سەپ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت مۇشۇ باش نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مانا بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا يۈز مىليونلىغان خەلق بىردەك ئاتلىنىدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان دەۋر تېمىسى ئىدى. يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى مۇشۇ ئىككى چوڭ مەسىلىنى، يەنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە خېلىلا چەبدەس، خېلىلا ئاڭلىق بولدى.

ئىككىنچى، ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دوگماتىزمنىڭ ئىسكەنجىسى بۇزۇپ تاشلاندى، ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن تېما كۆپ خىل بولۇش، باش تېما كۆپ خىل بولۇش، پېرسوناژ كۆپ خىل بولۇش، ئۇسلۇپ كۆپ خىل بولۇشتەك رەڭدار، جانلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئادەمگە ئومۇمەن بەدىئىي زوق بېرىدۇ، بۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نەرسە «يېڭىلىق» تۇر. تېما يېڭى، باش تېما يېڭى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى يېڭى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى يېڭىدۇر. يېڭى نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقتىن بىز ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۆپ خىل بولۇش — تېما، باش تېما، پېرسوناژ خاراكتېرى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇپىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇلار يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ئازات بولغانلىقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا يازغۇچىلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشتىكى خىلمۇ - خىل ئېھتىياجلىرىغا پائال دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

كونا قائىدە - يوسۇنلار قاتتىق كونترول قىلىۋالغان تېما جەھەتتىكى چەكلەنگەن رايون بۇزۇپ تاشلاندى. خىلمۇ - خىل بىر تەرەپلىمە قاراشلار يوشۇرۇپ تۇرغان تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىنىڭ يېڭى ئەھمىيىتى بايقالدى.

يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ يېپ - يېڭى بەدىئىي قىياپىتىنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان نەرسە پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى بولدى، ئەدەبىياتىمىزدا خىلمۇ - خىل پېرسوناژلار ئوبرازىدىن تەشكىل تاپقان ئۇزۇن بىر پېرسوناژلار كالوننىسى بارلىققا كېلىپ، خاراكتېرى، چوڭقۇرلۇقى ئوخشىمايدىغان، تىپىك ئەھمىيەتكە ۋە بىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە، ئادەمدە چوڭقۇر

تەسىر قالدۇرۇدىغان زور بىر تۈركۈم پېرسوناژلار يارىتىلدى.

بۇرۇن «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى شۇنداقلا ئىنسان تەبىئىتى، ئادەمگەرچىلىك مەسىلىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزنىڭ دوگما، قوپال بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، مەۋھۇم ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەشكە قارشى تۇرۇشنى خاتا چۈشىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە رېئال تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەشكىمۇ قارشى تۇرۇپ كەلدۇق. بۇ خىل ھالەت بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا تۈپ ئاساسىدىن ئۆزگەردى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان كەڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆزى چەككەن غايەت زور، تارىخىي خاراكتېرلىق ئازاب تۈپەيلى قوزغالغان ئىنقىلاۋىي ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئىدىيە ئازادلىقى ھەركىتىدە بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنغا بولغان تونۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئادەملەر تەقدىرىنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىشنى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى مەركەزىي ئورۇنغا كۆتەردى. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللىقىنى ۋە كۆپ خىللىقىنى يورۇتۇش، پۈرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكنى تەسۋىرلەش بارچە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ھارماي - تالماي قوغلىشىدىغان نىشانى بولۇپ قالدى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى غايەت زور ئۆزگىرىش، ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن باش تېمىنىڭ موللىقى، جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىسىل ئەنئەنىلەر، «4 - ماي» دىن بۇيانقى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىياتنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى، خەلقارالىق ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇشنىڭ قويۇقلىشىشى قاتارلىق ئېلېمېنتلار يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتا بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلىق، ئۇسلۇب جەھەتتە كۆپ خىللىق ئېلىپ كەلدى. يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتە، ئىنقىلاۋىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللاندى. ئىنقىلاۋىي رېئالىزم ئىنقىلاۋىي رومانتىزمنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىلغان بولۇپ، ئىنقىلاۋىي رومانتىزم ۋە باشقا ساغلام، پايدىلىق بولغان ھەر خىل رومانتىزملىق ئېقىملارنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى قىلچىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. بەدىئىي مېتود، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە، بىزنىڭ ئۆز تەشەببۇسلىرىمىز بار، ئەمما، بۇ تەشەببۇسلار بىردىن - بىر نەرسە ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازات بولدى، يازغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادىي كۈچى مىسلىسىز ئۆستى. ئەدەبىياتتىكى يېڭى كىشىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقتى، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىيات قوشۇنى كۈنسايىن زورايدى ۋە جۇشقۇن، روھلۇق ئەدەبىيات زور ئارمىيىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەڭشىلىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۈچەيتىلىشى، سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆڭلى مىسلىسىز ئازادىلاشتى، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادىي كۈچى، باتۇرلۇقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتىرىلدى. ئالدى

بىلەن بىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناقتىن ئۆتكەن پىشقەدەم يازغۇچىلىرىمىز ياشلىقىغا قايتتى. زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلىرىمىز ئىدىيە، سەنئەت جەھەتتە كامالەت تېپىشقا يۈزلەنگەن، ئىجادىي ھاياتى كۈچى ئەڭ جەۋلان قىلىۋاتقان ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇلار ھاردىم - تالدىم دېمەي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىجادىيەت قىلىپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە كىتابخانلارغا ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى مۇكەممەل بولغان ئېسىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلماقتا. ئۇلار نۆۋەتتە پائال ھەركەت قىلىۋاتقان ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ تايانچىلىرىدۇر. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغىنى شۇكى، زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىلار مەيدانغا كەلمەكتە. ئۇلار خۇددى شاقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدەك، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك دەرياسىدا يېڭى دولقۇن پەيدا قىلدى، ئۇلار خۇددى شەرق ئاسمىنىغا يېيىلغان تاڭ شەپىقىدەك، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ سەلتەنەتلىك ئەتىسىدىن بىشارەت بەرمەكتە.

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلەتتى، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى راۋاجلاندى، ئىچكى - تاشقى ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، تەتقىقات، تەھرىرلىك، نەشرىياتچىلىق، تەرجىمانلىق خىزمىتى ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە يېڭى تۆھپە ياراتتى.

ئېلىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە، ھازىر قىرىق نەچچە مىللەتنىڭ ئۆز يازغۇچىسى ياكى ياش ئاپتورلىرى بار بولدى. ئۇلار ئۆز يېزىقلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. يۈزلىگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى مەملىكەت بويىچە كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشى، مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بويان، شىياڭگاڭ، تەيۋەندىكى ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىلار، شائىرلار، مۇخبىرلار ھەمدە باشقا ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە شۇ جايدىكى خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بىزنىڭ شاڭگاڭ، تەيۋەندىكى يازغۇچىلار بىلەن بولغان ئۆز ئارا چۈشىنىشىمىز كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى، مۇناسىۋىتىمىز قويۇقلاشتى. ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى تېخىمۇ راۋاجلاندى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بويان، «4 - ماي» دىن بويانقى زور بىر تۈركۈم مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلەر سىستېمىلىق رەتلىنىپ نەشر قىلىندى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زامان ئەدەبىيات مىراسلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، چەتئەلنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى، نەتىجىسى مول بولدى. بۇنداق ئىش بۇرۇن زادىلا بولۇپ باقمىغان ئىدى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىق ۋە ئەدەبىياتتا يېڭى كىشىلەرنىڭ تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغاندا، بىز ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى، تەنقىتچىلىرى، ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىرى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدەبىي مۇھەررىرلەر ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى زادىلا كۆمۈلمەيدۇ، ئەدەبىيات ساھە-

سىنىڭ ئىدىيە ئازاتلىقى ھەركىتى داۋامىدا، نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىتچىلىرى، نەزەرىيىچىلىرى، ئىجادىيەتچىلەر ھەمدە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكى كۆپلىگەن يېڭى كۆچلەر ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، قولىغا قورال ئېلىپ ئاتاكىغا ئۆتكەندەك جەڭگىۋار رول ئوينىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىكى بارلىق دەۋر خاراكتېرلىق ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئى، يېڭى ئەسەر، يېڭى يازغۇچىنى قىزغىن قوللىدى، ئۇلارغا سەمىمىي ياردەم بەردى. يېڭى بىلەن كونا ئورۇن ئالماشتۇرۇۋاتقان يىللاردا پەيدا بولۇدىغان يوشۇرۇن ئېقىم ۋە لاي-لاتقىلارنىمۇ كىشىلەرگە ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بەردى.

## دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە يېڭى تەجرىبە

بىز يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئىلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەپ ۋە شارائىت زادى نىمە؟ بىز مۇشۇ يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئىلەر ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ھەركىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان قايسى نەرسىلەرنى كۆرەلەيمىز؟

بىرىنچى، ئىدىيە ئازاتلىقى توغرىسىدا

يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن مىسلىسىز گۈللىنىشتەك ۋەزىيەت تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3-ئومۇم يىغىنىنىڭ مەھسۇلى، 3-ئومۇم يىغىن ياراتقان يېپ-يېڭى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ بىر تەركىۋي قىسمى، پارتىيە قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىدىكى مۇھىم ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئىدىيىنى ئازات قىلىشتەك مۇشۇ بىر مەركىزىي نۇقتا چىڭ تۇتۇلغاچقا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىدىكى ئومۇمى ۋەزىيەت جانلىنىپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزدىكى بىر ئاساسىي تەجرىبە، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى بىر جىددى ئىدىيىۋى ۋەزىپە.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆپ قېتىم ئىدىيىنى ئازات قىلىشتا، ئەڭ زۆرۈرى ۋە مۇھىمى، كادىرلار ۋە ئاممىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەلۇم مەزگىللىك «سول» چىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىپ، شەخسكە خۇراپىلارچە چوقۇنۇش ۋە «ئىككى ئومۇمەن» نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن ئازات قىلىپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي يولىغا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىسىل ئەنئەنىگە قايتۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگەللەش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، دەپ كۆرسەتتى. مانا مۇشۇنداق مەزمۇندىكى ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە ئىنتايىن مۇھىم سوبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى يازغۇچىلارغا ئىدىيە ئازاتلىقى ئېلىپ كەلدى، ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قاتمۇ - قات توسالغۇلارنى يېڭىپ، قەدەممۇ - قەدەم راۋاجلاندى. نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى، تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزىملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قايتىدىن بازىسىنى ئىگەللىدى. كەڭ يازغۇچىلارنىڭ كۆڭلى يايراپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، كەيپىياتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم سوبيېكتىپ شارائىتى يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش ئىقتىدارى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى باشتىن بويى قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىقتىسادىي بازىستىن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە، ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قەدەر قانات يايغان، ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇزۇن نەچچە يىللىق «سول» چىللىق خاتالىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ قەبىھلەشكىنىگە قەدەر بولغان پۈتۈن تارىختا تەككەن ئىدى. مانا مۇشۇنداق ھەم كەڭ كۆلەملىك، ھەم چوڭقۇر بولغان ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى داۋامىدا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىسى جانلاندى، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ياخشى ئادەتكە ئايلاندى. جەمئىيەتتىكى ئىدىيىۋى ئېقىمنى ئالاھىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن سېزىۋالىدىغان يازغۇچىلار تۇرمۇشنى تونۇش، جەمئىيەتنى ئوپىراتسىيە قىلىش، تارىخىي جەھەتتىن ئىزلىنىش ئىقتىدارىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەنكى كۆپ قېتىملىق قوپاللىق بىلەن مەجبۇرى ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىشلەردىمۇ ئېرىشەلمىگەن ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق سىياسى خىسلەت ۋە ئىدىيىۋى خىسلەتكە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، دەۋرنى توغرا، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشىگە يەنە بىر ئەڭ مۇھىم سوبيېكتىپ شارائىت يارىتىلدى.

ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەنلىكىدەك ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا تاشلىنىپ قالغان ئىشلارنى قايتا قولغا ئېلىش، ھەممە ئادەم ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىشتەك جۇشقۇن يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ، مول ھەم جانلىق دەۋر ئۆزىنى مۇناسىپ ھالدا ئىپادىلەيدىغان ئۇلۇغ ئەدەبىياتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بولسا مۇشۇ ئۇلۇغ دەۋردىن ئەڭ پۇختا رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس خام ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولدى. قىسقىسى، ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى پەيدا قىلغان ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ خىل ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە بىز يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىككى خىل سوبيېكتىپ شارائىت خۇددى ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئۇنىڭ ياراشقان ياقۇت كۆزىگە ئوخشاش، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى بولۇپ شەكىللەندى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن نۇرغۇن يازغۇچىلار چوڭقۇر تەسىرات بىلەن مۇنداق دېيىشتى: بىز بەدىئى ھاياتقا 3 - ئومۇم يىغىندىن كېيىن ئېرىشتۇق. ئىدىيىنى ئازات قىلىشتەك مۇشۇند-

داق بىر ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىن ئېرىشكەن مول ماتېرىياللارنى ئېچىتىپ، مۇنداق ئېسىل ئەدەبىي شاراپ-مەي ئىشلەپچىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نۆۋەتتە، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ قانات يايدۇرۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىدىيىنى ئازات قىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۆتكۈر چىشى جەمئىيەتتىكى كونا ئىدىيە، كونا قاراش، كونا روھىي ھالەت، كونا ئادەتلەر دۆۋىسىنى راسا تىلغاپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىدىيىۋى تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بىز ئېنىق تونۇشىمىز كېرەككى، مەيلى پۈتكۈل ئىدىيىۋى سەپتە ياكى ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدە بولسۇن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقىدەك مۇشۇ بىر يېپيېڭى رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىر قاتار يېڭى ئىدىيىۋى ۋەزىپىلەرنى قويدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئىسلاھات كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى تونۇشى، پىكىر قىلىش ئادىتى ۋە روھىي ھالىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولۇدىغان كونا قاراشلار ئاسارىتىدىن ئازات بولۇشىغا ياردەم بېرىش، خەلق ئىدىيىسىنىڭ يېڭىلىنىشىدىكى ئۆتكۈر قورالغا ئايلىنىش يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جىددىي ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى تىرىشىپ دەۋر ئىدىيىسىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن ئالدى بىلەن ئۆز ئىدىيىسىنى ئازات قىلىشى ۋە يېڭىلىشى كېرەك.

ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتىنى ساغلام ۋە ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئىككى سەپنىڭ ئىدىيىۋى كۈرىشى مەسىلىسىنى جەزمەن توغرا چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. يېقىندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىكى رەھبەرلىك خىزمىتىدە، ئاساسىي نۇقتا قىلىپ «سول» چىلىقنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، بۇ يوليورۇق ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن. بىز تولۇق مۆلچەرلىشىمىز كېرەككى، «سول» ئىدىيە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىر مەزگىل ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا، بولۇپمۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدا جۇغلانغان ئىدىيىۋى تەسىر، ئۇنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەلتۆكۈس تازىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ پەيدا قىلغان سىياسىي چاك-توزاڭلار خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا قونغان، مەھكەم ئورنىشىپ قالغان. ھەتتا ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىردەك يولداشلارمۇ بەزىدە بىلىپ-بىلمەي بۇخىل «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ قالىمىز، ياكى نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلەشتە، ياكى ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشچانلىقىغا باھا بېرىشتە، ياكى بەزى ساغلام بولمىغان ئەسەر، ساغلام بولمىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلىدا بەزىدە چوڭراق بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ قويۇۋمىز-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئويلىغان يەردىن چىقماسلىقتەك ناچار ئاقىۋەت

پەيدا بولۇدۇ. مەسىلە يەنە شۇ يەردىكى، بىز شۇنداق قىلغان چېغىمىزدا، سوبيېكتىپ جەھەتتە تېخى بۇنداق قىلىش پارتىيىۋىلىك پىرىنسىپىنى قوغدىغانلىق، ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق، دەپ چوڭ گەپ قىلىمىز.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىدە ۋە باشقا تەرەپلەردە پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان خاتا خاھىشلار، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ زەھىرىدىن ھەردائىم ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن، قايىل قىلىش كۆچىگە ئىگە تەنقىت ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى دادىل ۋە ماھىرلىق بىلەن ئىشلەپ، ئەقىدىرسىزلىق ھالىتىنى تۈگىتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاددى، قوپال ھالدا قالايمىقان قالپاق كەيگۈزۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئۆتمۈشتىكىدەك «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «چوڭ پىپەن ئارقىلىق يول ئېچىش» ۋە باشقا خىلدىكى سىياسى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشتەك خاتا ئۇسۇللارنى قايتا قوللانماسلىقىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش توغرىسىدا

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازات قىلىش مەسىلىسى يازغۇچىلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق تۇرمۇشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈش مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىدىيە رېئال تۇرمۇشتىن ئۈزۈك ئالغاندىلا جۇشقۇنلۇقتا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. خەلقنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتەك ئۇلۇغ كۈرىشىدە مەيدانغا چىققان يېڭى شەيئى، يېڭى ئادەملەر يازغۇچىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئەڭ كۈچلۈك قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئازاتلىقى ۋە ئىدىيە يېڭىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىن ـ بىر مەنبەسى، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا جەزمەن چوڭقۇر چۆكۈشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت. بىز بۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇنى رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنقىلاۋىي تەرەققىياتقا ئاساسەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

تۇرمۇشقا چۆكۈش مەسىلىسى، ئەمدى يەنە ئادەتتىكى چاقىرىق ۋە تەشەببۇس ھالىتىدە قالسا بولمايدۇ. ئۇ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى كېرەك. بىز بۇ توغرا ئىدىيىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرۈشىمىز، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز ۋە كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئاما بىلەن بىرلىشىش، رېئاللىق بىلەن بىرلىشىش سوبيېكتىپ تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق. بۇ نەرسە يازغۇچىغىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئورتاق. ئەمما، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىدە، مۇشۇ بىر نۇقتىدىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەقسىدى ــ ماركس ئېيتقاندەك، «دۇنيانى بەدىئى ھالدا ئىگەللەش» دىگەن تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىدى بولۇدۇ. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى، دۇنيانى بەدىئى ئىگەللىشى دىگەنلىك، يازغۇچىنىڭ بەدىئى ئوبراز يارىتىش، بولۇپمۇ تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ تەلىۋى بويىچە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى، تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھۆددىگەرىنى ــ ئادەمنى چۈشىنىش، تونۇش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاسا ـ

سىي ئوبيېكتى ئادەم، ئۇ ئادەم ئارقىلىق (ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىي ئادەم ئارقىلىق)، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، تۇرمۇشقا چۆكۈش ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا، قەلبىگە چۆكۈشتۇر، دېگىنلىك بولىدۇ. مانا بۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىنىڭ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىدىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم نۇقتا.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ قەلبىگە چۆكۈش — ھازىر يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا، تۇرمۇشقا چۆكۈشتىكى تۈرلۈك تەلەپ ۋە تەدبىرلەرنىڭ كېرەككە يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئاشۇ مۇھىم مەسىلىنى ئاپتورنىڭ ھەل قىلىشىغا پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكى، ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردە، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىنىڭ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشكە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئاددىي ھالدا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەدىئىي تەجرىبىلىرى، ئادەتلەنگەن ئەدەبىي ژانىرى، ئادەتلەنگەن ئىجادىيەت مېتودى ئوخشاشمايدىغان يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشتىكى ئۇسۇلىنىڭمۇ ئوخشاشمايدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشىنى ھە-ھۇ بىلەن خۇددى ھەرىنى ئۇۋىسىدىن قوزغىغاندەك بىر ياقلىق قىلىۋەتمەسلىك، زومۇ-زو بىرلىككە كەلتۈرمەسلىك، شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق، بەلكى كونكرېت مەسىلىگە كونكرېت مۇئامىلە قىلىش، ئىنچىكە ئۇيۇشتۇرۇش، كۆپ خىل ئامال ئىزلەش، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىش، جانلىق ئىگىلەش ھەمدە تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك كونكرېت مەسىلىلەردە بەزى ئۇتۇقلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇلارغا دىققەت قىلغاندىلا يازغۇچىلار خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بەس-بەس بىلەن بارىدۇ، بەزىسى ئۇزۇن مۇددەت، بەزىسى بىر مەزگىل، بەزىسى قىسقا مۇددەت تۇرىدۇ. تۇرمۇشقا چۆكۈشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى ئاڭلىق شەكىللەندۈرىدۇ.

يازغۇچىلارنى تۇرمۇشقا چۆكۈشكە ئورۇنلاشتۇرغاندا، يازغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاشقا ۋە جارى قىلدۇرۇشقا، شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بېيىتىشقا ياردەم بېرىشكە، يازغۇچىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان (شۇنداقلا خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان) ئىجادىيەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىغا، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىشىنىمىزكى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋر تۇيغۇسىغا ئىگە ھەربىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش بايلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، جارى قىلدۇرۇش بىلەن يېڭى، ناتونۇش تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىجادىيەت پىلانى بىلەن خەلقنىڭ تەلىپى، جەمئىيەتنىڭ تەلىۋى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلالايدۇ. بىز يازغۇچىلارنى ھەقىقىي ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئاسرايدىغان، سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق كەڭ يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشى بويىچە دەۋر دولقۇنىغا ماسلاشقان، خەلقنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان بىر يۇقىرى دولقۇن جەزمەن قوزغىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى توغرىسىدا

بىز دەۋاتقان ئىجادىيەت ئەركىنلىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، جەمئىيەت يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەمىن ئەتكەن كاپالەتنى، يەنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە شەكىللەنگەن، ئىجادىيەتنىڭ روشەنلىكى، ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بىرىسى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت داۋامىدىكى ئەركىن روھى ھالىتىنى، يەنى يازغۇچىنىڭ سوبيېكتىپ جەھەتتە، رىئاللىقنى ئىپادىلەشتە زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە قەدەم باسقانلىقىدەك روھىي سەكرەتمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى مەزمۇن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ ھەم بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئوبيېكتىپ شارائىت تەمىن ئەتكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولغاندىلا تېخىمۇ كۆپ يازغۇچىلارنىڭ سوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجادىي ئەركىنلىك ھالىتىگە قەدەم قويۇشىدەك رىئال مۇمكىنچىلىكنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. يەنى كەڭ يازغۇچىلار سوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاندىلا ئوبيېكتىپ شارائىت تەمىن ئەتكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى مول ئەدەبىيات مېۋىلىرىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بولغاچقا بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، دېگەن گەپنى تىلغا ئالالمىدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى تىلغا ئېلىش بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ يامراپ كېتىشىدەك تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ماركسىزملىق ئىستېتىكا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتىكى بىر مەزمۇن بولۇپ، بىز ئۇنى مەردانىلىق بىلەن، ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلىشىمىز كېرەك. خۇددى سوتسىيالىزم ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن كونا جەمئىيەتتە ئادەم ئويلاشقىمۇ قورققىدەك ئەركىنلىك يارىتىپ بەرگەندەك، ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتمۇ كونا جەمئىيەتتە ئادەم ئويلاشقىمۇ قورققىدەك ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ نەزىرىيە جەھەتتە گۇمان قىلىدىغان ھېچنېمىسى يوق. ئەمما، بىز ئەمەلىيەتتە بەزىدە بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلدۇق، بەزىدە ياخشى ھەل قىلالمىدۇق. يېڭى دەۋر باشلانغاندىن بۇيان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات قاتمۇ-قات ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن جەۋلان قىلدى، يېڭى دەۋردە ئىجادىيەت كۈچلىرى جانلاندى ھەمدە يېڭى دەۋر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى يارىتىدىغان يازغۇچىلارنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. ھەممىمىزدە مۇنداق تەسىرات بار: يازغۇچىلار كۆڭلى ئەركىن-ئازادە بولغان، ئوي-پىكرى جانلانغان، ئىشەنچى تولۇق بولغان چاغلاردا ئىجادىيەت بەيگىسىدە ناھايىتى ياخشى ماھارىتىنى كۆرسىتەلىدى، بىر قەدەر ياخشى سەۋىيە يارىتالىدى. ئۇلار سوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىدىيە جەھەتتە جىددىيلەشكەن، روھىي كەيپىياتى ياخشى بولمىغان، ئىشەنچى تەۋرەنلىگەن چاغلاردا، ئۇلارغا قەلەم تۇتۇش ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، قانداقتۇر مەۋھۇم نەرسە ئەمەس. ئىجتىمائىي شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتى ھەمدە ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مۇۋاپىق، ماركسىزملىق، جانلىق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئەدەبىيات-سەنئەتتە تەشكىلىي خىزمەت قىلىدىغان، نەزەرىيە تەنقىدى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە تەھرىرلىك قىلىدىغان بىزدەكلەر

ئۈچۈن ئېيتقاندا، يازغۇچىلارنىڭ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېرىشكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى زوراۋانلىق شارائىت يارىتىپ تۇرۇپ قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — بىزنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەس ئىرادىمىز، شۇڭا، ئېغىش، خاتالىق بولۇدىكەن، قەتئىي تۈزىتىشىمىز كېرەك. يازغۇچىلار نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پارتىيە ۋە خەلق يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق شارائىتنى جان - دىل بىلەن قەدىرلەپ، سوبيېكتىپ جەھەتتە تىرىشچانلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىز ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ھالىتىگە ئۆتۈشىمىز كېرەك. بىر يازغۇچى ئۆز دەۋرىنى بەش قولدەك چۈشەنگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇسى ۋە تەلىۋىنى تولۇق چۈشەنگەن چاغدىلا، ئۇنىڭ سوبيېكتىپ جەھەتتە لاۋۇلداپ تۇرغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى دەۋرنىڭ بىپايان ئېقىمىدىن كەلگەن ھەم تارىخنىڭ قەدىمىگە ماسلاشقان چاغدىلا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاشۇ دەۋر چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەم ئەسەرلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان، ئالقىشقا ئېرىشەلىگەن چاغدىلا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، ئەڭ تولۇق، ئەڭ ئۈنۈملۈك جارى قىلىنالايدۇ. ئەگەر يازغۇچى رېئاللىقتىن، خەلقتىن ئايرىلسا ئۇنىڭ «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى» پەقەت بىر خىل سوبيېكتىپ، ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇدىغان، ئەرزىمەس «ئەركىنلىك» بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇنداق «ئەركىنلىك»، ماھىيەتتە، ئۆزىنىڭ پۈت - قولىنى ئۆزى چۈشەمەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تۆتىنچى، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش توغرىسىدا

يېقىنقى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ جانلىنىشى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» كەڭ شۇغۇللانغان «بىرلا گۈلنى ئېچىلدۇرۇش»نىڭ سەلبىي ساۋاقلىرىنى ئىنتايىن ئېچىنىش بىلەن يەكۈنلەپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدىغان يەنە بىر تەجرىبە.

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» — پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي فاڭجېنى. بۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق مەزمۇنداق ئىككى نۇقتا بار: بىرىنچى، ئۇنىڭ مەقسىدى سوتسىيالىستىك ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتەك باش نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش زوراۋان ئىدىيىۋى كۈرەشتىن ۋاز كېچىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ سىنىپىي ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى جەھەتتە، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن كونا ئۇسۇلغا زادىلا ئوخشىمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاساسىي فاڭجېن، بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇنى كۆرسىتىش تۈپەيلى ئۇنىڭدىن گۇمانلانغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن كاشىلىلار ۋە بۇرمىلاشلارنى بانا قىلىپ، ئۇنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەڭ پايدىلىق بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ فاڭجېننىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى، ئالاھىدە قانۇنىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلگەنلىكىدىندۇر. سەنئەت ۋە ئىلىم - پەندىكى ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش مۇرەككەپ مەسىلە. بەزىدە ناھايىتى ئۇزۇن

ۋاقىتتىن كېيىن، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزگەندىلا ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغىلى بولىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىر خىل نازۇك، مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك، ئۇ ئادەتتىكى سىياسىي خىزمەتكە قارىغاندا دېموكراتىك مۇزاكىرىلىشىش ۋە ئەركىن مۇسابىقىلىشىش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ مۇھتاج بولۇپ، مەمۇرىي ۋاستە بىلەن ئاددىيلا بىر ياقلىق قىلىپ قويۇشنى زادىلا قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇسۇلنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىنى ئوبيېكتىپنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساھەسىگە قارىتا «ئېچىلىش ـ سايراش» فاڭجېنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چوڭ گۈللەندۈرۈش — مۇقەررەر ھالدا چوڭ جانلىنىش، چوڭ بەسلىشىش، چوڭ ئۆسۈشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ

ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق، جىددىي دولقۇنى كۆتۈرۈلمەكتە. پارتىيىمىزنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ مەسىلىسىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش يولىنى يورۇتتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات خىزمىتىمىزنىڭ تىرىشىش نىشانىنى يورۇتتى:

بىرىنچى، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۈگىمەس سىياسىي ھەرىكەتلەردىن «تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش»قا خىزمەت قىلىش ئىزىغا يۆتكەلدى. شۇنداق ئىكەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، بارلىق پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە يېڭى كۈچلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىرقانچە يىللىق خىزمىتىمىزنى ئەسلىسەك، بىز ئاساسەن شۇنداق قىلدۇق. ئەمما ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيە، خىزمەت جەھەتتە كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىشتەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىش، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «چوڭ پىپەن ئارقىلىق يول ئېچىش» ھەمدە باشقا «سول» ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش كېرەك؛ پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تېچ ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى قوغداش، بارلىق سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئامىللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزىمنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى ئەمگەكچىلەر، قۇرغۇچىلار، قوغدىغۇچىلار، ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلقنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تەسىرلەندۈرگۈچى كۈچى بىلەن ئىلھام بېرىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى ئىختىلاپلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ۋە يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش، چوڭ غەيرەتكە كېلىش، چوڭ ئىتتىپاقلىشىش، چوڭ گۈللىنىش

بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا ئەڭ مۇھىم نۇقتىدۇر.

ئىككىنچى، بىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا يۇقىرى سۈپەتلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بەرپا قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات زادى قانداق ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ مەن بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرەلمەيمەن. ئەمما، ئېلىمىز خەلقىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتەك ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئېغىر تارىخىي يۈكنى زىممىسىگە ئالغان، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئالدىدا زادىلا ئارقىغا يانمايدىغان مىللىي خاراكتېرنى مۇكەممەل يارىتىش ــ جۇڭگولۇق دېگەن نامغا لايىق جۇڭگولۇقنى يېزىش؛ كۆپ ساندىكى جۇڭگو خەلقى ــ بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ يېڭى ئادىمى، يېڭى ياشلىرى ياقتۇرىدىغان مىللىي شەكىلنى قوللىنىش كېرەك. مېنىڭچە، مانا مۇشۇلار كەم بولسا بولماس؟ ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ شەكىللىك، كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قەۋەتلىك، كۆپ خىللىق، كۆپ خىل رەڭلىك بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى يورۇتىدۇ.

ئۈچىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چوڭ گۈللەندۈرۈشنى كۈتكەن ئىكەن، بىز جەزمەن شۇ بويىچە ئىش كۆرۈمىز. بىز جەزمەن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىش كۆرىدىغانلا بولساق بىر كۈنى جەزمەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتتە چوڭ جانلىنىش، چوڭ بەسلىشىش، چوڭ ئۆسۈش ۋەزىيىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. چوڭ غەيرەتكە كېلىش چاقىرىقىنى ئاڭلاپ يازغۇچىلارنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى، غەم - ئەندىشىسى يوقالدى، ھەرقايسى جايلاردىكى، ھەر مىللەتتىن بولغان يازغۇچىلارنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇردى. ئۇلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى چوڭ بەسلىشىشكە قاتنىشىشقا تەييارلاندى. يېقىندا ئىقتىدارلىق بىر ياش يازغۇچى ماڭا ھازىر «ئەدەبىياتنىڭ پارتلاش دەۋرى» كەلدى، دېدى. ئەمما، بۇ گۈللىنىشنىڭ پەقەتلا باشلىنىشى، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەر تېخى كۆپ ئەمەس. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىز، بولۇپمۇ ئەدەبىياتتىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ قوشۇنى تېخى ئانچە زور ئەمەس، ھالبۇكى، ئەدەبىياتتىكى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، چوڭ بەسلىشىشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سانى كۆپ بولغان يېڭى كىشىلەر چوڭ گۈللىنىش، چوڭ ئۆسۈشنىڭ ئۈمىدى. بىز ھەرقايسى جايلاردىكى شۆبە جەمئىيەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەرخىل چارە - ئاماللار بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچىمىز. بىز پىششىقەدەم يازغۇچىلارنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا قىزغىن قوللىشى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرى، ئەدەبىيات تەھرىرلىرى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 -، 6 - قۇرۇلتايلىرىدا لاياقەتلىك، كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئەزالىرىمىز ۋە ئەزالار ۋەكىللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ھازىرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيتىشنى ئۈمىت قىلىمىز! يېڭى ئادەم، يېڭى ئەسەرلەر كۆپەيسە، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا بەسلىشىش، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشتەك كەيپىيات شۇنچە قويۇقلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈكسەك چوققىلار رەتمۇ - رەت قەد كۆتەرگەن يېڭى ۋەزىيەت بۇرۇنراق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1985 - يىل 7 - يانۋاردىكى سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان

# رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، ھەيئەت رىياسەتى ۋە شۇجىچۇ ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

رەئىس: باجىن.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: (پەمىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى) دىڭ لىڭ، ۋاڭ مىڭ، فېن جىز، فېن مۇ، ئەي چىڭ، لىيۇ بىڭيەن، شا دىڭ، لۇ ۋېنفۇ، جاڭ-گۇاڭنيەن، چىڭ خۇاڭمى، تېيىپجان ئېلىيوپ.

ھەيئەت رىياسەتى ئەزالىرى: (پەمىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى) ما فىڭ، ۋىي جۇنيى، دىڭ يۈمى، يەجۇنجەن، لىيۇ بەيىيۈي، جۈزىچى، يەن ۋېنجىڭ، مالچىنخۇ، لى جۈن، چىڭ جاۋياڭ، لى يىڭ، جاۋ يەنشاڭ، تاڭ داجىڭ، يۈەن يىڭ، شۈي خۈەيجۇڭ، جاڭ زىلۇڭ.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ ئەزالىرى: تاڭ داجىڭ، باۋچاڭ، گې لۇ، سۇ فېيدى، ياڭ زىمى، دىڭ يۈمى، جاڭ فەن، ئورۇلتۇ.

---

(بېشى 66 - بەتتە)

ئۆتتۈپ كېتىدۇ، سىلىمۇ قىينىلىپ قالىسىلا» دەپ نەۋرەمنى ئېلىپ قالدى. دېمىسىمۇ راست، ماشىنا بىلەن يۈرگەندىمۇ ئۈچ كۈنلۈك يول ئەمەسمۇ. شۇڭا بۇ سەپەر ئۆزەم يالغۇز يولغا چىقتىم. شۇ بالىنى بىر كۆرسەم يۈرىكىم بىر ياشىرىدۇ... — رۇقىيەم ئاچا جىم بولۇپ قالدى. كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياش تامچىلىرى مەڭزىگە يېيىلىپ چۈشتى... مەن رۇقىيەم ئاچىدىن ئوغلىنىڭ نېمە سەۋەپتىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى سورىمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلب جاراھىتىنى يەنە كوچىلاشقا پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭ ئوغلى قولغا ئېلىنىپتۇ، دېمەك چوقۇم بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن. ئۇ جەمىيەت ئۈچۈن جىنايەتچى، ئەمما ئانا ئۈچۈن يەنىلا پەرزەنت.

رۇقىيەم ئاچا ماشىنا ھەر قېتىم سىلكىنگەندە تىزىنىڭ ئۈستىدىكى بوخچىنى ئاۋايلاپ كۆتىرىۋالاتتى. بەلكىم بوخچا ئىچىدە ئوغلىغا ئېلىپ ماڭغان بىرەر ياخشى يېمەكلىك باردۇ؟ ئانا ئۇنىڭ ئېزىلىپ كېتىشىدىن، مىجىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ؟... مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوغلىنى كۆتىرىپ تالمىغان قوللىرى ئەمدى ئوغلىغا ئېلىپ ماڭغان بوخچىنى تۇتۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىياپىتى ماڭا ئىلاھى ئانا بۈۋى مەريەمنىڭ بەھەيۋەت ھەيكىلىنى ئەسلەتتى.

# ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلارغا ئەھمىيەت بېرەيلى

**يۈسۈپ ھۈسەيىن**

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 8 - سانىغا بېسىلغان يولداش ئابلەت مۇھەممەتنىڭ «ئايدا ئۇچرىشىش» ناملىق ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىسىنى ۋە بۇ ھېكايىنى يېزىشتىكى ئۈگىنىش ئاساسلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەسىرلەندىم. مەن تەكرارلاپ يازمىسامۇ يولداش ئابلەت مۇھەممەت ھېكايىنى يېزىشتىكى ئۈگىنىش ئاساسلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلارنىڭ دەۋرىمىز ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن بولۇدىغان چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى كۆرسەتكەن.

ئەگەر بىز دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرىدىن، مەسىلەن: قەدىمقى يۇنانىنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ «تاغ - دەريالار قىسسىسى»، «غەرپكە ساياھەت» قاتارلىقلارنى ئېلىپ قارىساق ياكى كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ فانتازىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىساق، ئادەم روھىي دۇنياسىنىڭ جاھاننامىسى بولغان بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تۆپكى ئالاھىدىلىگى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئەدەبىيات — تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى دېگىنىمىزدە، بۇ جۈملىدىكى «ئىنكاس» ئۇقۇمىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بۇ «ئىنكاس» تاشقى دۇنيانىڭ پاسسىپ ئىنكاسى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئادەمنىڭ ئالەمگە نىسبەتەن تەشەببۇسكار ئىنتىلىشلىرىنى ھەرىكەت كۈچى قىلغان ۋە ئىچىدىن تېشىغا تەپكۈچى ماھىيەتلىك كۈچتۇر.

شۇڭا، قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە قەدەر ئادىمىزاتنىڭ گۆدەكلىك، يىگىتلىك دەۋرىدىكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادە قىلغان فانتازىيىلىك ئەسەرلەر ماركس تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «...يەنىلا بىر خىل نەمۇنە ۋە يەتكىلى بولمايدىغان ئۈلگە»① بولۇپ، مۇنداق قارىماققا، رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق، ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ماھىيەتتە، ئالەمدىكى بىر ماددىي مەخلۇق بولغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېنېرگىيە ۋە ئالەمنىڭ سېھىرلىك قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. تېپىشماق پەيدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ يېشىلىش يولى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇنداق ئالەم تېپىش-

① ماركس، «〈سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر〉 گە مۇقەددىمە» دىن ئېلىندى.

ماقىلىرىنى يەشكۈچى ئادەم تەپەككۇر ھەركىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى «ۋەيىنت» لەردىن بىرى. مەسىلەن: مەشھۇر مۇتەپەككۇرلەر، ئالىملارمۇ ئەڭ دەسلەپ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن. بىز ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىئون ماركسنىڭ ياشلىقىدا شائىر ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئۇلۇغ فىزىك ئېينىشتېيىننىڭ ياش ۋاقتىدا شېئىر يازغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىداق مىساللار ئىنتايىن نۇرغۇن.

ھەتتا ئادىمىزاتنىڭ نۇرغۇن رايونلارغا چېچىلغان توپلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ھەر بىر مىڭنى چىرماپ نەچچە مىڭ يىللارسىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسى نەزىم ۋە نەسىر يولى بىلەن يېزىلغان فانتازىيىلەردىن ئىبارەت.

ئادىمىزاتنىڭ ھازىرغىچە (مەدىنىيەت دەۋرىنى ھېساپ قىلىپ باشلىغاندا، تەخمىنەن 5 - 6 مىڭ يىللىق تارىخىدا) بولغان فانتازىيىلىك خىياللىرىنى تەدرىجى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا ئەدەبىيات ھامان ئۇلارنىڭ مىڭە ھۈجەيرىسىدە ئۇخلاپ ياتقان خىيال قۇشلىرىنى ئويغىتىپ، پەرۋاز قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن - يېڭى چوققىلارغا جەلپ قىلىپ كېلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيىسى شۇ خەلقنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيىسىنىڭ مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ كەلدى.

ھازىرقى دەۋرىمىز — پەن - تېخنىكا دەۋرى، ئەقىل - پاراسەت دەۋرى. بۇنىداق دېگىنىمىز — ئىلگىرىكى بەدىئىي خىيال دەۋرىدە ۋە ھېسسىي ئىستىلىشلەر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن فانتازىيىلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش دەۋرى ۋە شۇنداقلا قەدىمقى زامان كىشىلىرى ئوبرازلاشتۇرغان ئالەم بوشلۇقىدا ۋە ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا پەرۋاز قىلىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئورنىنى قانداق قىلىپ ئادىمىزات ئىگىلەش يوللىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئېچىپ بېرىدىغان دەۋر. قەدىمقى فانتازىيىلەرنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى خۇراپىيلارچە ئىشىنىش بولسا، ھازىرقى فانتازىيىلەرنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى ئىلمىي ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلۇدۇ ياكى قەدىمقى فانتازىيىلەر ھېسسىي بىلىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانسا، ھازىرقى فانتازىيىلەر ئەقلىي بىلىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

شۇڭا ئىلمىي فانتازىيىدىكى ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ئامىللار، خۇددى تەبىئىي پەن تەجرىبىسىگە ئوخشاش، ئىلمىي بىلىشكە ئاساسلانغان تەسەۋۋۇر تەجرىبىسى بولۇشى كېرەك. مەلۇمكى، تەبىئىي پەن تەجرىبىسىدە تەجرىبە قىلىنىۋاتقان بىرەر ماددىي باغلىنىش ھالقىسى سەل قاراش تۈپەيلىدىن غوۋا ئۆتۈپ كەتسە، پۈتكۈل تەجرىبە نەتىجىسىز چىققانغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇر تەجرىبىسىدىمۇ تىزىلىۋاتقان مەنزىرە تەسۋىرىدىن بىرەر مارجان چۈشۈپ قالسا، مىڭە ھۈجەيرىسىگە يوشۇرۇنغان نۇرغۇن مەنزىرە ئىپادە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن ئالايلى: قەدىمقى يۇنان فانتازىيىسىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى «ئىلئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ ئاپتورى گومېر قارىغۇ ئىكەن. ئۇ نېمە ئۈچۈن كۆرەلمىگەن تاشقى دۇنيانى شۇنچە ئېنىق سۈرەتلەپ بېرەلىگەن؟ بۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ، يەنى دىل كۆزىنىڭ ناھايىتى روشەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بۇ ئارىلىقتا مەن تۆۋەندىكى بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتەي:

ئۇيغۇرچىدا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلار توپلىمى

«خەۋپلىك ئۈچ بۇرجەك» ناملىق توپلامنىڭ ئىچىدە «$E = mc^2$» فورمۇلىسىنى ماۋزۇ قىلغان بىر ھېكايە بار. مەن بۇ ھېكايىنى قايتا - قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ يالغۇز ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى، يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى ئېچىپ بەرگەن ھېكايە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. بۇ ھېكايە مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى دەۋر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيىنى قانداق قىلىپ ماددىغا ئايلاندۇرۇش ئىزلىنىشلىرى جەريانىدا، ئاتوم بومبىسىنى ياساش ۋە ئۇنى «ساموراي روھى» — ئادەم - ئادەمنى قول قىلىش روھى ئەۋج ئالغان ياپونىيىدىكى گۋاڭداۋغا تاشلاش سىرىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ماددا ئېنېرگىيىگە ئەبەدى ۋە چەكسىز پارچىلىنىش توپەيلى، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋىي پارچىلىنىش ھادىسىلىرىگە خاتىمە بېرىپ، چېچىلغان ئېنېرگىيىدىن يېڭى ماددىنى، يېڭى ئادەمنى يارىتىش مەسىلىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ئىلمىي فانتازىيە يالغۇز تېخنىكا ئىنقىلابىي ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل ئىنقىلابىي ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، فانتازىيىلىك ھېكايە دېگەن ئۇقۇمنىڭ بېشىغا «ئىلمىي» سۆزىنىڭ سۈپەتلىگۈچى بولۇپ قويۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىزگە فانتازىيىلىك ھېكايىلارنى يېزىشتىن بۇرۇن ھەم قەدىمقى زامان خۇراپاتلىرىنىڭ ئىچكى سىرىنى ئىزلىشىمىز ھەم ھازىرقى زامان ئىلمىي تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يېڭى مەلۇماتلىرىنى ئىگەللەشتە سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

×

ئەگەر ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلار، پوۋېستلار، رومانلار، ھەتتا شېئىرلار ھەقىقەتەن مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا قويۇلسا، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى ۋە ئىستېتىك قوزغىتىشى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ھېكايە، پوۋېستلار، رومانلار ۋە شېئىرلارغا ئوخشاشلا قىممەتلىكتۇر.

نېمە ئۈچۈن؟

بىرىنچى، ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ يۈزلىنىشى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىي دەۋرى. بۇ ئومۇمىي دۇنياۋىي يۈزلىنىش ئېقىمى، ئىلگىرى - كېيىن بولمىسۇن ھەممە ئادەملەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلغۇچى «ماگنىت». كىمكى ئىلىم - پەن ئىگەللىمىسە، ماگنىتقا تارتىلماي چۆشۈپ قېلىۋېرىدۇ. بۇنداق چۈشۈپ قېلىش — ھالاكەتتۇر. ئىلگىرىكى، قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئادەملەرنى جەلپ قىلىدىغان نەرسە مىستىك خىياللار ئىدى. ئۇ ئادىمىزاتنىڭ ئىزلىنىش روھىنى مۇيەنلا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق ئەسەرلەر سۆيۈپ ئوقۇلاتتى. يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى سانائەت ئىنقىلابىي ۋە رەسمىي ماددىي مۇناسىۋەتلەر خىيالىي ئارزۇلارنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. بۇ ھەقتە «كوممۇنىستلار خىتابنامىسى» دا ئېنىق بايان قىلىنغان. ئادەملەر بارغانسېرى ماددىي مۇناسىۋەتلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ماتېرىيالىستلاردىن بولۇشقا باشلىدى. ساقلىنىۋاتقان خىيالىي نەرسىلەرنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا پەقەت ماددىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاخىرى يىرتىلىپ كەتكەن پەردىسى رولىنى ئوينايدىغان بولدى. شۇڭا ھازىرقى زاماندا ماددىي كۈچ — ئەمگەك، خىزمەت ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت

ئىقتىدارى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئورگانىڭ ماددىنىڭ جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچىنى تونۇتقۇچى ۋە جارىي قىلىش يولىنى كۆرسەتكۈچى كۈچ يەنىلا ئەقلىي كۈچ. ئەقلىي كۈچنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئامىلى — پەن-بىلىم، ھۈنەر ۋە سەنئەت.

دېمەك، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلار ھەم يازغۇچىنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى بولىدۇ، ھەم ئۆزلەشتۈرگەنلىرىنى تەسەۋۋۇر تەجرىبىسىدە سىناش جەريانى بولىدۇ. ھەتتا شۇنداقمۇ بولۇشى مۇمكىنكى، سىز ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە يېزىۋېتىپ ياكى تەسەۋۋۇر تەجرىبىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپ، تەسادىپىي ھالدا يېڭى بايقاشلارنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىڭىز، مەلۇم ئىلمىي ئىشەنچىڭىز بولسا، شۇ ئۇچقۇننى تۇتۇپ، ئىزلىنىپ، يېڭى نەرسىلەرنى كەشپ قىلىپ، بىزدە كەمدىن-كەم تۇرغان تەبىئىي پەن خادىملىرىنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن. «ئىلمىي تەتقىقات سەنئىتى» دېگەن كىتابتا نۇرغۇن ئالىملارنىڭ، ئىنژېنېرلارنىڭ، بولۇپمۇ، مىكرو دۇنيا توغرىسىدا تەجرىبە قىلىۋېتىپ، بەزى مەسىلىلەرنى يېشەلمىگەندە، تەجرىبىنى تاشلاپ قويۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىۋېتىپ، بىردىن ئويلاپ يېتىپ، تەجرىبىدە سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن مىساللار يېزىلغان.

ئىككىنچى، بىزدە راستىنى ئېيتىش كېرەككى، شائىر، يازغۇچىلارنىڭ سانى ھەقىقەتەن نۇرغۇن. ئۇلار بىرەر تېما، بىرەر خىل مەزمۇن ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ يازىدۇ، تەھرىرلەرنىڭ ئالدىغا ئوخشاش مەزمۇندىكى نۇرغۇن شېئىرلار، ھېكايىلار، ھەتتا پوۋېستلار توپلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھالنى ئاچچىقراق تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئاسانراق ئەمگەككە كۆپرەك كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشى دېگەن ياخشىراق. ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات ئىشىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە، باشقىلارنىڭ دىققىتى چۈشمىگەن ساھەنى ئىزلەپ، ئۇنىڭدىن يېڭى نەتىجە يارىتىش كېرەك. تەبىئەتتە، جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرغان نەرسىلەر ئىنتايىن نۇرغۇن. خۇددى شەھەرلەرگە توپلىشىپ، قىستا-قىستاڭچىلىقتا ياشاۋاتقان ئادەملەر كەڭ ۋادىلارغا، داللارغا بېرىپ يېڭىدىن-يېڭى ماكان ياراتسا، يەر شارىنىڭ گۈللىنىشى تېخىمۇ تېز بولغانغا ئوخشاش، ئىلىم-پەنمۇ، تېخنىكىمۇ، ئەدەبىياتمۇ، سەنئەتمۇ شۇنداق ئازادە، بەختىيار ئەمگەك مەيدانىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا مانا شۇنداق ساھەلەرنىڭ بىرى دەل ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلار، شېئىرلار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ساھە دەرۋەقە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ساۋادىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەلۋاتتە، ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئالىي مەكتەپ ساۋادى، بولۇپمۇ، پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىدىغان ۋە ئۇ ھەقتە ئويلاپ، يىللاپ باش قاتۇرۇپ ئىزلىنىدىغان، رىيازەت چېكىشكە رازىلىق بىلەن قارايدىغان، ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ئىشقا ئىنتىلىدىغان روھ — «پولات ۋىنت» زۆرۈر. مانا شۇنداق روھ ئىرادىنى، نېرۋىنى كۈچەيتىدۇ، ئادەمنى ھايات لەززىتىنى سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ ۋە ھەتتا «مۇھەببەت» نىڭ ھەسرەتلىرىدىن نالە قىلىپ يېزىشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ گەپ ھەرگىزمۇ ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بەدىئىي ھاياجان ئەمەس. چوڭقۇر ۋە مۇشەققەتلىك تەپەككۇرگە چىدامىلىق بولۇش ئەينى چاغدا نېرۋىنىمۇ چېنىقتۇرىدۇ. ئالەم ۋە ئادەم سېھرلىرى ئىچىگە پولات ۋىنتتەك پىشىش روھى ھەم ھاياتنىڭ نۇرغۇن ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى، ھەم چېنىقىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھىكايىلارنى يېزىش ئۈچۈن، ئىنچىكە كۆزىتىش، ئەتراپلىق ئۆگىنىش ۋە شۇ ئاساستا خىيالىي تەسەۋۋۇرلارغا باي بولۇش، قارىماققا ئادەمنى خىيالپەرەست قىلىپ قويىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما مىڭە خىيال بىلەن جانلىنىدۇ، چۈنكى خىيال مىڭە ھەرىكىتىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، ھەرىكەت — ئېنېرگىيە. بۇ سىزنىڭ ھاياتىتا تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ھەرىكەت قىلىشىڭىزنىڭ ئۆچكى ھەرىكەتكىلەندۈرگۈچىسى بولىدۇ. كىمكى ئاز ئويلىسا ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئاز بولىدۇ.

ئاخىرىدا مەن ئېينىشتېيىننىڭ «$E = mc^2$» فورمۇلىسىنى تەقدىم قىلىمەن. E — ئېنېرگىيە. m — ماددا. $c^2$ — زامان ۋە ماكاننىڭ نۇر تېزلىكىدە ئۆزگىرىشى دىگەنلىك بولۇپ، ئېنېرگىيە دىمەك، ماددىنىڭ زامان، ماكان بويىچە نۇر تېزلىكىدە ئۆزگىرىشى دىمەكتۇر. ماركس: «زامان ئادىمىزات تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماكانىدۇر» دىگەن ئىدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسى قانچە تېز ھەرىكەت قىلغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋىدىغان ماكانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، جۇغلانغان بىلىمىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، يەنى ماددا قانچە تېز ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دىگەنلىك. دىمەك، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھىكايىلارنى يېزىش ۋە ئوقۇش تەسەۋۋۇر ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

باھاردا تاڭ شامىلى غۇقىراپ ئۇرسا، تۇمەنمىڭ چېچەكلەر ئېچىلىغاندەك، كەلگۈسى تۇغرىسىدىكى خىياللارمۇ مىڭىدىكى بىھساپ ھۈجەيرە چېچەكلىرىنى ئاچىدۇ، ئادەم مىڭىسىدىكى سىرلارنى يېپىپ تۇرغۇچى يوپۇرماقلارنىمۇ چېكىدۇ.

---

(بېشى 81 - بەتتە)

مىننەتدارمەن. مېنى ۋاقتىدا سەگىتىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت. رەھمە يالغۇز قالغان ئىدى، مەن قايتاي...

— ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا! — دىدى دىلخۇمار خوشال كۈلۈپ، — قايتىپ كەتكىنىڭىز دۇرۇست. مەنمۇ دوستلىرىم بىلەن بىردەمدىن كېيىنلا قايتىمەن.

— راست دىلخۇمار، تېخىچىلا سورىماپتىمەن، قەيەرگە چۈشتۈڭلار؟

— «تيانشان» مېھمانخانىسىغا.

— بىزنىڭ ئۆيگە قاچان بارىسىز؟

— ئەتە يا ئۆگۈن بارىمەن. رەخىمەگە مەندىن سالام ئېيتىڭ.

— ماقۇل، سالام ئېيتىمەن. بەلكىم بۈگۈن ئۇ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا ئەتە ئۆزىمۇ ئىزلەپ بېرىشى مۇمكىن.

— بولىدى، ئاۋارە بولمىسۇن. مەن ئۆزەم بارىمەن، خەير - خوش!

شاۋكەت ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ، زىياۋىدىننىڭ چاقىرىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى، لېكىن كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى. سىرتىنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلىگە ھوزۇر بېغىشلىدى. ئۇ يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

## ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاياتى توغرىسىدا بىر ئاز پىكىر

خېۋىر تۆمۈر

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 12 - سانىدا مەھمۇت ئەكبەر ۋە ئىسمايىل تۆمۈر يولداشلار ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاۋىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ كەلگەن، تېخى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن «مۇزلىدى»، «قىزىدى» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرىنى ئېلان قىلدى.

ئاپتورلار بۇ ئىككى پارچە شېئىرنى ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىغىنە سۆز قىستۇرۇشنى لايىق كۆرۈپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ 1979 - يىللىق 12 - سانىغا بېسىلغان ماقالا ۋە يولداش مۆمىن سەپىرىنىڭ بىر ئىلمىي ماقالىسىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «1904 - يىلى تۇرپان باغرى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن» دەپ يېزىلغان ئۇچۇر بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان «شائىر 1896 - يىلى تۇغۇلغان ئىدى» دىگەن ئۇچۇرنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شائىرنىڭ يۇرتىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ۋە شائىرنىڭ ھايات ۋاقىتىدىكى يېقىن ساۋاقداشلىرى ھەم ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن ئۇققۇشۇش ئارقىلىق شائىرنىڭ 1900 - يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ تاشلانغان ۋاقتى 1932 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىكەنلىكىنى، ئۇ چاغدا شائىر ئەمدىلا 32 ياشقا تولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتورلار ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن شائىر ھەققىدىكى بەزى يۈزەكى تەھلىللىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق، يولداشلارنىڭ ناتوغرا جايلىرىغا پىكىر بېرىشلىرىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز، دىگەن ئىدى.

مەن بۇ ئىككى شېئىرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا چەكسىز خۇش بولدۇم. ئاپتورلارنىڭ ھىممىتىگە، بولۇپمۇ شائىرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى 1900 - يىلغا مۇقىملاشتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى، بىراق شۇنچە ئەجىر قىلغان ئاپتورلارنىڭ شائىرنىڭ ئۆلگەن يىلىغا كەلگەندە يەنە بىر خاتالىققا يول قويغانلىقىغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ۋە باشقا بىرقانچە ئىشلار توغرىسىدا تۈزىتىش پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدۇم.

## 1. شائىرنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا

شائىرنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى 1932 - يىل 3 - ئاي بولماستىن، بەلكى 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) 3 - ئاي.

بۇ ۋاقىتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىمىز:

(1) قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى 1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قوزغالدى، بۇ ئۇرۇش قۇمۇل تاغلىرىدا بىر يىل 9 ئاي داۋام قىلدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىر يېرىم يىل ئىچىدە 6 قېتىم قوماندان يۆتكىدى. بۇ قوماندانلارنىڭ ئالتىنچىسى — ئەڭ ئاخىرقىسى، شىڭ شىسەي بولۇپ، ئۇ 1932 - يىلى 7 - ئايلاردا شەرقىي يولنىڭ باش قوماندان (زۇڭزىخۈي) لىقىغا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەن. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغ دەپ چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ تۇرغان ئىدى. بىردىنىلا سەككىز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا ئىگە بولغان شىڭ شىسەي قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرۇپ يوقىتىش پىلانى تۈزەيدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى پىلانى «يازلىق ھۇجۇم» دەپ ئاتىلىپ، 1932 - يىلى 9 - ، 10 - ئايلاردا باشلىنىدۇ. بۇ ھۇجۇم ئاساسەن شەرقىي تاققا قارىتىلىپ، يولۋاس باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرۈپ، باغراش ئارقىلىق گەنسۇ چېگرىسىغا كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئىككىنچى ئۇرۇش پىلانى «قىشلىق ھۇجۇم» دەپ ئاتىلىپ، 1932 - يىلى 12 - ئايدا باشلىنىدۇ. بۇ ھۇجۇم ئاساسەن غەربىي تاققا قارىتىلغان بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرۈپ، قارلىق تاغ ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

(2) تۇرپان قوزغىلىڭى 1932 - يىلى 12 ئاينىڭ 27 - كۈنى يەنى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن ما شىمىڭ، تۇرسۇن، تۆمۈر بوتۇڭ قاتارلىقلار 40 - 50 تەك ئادەم بىلەن چاچراپ چىقىپ، پىچانغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. 1933 - يىلى 1 - ئاي ئىچىدە تۇرپان، توقسۇنلاردا ئارقىمۇ - ئارقا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قاراشەھەر - كورلىغىچە كېڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان رايونى پۈتۈنلەي قوزغىلاڭ رايونىغا ئايلىنىدۇ. بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچى ۋە گۇچۇڭدىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئۈچ قېتىم جازا قوشۇنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، بۇ رايوننى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى شىڭ شىسەينى قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ چاغدا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىرىنچى قەدەمدە شاپتۇللۇقتا تۇنجى قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمدە تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلغان؛ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن جازا قوشۇنى «شى دالىيەن» نى تارمار كەلتۈرۈپ، تۇرپان كونىشەھەرگە ھۇجۇم باشلاپ، مالۇيجاڭ (ماداخەنزە) نى تەسلىم قىلغان. ئۈچىنچى قەدەمدە تەشكىللىنىپ پىچانغا ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. پىچان ئۇرۇشى باشلىنىپ 12 كۈن بولغاندا قۇمۇل تەرەپتىن شىڭ شىسەي - نىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرى يېتىپ چىقىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. نەتىجىدە، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى

ۋاقىتلىق چېكىنىپ لۈكچۈنگە توپلىنىدۇ. مەسلىھەت بويىچە: ماشىمىڭ بىلەن مەھمۇت سىجاڭ ئىككىسى قوشۇنلارنى باشلاپ، ۋاقىتلىق قاراشەھەرگە چېكىنىش؛ مەخسۇت مۇھىتى پولات تۇمنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تەكلىپ قىلىپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان شەھىرى قايتىدىن ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. شىڭ شىسەي 1933 - يىلى 3 - ئايدا تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جەسساھاجى قاتارلىق 17 كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈدۇ. توخسۇندا يەنە ئۈچ كۈن چاپ - چاپ قىلىپ، 680 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى ئۆلانبايدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدۇ ۋە شۇ يىلى (1933) 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە بولغان «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى «دۇبەن» دەپ ئېلان قىلىدۇ.

دېمەك، يۇقۇرقى تارىخىي پاكىتلار ئىنقىلاۋىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەگەر بىز شائىرنىڭ قۇربان بولغان ۋاقتىنى «1932 - يىلى ئىدى» دېيىدىغان پىكىرگە قوشۇلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا 1933 - يىلدىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى، ھەتتا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىمۇ بىر يىل ئالدىغا سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھالدا ۋاقىت مەسىلىسىدە نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنى 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دېسەك توغرا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان تارىخىي مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇن.

## 2 · 17 كىشىلىك قوزغىلاڭ ھەيئىتى (تەشكىلاتى) توغرىسىدا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى 17 كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار گۇرۇپپىسى (ھەيئىتى) زادى قانداق مەسىلە؟ بۇ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىر قېتىمدا ئۆلتۈرۈلگەن 17 كىشىگە قارىتىلغان گەپمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا بۇ سان نەدىن كېلىپ چىققان؟

ئىگىلىشىمىزچە، تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭىغا ئالاقىدار ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ كەلمەكتە. بەزى ئاپتورلار «قەلەمتۇراچ» نامىلىق ئالتە كىشىلىك تەشكىلات بار ئىدى دېسە، بەزى ئاپتورلار 17 كىشىلىك تەشكىلاتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «قەلەمتۇراچ» تەشكىلاتىدا مەخسۇت مۇھىتى، ھەيدەر ئەپەندى، بۇرھان شەھىدى، يۇنۇسبېك، تاھىر بەگلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. «17 كىشىلىك تەشكىلات» تا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدا دېگەندىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىر قېتىمدا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن 17 كىشى دەل شۇ «17 كىشىلىك تەشكىلات» بولۇپ قالامدۇ؟ لېكىن تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەۋسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى (سىجاڭ)، ھەمدۇللائەلەم ئاخۇنۇم، ئىمىن ھاجى، ئابلا داموللا، ھسامىدىن زىپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەمەت خەلپىتى، سەمەت ھاجى، پولات تۇەنجاڭ، نىياز تۇەنجاڭ، ئىبراھىم تۇەنجاڭ، ئابدۇسەمى رىخۇي، غوپۇر تۇەنجاڭ قاتارلىق

كىشىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ، ئىنقىلاپ يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. «17 كىشىلىك تەشكىلات» دېگىنى مۇشۇ كىشىلەرنى كۆزدە تۇتامدۇ ياكى ئاستانا قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە قوزغىلاڭچىلارغا «تۇرپان يېڭىشەرگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىڭلار، بىز شەھەر ئىچىدىن ماسلىشىمىز» دەپ خەت ئەۋەتكەن ھىسامىدىن زىپەر ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتا شەھەر ئىچىدە 17 كىشىلىك ھەيئەت بولۇپ شەكىللەنگەنمۇ؟ بۇ جەھەتلەرنى ئەلۋەتتە تەتقىق قىلىش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىر قېتىمدا ئۆلتۈرۈلگەن 17 كىشى ھېچۋاقىتتا «17 كىشىلىك ھەيئەت» ئەمەس. بۇ 17 كىشى ئىچىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجىدىن باشقا نەمتۇل، ئاۋۇت، ئاقشۇ تۇنگان، نىياز چوقۇر دېگەن كىشىلەرمۇ بار. يەنە شۇ كۈنى نىمە ئۈچۈندۇر ئاستانىدىن تۇرپان بازىرىغا كىرىپ قالغان ئاستانا چوقان مەھەللىلىك دىنىي مەكتەپ مۇللىسى پولات قارى ئىسىملىك كىشى ئېشەكلىك كېتىۋاتقاندا، جاللات چېرىكلەر بۇ ئادەمنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈدىغان ئادەملەرنىڭ 17 - سى قىلىپ قوشۇپ ئۆلتۈرگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئادەم ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان ئادەم ئىدى. دېمەك، شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن 17 كىشى ئىچىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجىنىڭ تۇرپان قوزغىلىڭىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تىللاردا داستان بولسىمۇ، ئۇنىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكى، نىمە قىلغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەرگە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمەيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بەرگەندىن تاشقىرى، قىممەتلىك ياش ھاياتىنى ئىنقىلاپ يولىدا قۇربان بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىنقىلاپقا سادىق ئىكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىنقىلاۋىي بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا، مېنىڭچە، بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكەممەل پاكىت بولمىسا كېرەك. روشەنكى، 1933 - يىلدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىدا ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى (سىجاڭ) قاتارلىق رەھبەرلەر قوزغىلاڭ جەريانىدا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوخشاش رول ئوينىغان. بەلكى ئۇنىڭ تۇرپان خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلاۋىي روھىغا چوڭقۇر سىڭىپ قاينام - جۇشقۇنلۇق دولقۇن ھاسىل قىلغان، قوزغىتىش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئۆتىگەن ئىنقىلاۋىي شېئىرلىرىنىڭ قۇدرىتى ماھىيەت جەھەتتە ھەرقانداق قورالدىنمۇ ئۈستۈن. مېنىڭچە، بۇ پاكىت — ئۇ قانداقتۇر ھەيئەت تەشكىل قىلغان، يېتەكچىلىك قىلغان دېگەندەك سۆزلەردىن جىق ئارتۇق.

## 3. يارغولدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن جازا قوشۇنى «شىداليەن» نى يوقىتىش جېڭى توغرىسىدا

ئاپتورلار بۇ جەڭنى تەپسىلى بايان قىلىپ، ھىسامىدىن زىپەر 400 ئادەمنى تەشكىللەپ (بۇلاردا 20 - 30 تالدەك قارا مىلتىق بار ئىدى) شىھىتلىك تەرەپتىكى يولغا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 300 ئادەمنى تەشكىللەپ (بۇلاردا بىر تالمۇ قورال يوق) غەربىي

www.uyghurkitap.com

يولدىكى چاجاڭبى (چاجاڭ قىلىدىغان لەڭگەر) دىگەن يەرگە چىقىپ تۇساپ جەڭ قىلىپ، سوغاقتا توڭلاپ كەلگەن 250 چېرىكنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ، قورال - ياراقىغا ئىگە بولغانلىقىنى، ئاندىن شىپەستىلىك تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە كەلگەن 250 دۈشمەننىمۇ تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقىنى، يىغىپ ئېيتقاندا، 700 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ئاممە 500 كىشىلىك قوراللىق دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلىنىڭ مۇنداق قويۇلۇشى قانچىلىك ماھىيەتكە ئىگە بولار؟!

بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى:

(1) ئاستانا قوزغىلاڭچىلىرى قوزغىلاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە تاياق - توقماق بىلەن باشلىغانلىقى ئېنىق. لېكىن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، تۇرپاندىن بىر لىيەن (يۈزدىن ئارتۇق) چېرىك چىققاندا، ئاستانىلىقلار بىرمۇنچە قوراللىق مەرگەنلەرنى توپلاپ تەييارلىق قىلىدۇ. دۈشمەن چېرىكلىرى كەلگەندە ئۇلارنى ئاستانا كوچىسىغا سولۇۋېلىپ كوچىنىڭ ئىككى بېشىدىن پاۋان مىلتىقلىرى بىلەن ئېتىپ، ئوتتۇرىدىكىلەرنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۇرۇپ يوقاتقاندىن كېيىن، 100 گە يېقىن قورال غەنىمەت ئالغان.

(2) ئاندىن قارا غوجا، لۈكچۈن، سىڭگىم، مۇرتۇق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە مىڭلىغان ئاممىا تۇرپان يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە يوغان تېرەك ئارقىلىق گۇچۇڭدىن چۈشكەن تەخمىنەن 500 (بەزىلەر 800 دەيدۇ) دەك دۈشمەن بىلەن شاپتۇللۇقتا بىر كۈن قاتتىق سوقۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ تەڭدىن تولىسىنى يوقىتىدۇ ۋە 200 تالغا يېقىن قورال غەنىمەت ئالىدۇ.

(3) ئاندىن قوزغىلاڭچىلار تۇرپان يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەر ئىچىدىن ھسامىدىن زىيەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ھسامىدىن زىيەر شەھەر ئىچى ۋاقتىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەھەر قوغداش خىزمىتىگە ياردەملىشىمىز دەپ 70 تال قورال ئېلىپ چىققان (بۇ باي ئېزىزنىڭ ئەسلىمىسىدە بايان قىلىنغان).

(4) شۇ كۈنلەردە بىر كېچىسى ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇننىڭ بىر دانە ئوق - دورا باسقان ماشىنىسى شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئويمان دەڭنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچىلار ماشىنا ئۈستىدىكى ئون نەچچە چېرىكنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان، ماشىنىدىكى ئوق - دورا، قول بومبىلىرىنى غەنىمەت ئالغان. دېمەك، بۇ پاكىتلاردىن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى شۇ كۈنلەردە خېلى مىقداردا قورال - ياراقىغا ئىگە بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچىدىن كەلگەن 500 كىشىلىك جازا قوشۇنى شىدالىيەننى يارغولدا تۇساپ يوقىتىش جېڭى قىلىدۇ.

ئەمما ماقالا ئاپتورلىرى شىدالىيەن دەپ ئاتالغان 500 كىشىلىك جازا قوشۇنى 20 - 30 تالچە قارا مىلتىققا ئىگە، ئىككى يولغا بۆلۈنگەن 700 كىشى تەرىپىدىن «ئۇر كالتەك - سوق كالتەك» قىلىنىپلا يوقىتىلغان دەپ تونۇشتۇرۇدۇ. بۇنداق تونۇشتۇرغاندا، بىرىنچىدىن مەنتىق كەمدەك ھېس قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپان قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلغانلاردىن: ھەمدۇللا ئەلەم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت سىجاڭ، تۇرپان قىسىملىرىنىڭ باشلىقى ئابلا داموللا، پولات تۇەنجاڭ، سەمەت ھاجى، نىياز تۇەنجاڭ، ئىبراھىم تۇەنجاڭ، ئابدۇسەمەي زىخۇيلار ۋە باشقا لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ بولغانلار نەگە كەتكەندۇ، دەيدىغان بىر ئۇقۇم پەيدا بولماي قالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، يارغول - كەندىكتە بولغان بۇ جەڭگە يۈزلىگەن كىشىلەر قاتناشقان. بۇ جەڭدە ئىسمى زىكرى قىلىنغان سەركەردىلەر ھەر قايسىسى ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئىشتىراك قىلغان، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى نەچچە مىڭغا يەتكەن، قورالمۇ بار،تاياق - توقماق، ئارا - كەتمەن كۆتەرگەنلەرمۇ بار ئىدى.

بۇ، مۇندىن 51 يىل بۇرۇن بولغان ۋەقە. بۇ جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان زىيالىلاردىن ئەيسا نىياز، ئابلا پاسار قاتارلىقلار ھايات تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدەك يۇرت ئىچىدە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان پېشقەدەم دېخانلارمۇ خېلى كۆپ. ھەتتا خوجىنىياز ھاجىدىن ئايرىلىپ كېلىپ پىچان شەھىرىگە تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ كۆتىرىلىشىگە سەۋەپ بولغان تۆمۈر بوتۇڭنىڭ ھەمراسى تۇرسۇن ئاكا (بۇ يىل 80 نەچچە ياش) ئۈرۈمچى شىنشەن كۆمۈركان رايونىدا بار. دېمەك، بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بىزدە خېلى تولۇق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مەسىلىسىدە 1896 -، 1900 -، 1902 - يىلى دەيدىغان ئۈچ خىل يىلنامە بىزنىڭ گېزىت - ژورناللىرىمىزدا ئېلان قىلىنىدى. لېكىن شائىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇساتتار ئاكا شائىرنى 1901 - يىلى تۇغۇلغان دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. مۇنداق بولغاندا، بىز بۇ يىلنامىلەرنىڭ قايسى بىرىگە ئىشەنچ قىلىمىز، كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىز قايسى رەقەمنى تۇتقا قىلىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە سەگەكلىك بىلەن ئويلاشقا تېگىشلىك ئىش. مېنىڭچە، شائىرنىڭ تۇغۇلغان يىلى شائىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇساتتار ئابدۇراخمان ئېيتقان يىل بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ، بىرىنچىدىن شائىرنىڭ ئۆز ئىنىسى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئېيتقان يىل شائىر ئۆلگەندە 32 ياش ئىدى دېگەن ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرگەن ۋاقتى مەسىلىسىدە ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىنلا 1933 - يىلى 3 - ئاي دېگىنىمىز تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن.

بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىز ئۆزى ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى «مەن ئىگەللىدىم»، «نەشرگە مەن تەييارلىدىم» دەپ ئېلان قىلىشقا شۇنچىلىك ئالدىرايدۇكى، كىشىلەردىن قىزغىنىپ، يوشۇرۇپ ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن، پېكىرمۇ ئالماستىن ئېلان قىلىدۇ - دە، بەزەن كۈلكىلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ. مەسىلەن: «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتور ئىشەنچلىك كىشى سۆزلەرنى يازغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىپ «يەجۇجى - مەجۇجى» نامىلىق شېئىرنىڭ ئاخىرىغا «1920 - يىل، تۇرپان» دەپ يازغان. بۇ شېئىردا شائىر مۇستەبىت ياڭ زېڭشىڭنىڭ زۇلۇم ئىستىبداتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئۆزىنىڭ خوشال بولۇپ ئىچ - قارنى ئېچىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، ياڭ زېڭشىڭ 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن تۇرسا، شائىر «يەجۇجى - مەجۇجى» دېگەن شېئىرنى ياڭ زېڭشىڭ ئۆلۈشتىن 8 يىل ئىلگىرى يازغان بولامدۇ؟ بۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟!

ئۆتكەندە بىزدە ئومۇمى يۈزلۈك «چىققىنى ئەۋزەل» دەيدىغان بىر خىل چۈشەنچە بار ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىستىمالچىلارنىڭ سۈپەتكە بولغان تەلىۋى ئۆسمەكتە. بۇ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ روھىي بولۇپ، تەرەققىياتقا يۈزلىنىشىمىزنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. شۇڭلاشقا ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا ئەستايىدىل بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز

### ئاتاقلىق شائىر — تېيىپجان ئېلىيوپ



تېيىپجان ئېلىيوپ 1930-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1938-يىلدىن 1948-يىلغىچە قورغاس ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1948-يىلى 8-ئايدىن 1950-يىلغىچە غۇلجىدا «ئالغا گېزىتى»دە مۇھەررىرلىك قىلدى. 1950-يىلدىن 1955-يىلغىچە ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈم باشلىقى، 1955-يىلدىن 1958-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. 1979-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا ۋە 1985-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1980-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ 1961-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغاندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرىيەتكە كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىشتىياق باغلىدى. دەسلەپتىكى چاغلاردا خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى ئۆگىنىش، يادلاش، مەكتەپ قوينىغا كىرگەندىن كېيىن ئەدەبىيات دەرسلىكىنى، شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئۇيغۇر ئۆزبېك تاتار ۋە قازاق تىلىدىكى ئەدەبىي كىتابلارنى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان شېئىر، ھېكايىلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە بېرىلىش كىچىك تېيىپجاننىڭ شېئىرىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى بارغانسېرى ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە كىرىشىشىگە ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

تىلشۇنىسى، شائىر ل. مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى، كېيىنرەك ناۋايى، پۇشكىن، ئاباي، ئابلا توقاي، ماياكوۋسكى، خەممەت ئالىمجان، ئەي چىڭ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ، 1945 - يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. 1946 - يىلدىن ئېتىۋارەن شېئىرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، دەسلەپكى مەزگىللەردە شېئىرنى شېئىرلاردىن تەسىرلىنىش ئارقىلىق يازغان بولسا، بارا - بارا تۇرمۇشتىن ئالغان ھەقىقى تەسىراتلىرىنى يېزىشقا كۆچتى.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئازاتلىققا قەدەر يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى، مۇتەئەسسىپلىكنى، خۇراپاتلىقنى، پانتۈركىزمنى پاش قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى، مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى ھەم باراۋەرلىكىنى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى كۈيلەشتىن ئىبارەت بولدى. گەرچە ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىلغار كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىكى بىر جەڭچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە قىسمەن ئاجىزلىقلارمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ، ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ئەدەبىياتقا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەركەتلەرنىڭ قاينىمىغا چۆكتى، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىنى ئارىلاپ چىقتى، چاۋشيەن، سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بېيجىڭدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى. بۇ ھال ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈردى. لېكىن شائىر تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت يولىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇزۇن يىل سول ئىدىيىنىڭ قاتتىق - قات توسقۇنلىغىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

ئۇ ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىدە ناھەق ھالدا كۈرەشكە ئېلىنىپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، 1959 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئەمگەككە سېلىندى. 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتا رەھىمسىز زەربىگە ئۇچراپ، گۇچۇڭغا سۈرگۈن قىلىندى. 1973 - يىلى ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن سول ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلالمىدى. پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، يەنى 1979 - يىلىلا ئۇنىڭغا چاپلانغان بارلىق سىياسىي بەدناملار ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ سەنئەت باھارىغا تەشنا قەلبى شېئىرىيەتنىڭ كەڭرى ئاسمىنىدا ئەركىن قانات قېقىشقا باشلىدى.

شائىر تېيىپجان ئىلىيوپ ئىجادىيەت بىلەن 40 يىل شۇغۇللىنىپ، مىڭ پارچىگە يېقىن شېئىر يازدى. 1951 - يىلى «شەرق ناخشىسى»، 1955 - يىلى «تىنچلىق ناخشىسى»، 1957 - يىلى «تۈگىمەس ناخشا»، 1963 - يىلى «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، 1980 - يىلى «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، 1984 - يىلى «باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. 1956 - يىلى «تىنچلىق ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە 1982 - يىلى «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما» خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. خېلى كۆپ شېئىرلىرى ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. بىر قىسىم شېئىرلىرى

www.uyghurkitap.com

فرانسۇزچە، تۈركچە، ئېنگلىزچە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايرىم رېسپۇبلىكىلىرىدىكى بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ تىلىدا چەتئەللەردە ئېلان قىلىندى. بەزى چەتئەل گېزىت - ژۇرناللىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتىدىن تاشقىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. گۇمنام، قەلەندەر قاتارلىق شائىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى نەشرگە بەردى. 1981 - يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دىن نەشر قىلىشقا قاتناشتى. ناۋايى غەزەللىرى (260 غەزەل ۋە ئۇنىڭ شەرھى) نى نەشر قىلدۇردى. ھازىر نىزارى داستانلىرىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ. ئۇ يەنە باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە «ماۋجۇشى شېئىرلىرى» ۋە چۈي يۈەننىڭ «جۇدالىق زارى» ناملىق ئەسەرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوبزورلارنىمۇ يازدى. ئۇ ھازىر ھەم نەسرىي ھەم شېئىرىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزگىچە بەدىئىي شەكىلگە ئىگە «ئەيىنەك» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدىمۇ جىددىي ئىشلىمەكتە.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھەم ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «ۋالاقتەككۈروپنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئۆلمەس شېئىرلىرى خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكىرىنىڭ يېڭى ھەم ئىجادىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم قايناقلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ بايلىقى، تىلىنىڭ ئاممىباپ، راۋان، يۇمۇرلۇق، ئويناق، پىششىق ھەم ئوبرازچانلىقى، تۇرمۇش پۇرىقى ھەم مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە 4 قېتىم 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» ناملىق سېكلى 1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، لېكىن شائىر ئۆزىنىڭ ئېلىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن بېسىمغا ئۇچراپ يازغان بەزى شېئىرلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ: «ئىجادىي يولۇمدىكى خەلقنى رازى قىلالمايدىغان ئاشۇ ئىزلارنى ئويلىساملا، كۆڭلۈم غەش بولىدۇ» دەيدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوپ تالانتلىق ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىدارلىق مۇھەررىر ھەم ماھىر تەشكىلاتچى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنى تەسىس قىلىش، پەرۋىش قىلىش، ئىجادىيەت سېپىدىكى ياش كۈچلەرگە يار - يۆلەكتە بولۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەش، كېڭەيتىش ھەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى شائىرغا ئىدىيە ئازاتلىقى ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ رىئاللىققا، سەنئەتكە سادىق بولۇش جۈرئىتى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بىز تالانتلىق شائىرىمىز ھەم ماھىر تەشكىلاتچىمىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# ئىقتىدارلىق يازغۇچى — زوردۇن سابىر



زوردۇن سابىر 1937 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ بايتوقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاپىسى ئۆلۈپ كەتتى. دادىسى ساۋاتسىز ئادەم بولسىمۇ، بىلىمنى ھۆرمەت قىلاتتى، شۇڭا ئۆزى ھەرقانچە قىينالسىمۇ، بالىلىرىنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلاتتى. زوردۇن دادىسىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇپ، 1957 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈردى. 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە لەنجۇدىكى غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى ھەم ئىشلىدى. 1979 - يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1981 - يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. 1981 - يىلى بېيجىڭدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەدەبىيات سېمىنارىيىسىدە بىر يىل ئوقۇدى. ئۇ شۇندىن بۇيان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ «ئاق ئۆرۈك» ناملىق شېئىرى 1961 - يىلى «تارىم» ژورنىلىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن ئاساسەن 1972 - يىلدىن باشلاپ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە»، «گۆھەرنىڭ بەختى»، «دوستۇمنىڭ تارىخى»، «ئونىنچى سىنىپنى ئەمدى تۈگەتتىم»، «سەھەرچى» ناملىق ھېكايىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن «ئىلى گېزىتى» دە ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى ئۇ يەنە «ئاۋرال شاماللىرى» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. بۇ رومان 1981 - يىلى نەشرىدىن چىقتى. روماندا مەدھىيىلەنگەن ئادەملەر، ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايە ھەم پىكىرلەر گەرچە ھازىر كونا نەرسىلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رومان يېزىلىرىمىز تارىخىنىڭ رېئال كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە ھېلىمۇ مۇئەييەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

«ئاۋرال شاماللىرى» نى يېزىش جەريانى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ چېنىقىش ھەم ئۆسۈش جەريانى بولدى. بۇ جەريان ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىياتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەم چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭلاشقا ئۇ: «ناۋادا مەن ‹ئاۋرال شاماللىرى› نى يازمىغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە بىر قەدەر ياخشى باھاغا ئېرىشۋاتقان ئەسەرلىرىمنىمۇ يازالمىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يازغۇچى

www.uygurkitap.com

زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتى تېز يۈكسەلدى. ئۇ، 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە «قەرزدار»، «تۆھپە»، «دولان ياشلىرى»، «قوبۇلخانىدا» قاتارلىق ھېكايىلارنى يېزىپ، كىتاپخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى يارىتىشقا تىرىشىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1980 - يىلى ئۇنىڭ ئاشۇ ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن «شەبنەم» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

زوردۇن سابىر 1981 - يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە بىرقەدەر يېڭى ھەم چوڭقۇر مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانى، «سۆيگۈ»، «خەيرلىك ئىش»، «ئارچا ياپرىغى»، «گۈلەمخان»، «ۋاپادار»، «باھار ھامان ئىللىق» ناملىق پوۋېستلىرى، «ساداقەت» ناملىق ھېكايىسى ۋە ياشلار نەشرىياتى يېقىندا نەشرگە بەرگەن «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇنىڭغا يېقىن ھېكايىسى مانا شۇ يىللاردا يېزىلدى. ئۇ يېقىندا يەنە «سۆيگۈ» ناملىق پوۋېستى بىلەن «خوشنىلار» ناملىق ھېكايىسىنى سىنارىيىلەشتۈرۈپ، تېيانشان كىنو ئىستۇدىيىسىگە تاپشۇردى.

زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىي پائالىيىتىدە ھاياتتىن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ئىزدىدى، پېكىرلىرىنى ئىمكانقەدەر چوڭقۇرلاشتۇردى ھەم پىششىقلىدى، بولۇپمۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى، جۈملىدىن، روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانى بىلەن پوۋېست، ھېكايىلىرىدا يارىتىلغان بىر قىسىم پېرسوناژلار ئوبرازى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

يازغۇچىنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1981 - يىلى مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قوبۇلخانىدا» ناملىق ھېكايىسى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئاۋارال شاماللىرى» ناملىق رومانىنىڭ بىر قىسمى، «سۆيگۈ»، «خەيرلىك ئىش» ناملىق پوۋېستلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ھېكايە ۋە پوۋېستلار توپلىمىنى سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە بەردى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. يازغۇچىنىڭ ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ۋە يېتىلدۈرەلەيدىغان ھاۋا بىلەن تۇپراقتا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يازغۇچىنى دەۋر يېتىلدۈرىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى سول ئىدىيىنىڭ توسقۇنلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىپ تاشلاپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. بىز ماھارەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ بۇ خىل ئەركىنلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ئالاھىدىلىگىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىغا تىلەكداشمىز.

# ئانا

(ھېكايە)

دىلبەر قەييۇم

ئاھ... بالام، كۆز نۇرۇم، باغرىم، ... جان ئاناڭ سېنى يەنە بىر كۆرەلەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان بولدى. خۇدا، شۇ ناتاۋان بەندەڭنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەزىز ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەن بولساڭ ... ئاھ... بالام!... ئاناڭ سېنىڭ يولۇڭغا تەلمۈرمەكتە ... قېنى سەن، يۈرەك پارەم!...

پامىر ئېتىكىنى بويلاپ ماڭىدىغان ئۇپالنىڭ يولىدا پىغانلىق نالىلەر قىلىپ، سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ياشانغان ئانا چوڭ يولدىن ھالقىپ، تاغ باغرىدىكى كىچىك چىغىر يولغا ئۆتتۈشى بىلەنلا، ئالدىغا بىر مۆدۈردى-دە، تەكپۈكلىغىنى يوقىتىپ، ئېرىق بويىدىكى تەكشى ئۆسكەن يالپۇزلار ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىلدى.

ئانا كۈچسىز بارماقلىرى بىلەن يۇمشاق يالپۇزلارنى قاماللىغان ھالدا تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئانىنىڭ بۇرنىغا يالپۇزنىڭ كۈچلۈك ھىدى ئۇرۇلدى بولغاي، ئۇنىڭ قىرىلىققا مۇناسىپ كەلمىگەن نۇرلۇق كۆزلىرى ئاستىدىكى ياپ-يېشىل يالپۇزلارغا تىكىلدى.

ئانا مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى ئېگىپ، تېتىرىگەن قوللىرىدا يەنچىلگەن يالپۇز نوتىلىرىنى ئاستا سىلىدى، ئۇنىڭ ئېسىگە رەھمەتلىك يولدىشىنىڭ ھەر دائىم ئاڭلاشقا ئامراق ناخشىسى كەلدى:

«ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز؛
مېنى يالغۇز دىمىگىن،
ئاللا ئۆزى‌ مۇ يالغۇز.»

دۇرۇس، ئادەملەر ھامان يالغۇز ئىكەن-دە، پانى ئالەمگە يالغۇز كېلىپ، باقى ئالەمگىمۇ يالغۇز كېتىدىكەن. ئاخىر مەنمۇ يالغۇز قالدىمغۇ؟ — دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئېغىر بىر تىندى.

دەل شۇ ئاندا ئۇچۇرما بولغان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تۆمۈر تۇمشۇق ئېرىق بويىدىكى نان جىگدە شېخىغا قوندى ۋە بالىسىغا قانداقتۇ ئۆز تىلى بىلەن بىر نىمىلەرنى دەپ ۋىچىرلاپ، جىگدە تېنىسىنىڭ يېرىلىپ قوۋزاقلاشقان جايلىرىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ بۇ ھەركەتلىرىگە ھوشيارلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان بالا قۇش

دەرھال ئۇنى دوراشقا باشلىدى.

«مەنمۇ ئاشۇ تۆمۈر تۇمشۇقچىلىق بولالىغاندىمەنمۇ؟ ئانىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالىغاندىمەنمۇ؟ ئانىنىڭ بالا ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى نېمە دىگەن ئېغىر-ھە!؟ شۇ تاپتا ئەگەر ئۇن-يىگىرمە ياش ئارقىغا يانالىسام ئىدىم، تۆمۈر تۇمشۇقنى ئۇستاز تۇتقان بولاتتىم. بىزدە: ‹ياش يۈزگە يەتمەيدۇ، يۈزگە يەتسە كۆزگە يەتمەيدۇ،› دىگەن گەپ بار ئىدى. بەرھەق ئىكەن، مانا ھازىر كۆزگە يەتمەيۋاتىدۇ.»

قۇشلارنىڭ ھەركىتىنى جىمغىنا كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئانا ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى-دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى غەرپ تەرەپكە سوزۇپ، زەئىپ ئاۋازدا ئۈن قاتتى:

— بالام،... جېنىم بالام!... ئاناڭ ساڭا قەرزدار، ئاناڭ ئارماندا كېتىدىغان بولدى. ئاتاڭ ۋە ئاناڭ قىلالمىغان ئۇلۇغ ئىشلار ساڭا قالدى، — دەرمانسىزلانغان ئانا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەرپ تامان سوزۇلۇپ ياتقان مۇقەددەس تاغلارغا چۈشكەندە، تاغنىڭ بارا-بارا يىراقلىشىشىغا ئەگىشىپ خىيال قۇشلىرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۆك-باراقسانلىق چىمەنزار ھويلىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

×

ئانىسىدىن كىچىك قالغان بۈۋى رابىيە ئاقكۆڭۈل، مۇلايىم، ئەمگەكچان ئاتىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىشچان قىز بولۇپ ئۆستى.

ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن ئۆزگە خاراكتىرى ئاتىسىنى ھەم خوشال قىلاتتى، ھەم ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بىر قانچە قېتىم: «قىزىم، بويۇڭغا يېتىپ قالدىڭ، ئەمدى موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرس ئېلىشنى توختاتساڭ ياخشى بولارمىكىن» دىگەن گېپىگە ناھايىتى سىلىق قىلىپ: «ئاتا، دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەلبىنى ھېچكىم ئاتا-ئانىدەك ياخشى چۈشەنمىسە كېرەك. بولۇپمۇ يالغۇز قىزلىرىنىڭ نىمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئاياندۇر. شۇڭا ئىلىم ئېلىشىمغا چەكلىمە قويمىغايلا» دىگەنگە ئوخشاش جاۋاپلىرى ئاتىنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى.

بۈۋى رابىيەنىڭ كۈندىلىك ئادەتلىرىدىن بىرى — دەرس ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، مەكتەپكە بارمايدىغان تەڭتۇش دوستلىرىنى ئۆيگە يىغىپ ئۆزى ئۆگەنگەن دەرسلەرنى ئۆگىتەتتى، تۈرلۈك كىتاپلارنى مۇتالىئە قىلاتتى. قىزلار ئۆزلىرى توقۇغان ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغان قوشاقلارنى ئوقۇپ، كۆڭۈل ئاچاتتى. يېڭىدىن-يېڭى قوشاقلار ۋە پەر بېيىتلار قىزلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشاتتى.

بىر كۈنى ئەنە شۇنداق يىغىلغان كۈنى بۈۋى رابىيەنىڭ دوستى بۇسارە ئىنتايىن مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتتى:

ئۆستەڭدىكى سۈزۈك تاش،
يارىم ئۆتتى كۆزى ياش.
مېنى يولغا قاراتماي،
راست گېپىڭنى بەر ئاداش.

ئۆزلىرى تالىپ كىشى،
مۇڭداشقىلى بولمايدىكەن.
ئۆيلىرى يىراق ئىكەن،
كۆرۈشكىلى بولمايدىكەن.

قىز ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ چوڭقۇر بىر تىنىدى-دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

دوستىنىڭ دەردلىك قەلبىنى چۈشەنگەن بۈۋى رابىيە ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— توپ تېرەكنىڭ① بېشىدا،
توپ ئويناغان قارا قاش.
مېھرىبان يار كەلدى دەپ،
مەش ئويناغان قارا قاش.

زىرىكمەنۇ - زىرىكمەن،
خاكدەن تاۋارنىڭ بىرىكمەن.
مەدرىسىدە ئوقۇغان،
تالىپ يىگىتنىڭ خىلىمەن.

دىگەن ناخشىنى ئېيتتى ۋە ئارقىدىنلا:

— قانداق دوستۇم، مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپ يىگىتكە كۆڭلۈك چۈشۈپ قالغانغا پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۆزىنىڭ نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قالغان بۇساره لىققىدە ياش غىلدىرلاپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى دوستىغا تىكتى - دە، تامىلاپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن، ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— ئۇ مەدرىستە يەنە قانچە يىل دەرس ئالاركىن؟ — ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىدىن ئۈمىتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— قانچە كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دىدى بۇۋى رابىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەنمۇ مەن بىلەن بىرگە موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرس ئالغىن. ئىلىم ئىگەللىگەچ ئۇنى كۈتكىن. قانداق؟

بۇۋى رابىيە دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئىلىم ئادەم قەلبىنىڭ چىرىغى، قەلبىگە ئەنە شۇ چىراق نۇر چېچىپ تۇرغان كىشى ھەر قاچان خۇش چاغ بولۇر، ئىلىملىك كىشىنىڭ ئادەملەر ئالدىدا قىممىتى بولغاي. ئۇ ئىككىلا دۇنيادا خار بولماس. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان كىشىنى ھۆرمەت قىلىش لازىمدۇر، دوستۇم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۇساره خۇددى خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ دىدى:

— بولۇدۇ، ئەتىدىن باشلاپ دەرس ئالغىلى سەن بىلەن بىرگە باراي. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەي!

— شۇنداق قىل، دوستۇم! — دىدى بۇۋى رابىيە دوستىنى قۇچاقلاپ، — بىز ئوقۇيلى، ھەممىمىز ئوقۇيلى!

مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇۋى رابىيەنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىتاپ ئوقۇيدىغانلار، بېيىت ئېيتىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

×

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پىشايۋان ئالدىدىكى كىچىككىنە باغچىدا ئانار ئۈزۈۋاتقان بۇۋى رابىيە ھويلا ئىشىگىدە پەيدا بولغان بىر يات ئەر كىشىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئانار شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

ئاڭغىچە ئۆيدىن چىققان ياشانغان ئاتا مېھماننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

شاھزادىلارچە كىيىنگەن بۇ ياش مېھمان سالامدىن كېيىن ئۆزىنىڭ شىكاردىن قايتقانلىقىنى، ئادەتتىن تاشقىرى چاڭقاش ئۆزىنى بۇ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتتى - دە، ئۆي ئىگىسى بوۋاينىڭ شۇنچە كۆپ تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلغىنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئەدەپ بىلەن ئىككى قەدەم ئارقىغا ياندى. شاھزادە ئانارلىق باغدىكى بۇۋى رابىيەنى كۆرۈپ قالغان ئىدى.

بىر سىۋەت ئانارنى كۆتىرىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرگەن بۇۋى رابىيە شۇ ھامان بىر جۈپ ئانارنى سىقىپ پىيالىنى

① توپ تېرەك — توپالدىكى بىر جاي ئىسمى.

ئاتىسىغا ئۇزاتتى.

— ئاتا، سۇ سورىغان مېھمانغا مۇنۇ ئانار شەرۋىتىنى بەرگەيلا. ئانار ئۈزۈۋاتقاندا كەلگەن مېھماننىڭ ئەلۋەتتە بۇ ئانار‌دا رىسقى بار.

قىزنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنگەن ئاتا ئانار شەرۋىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ خوشاللىق بىلەن مېھمانغا سۇندى.

بىر پىيالە شەرۋەتنى تىنماي سۈمۈرۈپ بولغان مېھمان بوۋايغا رەھمەت ئېيتتى.

— بۇ يىل ئانار تازا ئوخشاپتۇ-دە، — دەپ قويدى ۋە پىيالىنى بوۋايغا سۇنۇۋېتىپ، — يەنە بىرەر پىيالە بېرىشكە مۇمكىن بولارمۇ؟ دەپ سورىدى.

— خوش ئوبدان، — دېگىنىچە كەينىگە ياندى بوۋاي.

مېھماننىڭ قايتا تەلىۋى بوۋى رابىيەنىڭ كۆڭلىگە: «شاھتىن ئىنساپ قاچقاندا، ئەلدىن بەرىكەت قاچىدۇ» دېگەن گەپنى كەلتۈردى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىدىكى پىيالىغا يەنە بىر جۈپ ئانارنى سىقىۋېتىپ ئېيتتى:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، مېھمانغا يەتكۈزگەيلا، نىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى — ئادەم رىسقىدىن بەرىكەتنىڭ كۆتۈرىلىشى دېمەكتۇر. كىشىنىڭ رىسقىغا قارا ساناش ئەڭ يامان ئاپەتتۇر. بىزدە «ئاز يېگەن كۆپ يەر، كۆپ يېگەن نېمە يەر» دېگەن گەپ بار. ئەل ئوغلى بولغان كىشىنىڭ ئەل غېمىنى يېمىشى زۆرۈردۇر.

قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۆزىنى قانداقتۇ بىر ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى-دە، كۆزى قىيمىغان ھالدا بۇ چېمەنزارلىق گۈزەل مەھەللىدىن ئايرىلدى.

×

شاھ ھوزۇرىدىن كەلگەن ئەلچىدىن ئۆز لايىغىنىڭ ئۆتكەن كۈنى ئانار شەرۋىتى ئىچىپ كەتكەن شاھزادە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بوۋى رابىيە ئەلچىدىن:

— ئۇ يىگىت ئىلىم تەھسىل قىلغانمىكىن؟ قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىدىكەن؟ — دەپ سوراتقۇزدى.

ئەلچى ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھى ئىبراھىم ئوغلىنىڭ بىر ئالىي پەزىلەتلىك قىزنى ئۇچراتقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ھەمدە ئوغلىنى قىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھۈنەرۋەن كاسىپ قىلىپ چىقىشقا ئەھد قىلدى.

ئاتىسىنىڭ بۇيرۇغى، قىزنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، شاھزادىمۇ ئازلا كۈندە رەقەملەردىن جۈملە تۈزۈشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئىلىم بىلەن دەستىگاھلىق ھۈنەرنى تولۇق ئىگەللىدى.

ياندۇرقى يىلى كۈزنىڭ سېخى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شاھزادە بىلەن بوۋى رابىيەنىڭ تويى بولۇپ ئۆتتى...

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئانىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە ئاجايىپ شاتلىق ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. چۈنكى شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شاھزادىنىڭ كېلىشكەن قامىتى، ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى گەۋدىلەنگەن ئىدى. بىر ياقتىن مەرىكە شاتلىقىغا چۆمگەن ئەل-يۇرتنىڭ خوشال كۈلكە سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. دوستلىرىنىڭ ئۇنى مۇبارەكلەپ ئوقۇغان بېيىتلىرىچۇ تېخى!...

ئانا شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ھىلىلا تۆمۈر تۇمشۇق قونىغان جىگدە شېخىغا قونۇپ تۇرغان بىر جۈپ تۈتى قۇش باشمالتاقتەك كىچىككىنە باشلىرىنى سىڭايان قىلىپ، خۇددى قارا مارجاننى پاتۇرۇپ قويغاندەك چىرايلىق كۆزلىرىنى مىقتەك تىكىپ ئانىغا قاراۋاتاتتى. ئۇلار شۇ قارىشى ئارقىلىق گويا ئانىنىڭ قالغاچ قانىتىدەك قايرىلما قاشلىر-

دىن جۇدەڭگۇ يۇزىدىكى ئىلپەتەك بۇرنىدىن،
ئىخچامغىنا كەلگەن چىشسىز ئاغزىنىڭ نىپىز
لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ ياشلىقتىكى گۈزەللىكىنى
كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئانا چۆرىلىرى ئۇششاق قورۇقلار بىلەن
تولغان مېھرلىك كۆزلىرىنى غەرپ تەرەپكە
قايتىدىن تىكتى - دە، يەنە ئاستا پىچىرلىدى:

— بالام قانداق بولۇپ قالدىكىنە؟ چى-
راي شەكلى مەن كۆرگەندەك تۇرغانمىدۇ
يا ئۆزگەرگەنمىدۇ؟

ئانا شۇلارنى ئويلاۋېتىپ جان - جىگەر
ئوغلىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى - دە، ھىلىلا توختاپ قالغان ئۇچىقۇر
خىيالىنى قوغلاپ كەتتى.

×

بۇۋى رابىيە بىر يىلدىن كېيىن پاق-
لاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى.

ئۆز نەسلىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى-
نىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىغا چەكسىز سۆ-
يۈنگەن شاھى ئىھرام پۈتۈن يۇرتتىكى ئۆلى-
ما - مۇنەججىملەرنى ئوردىغا يىغىپ:

— ئۇلۇغ ئاللا بىزگە ئىلتىپات ئەيلەپ،
شانۇ - شەۋكىتىمىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا
قىلدى، پەرزەنتىمىزگە مەزمۇنلۇق، خاسىيەت-
لىك بولغان بىر ئىسىم قويۇش ئۈچۈن ھەر-
قايسىلىرىنى ھوزۇرىمغا تەكلىپ قىلدىم. قېنى...
مۇۋاپىق ئىسىم تاللاپ كۆرسەڭ.

مۇنەججىملەر چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆك-
تى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز كۆڭلىدە ئويى-
لىغان ئىسمىنىڭ شاھى ئىھرامغا ياراش - يا-
رىماسلىقى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى.

ئۆلتۈرغانلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ
سۆز ئالغان كىشى ئوردا مەسلىھەتچىسى
بولدى:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، — دىدى مەسلى-
ھەتچى تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، —
بالىغا ئىسىم تاللاشتا بالىنىڭ ئانىسىنىڭ بىز-
گە سىڭدۈرگەن تەسىرىنىمۇ ئېتىۋارغا ئالساق،
دەيمەن. چۈنكى ئۇ ھەرقاچان ئوردا ئەمىر-
لىرىدىن: شۈكرى - قانائەتچان بولۇشنى، ئىلىم،
ھۈنەر ئىگەللەشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدى.
شۇ ۋەجىدىن بالىنىڭ ئاتىسىمۇ ئىلىم، ھۈنەر-
دە كامالەتكە يەتكەنلەردىن بولۇپ قالدى.

مەسلىھەتچى شاھقا قاراپ بىر پەس
تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى:

— شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىدا ئاتا - ئانى-
سىنىڭ ئالى پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن
بولسا.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دىدى شاھ كۈ-
لۈمسىرەپ، — ئاق سۈت بەرگۈچىنىڭمۇ ھۆر-
مىتى بولسۇن - دە، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار كەينى - كەي-
نىدىن ئۆز مۇتالىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
باشلىدى.

— م (مىم) — مەمنۇنىيەت دىگەن بو-
لۇدۇ. بۇ شاھىمىزنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىغا قا-
رىتىلغان بولسۇن.

— ھ - ھەمدۇ - سانا — (شۈكرى قىلىش)
مەنىسىدە، بۇ بالىنىڭ ئىنساۋىغا قارىتىلغان
بولسۇن.

— م (مىم) — ماھارەتلىك مەنىسىدە، بۇ
بالىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىگە قارىتىلغان بولسۇن.

— و (ۋاۋ) — ۋارىس ئۇلئىلىم (ئىلىمى-
نىڭ ۋارىسى) مەنىسىدە، بۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ
ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىشقا قارىتىلغان بولسۇن.

— د (دال) — ئىلىم - بىلىم، ھۈنەر - ما-
ھارەت بىلەن تونۇلغۇچى مەنىسىدە، بۇ ئىلىم-
دە، ئەڭ يۇقۇرى كامالەتكە يېتىدىغانلىقىغا
قارىتىلغان بولسۇن، — دىيىشتى.

بۇ گەپلەر شاھنىڭ كۆڭلىگە بەك مۇ-
ياقتى.

شۇنداق قىلىپ بالىغا مەھمۇد (محمود)

دېگەن ئىسىم ئەزان چىللاپ قويۇلدى. شاھى ئىھرام چوڭ زىياپەتلەر بېرىپ بۇ ئىسىم قويۇش مۇراسىمىنى ئاياغلاشتۇردى. كېچە - كۈندۈز ئۆز قەۋمىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئەل شاتلىقىنى زور بەخت ھېساپلايدىغان بۇ ئاتا دېڭىزدەك كەڭ، قۇياشتەك ئىللىق ئانىلىق مېھرىنى ئوغلىغا بېغىشلىدى.

رەپىقىسى بۇۋى رابىيەنىڭ ئاقىلا نەمەسلەھەتى بويىچە ئىلىم - ھۈنەردە خېلى ۋايىغا يېتىپ قالغان شاھزادىمۇ ئوغلىنى قانداق تەربىيىلەش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇراتتى.

×

بىر كۈنى شاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ ئوردا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈدىغان ئېرىق بويىدا، ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنىڭ كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىنى لاي قىلىپ، بىر نىمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىگە كۆزى چۈشتى ۋە يېقىن كېلىپ ئۈنۈگىدىن سورىدى:

— مەھمۇد، نىمە قىلىپ يۈرۈسەن، ئوغلۇم؟

— بوۋا، مەن ئۆيۈك تېپىيمەن.

— نىمە دىدىڭ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى شاھ ھەيران بولۇپ.

— ئۆيۈك تېپىيمەن.

— ھەي، — دىدى شاھ ئاچچىقلىنىپ، — بالىنى ئىنىڭ ئانىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرايلى دىسەم بۇۋى رابىيە ئۇنىمايدۇ، مانا، كىچىك بالا خالىغانچە ئويناپ قوللىرىنى لاي قىلىپ ...

— ياق بوۋا، — دىدى بالا زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن، — مەن ئويۇن ئوينىمىدىم، مەن ئەمگەك قىلىۋاتىمەن، ئۆيۈك تېپىپ، مۇۋە ئالىمەن.

بالىنىڭ بۇ جاۋابى شاھنىڭ سەل دىققىتىنى قوزغىدى بولغاي، سوردى:

— ئوغلۇم، باغدا شۇنچە كۆپ ئۆرۈك بارغۇ، شۇنى يىسەڭ بولمامدۇ؟

بالا نۇر چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى بوۋىسىغا تىكىپ تۇرۇپ:

— بوۋا، ئانام ماڭا:

ئىلىم ھۈنەر بىلەندۇر،
ئادەم قىممىتى.
ئەمگەك بىلەن كېلىدۇ،
ئەلنىڭ نېمىتى.

دەپ ئۆگەتكەن ئىدى ھەم يەنە ئانام ئىشچان بالا — ياخشى بالا بولۇدۇ، دىگەن. مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياخشى بالا بولۇمەن. ئۆزۈم ئۆيۈك تېپىپ ئۆزۈم يەيمەن.

شاھ بالىنى يەردىن دەس كۆتىرىپ ئېلىپ پىشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى. شاھنىڭ ئەتراپىدىكى نۆكەرلەرمۇ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

شاھنىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى شاھى ئىھرامغا قاراپ:

— «ئادەم كىچىگىدىن، تېرىق قۇلغىدىن» دىگەن گەپ بار، شاھىم، بۇ بالىدىكى خاسىيەتنى ياراتقان ئىگىسى بىلگۈسىدۇر، ئەلھەمدۇلىللا، لېكىن پەقىر شۇنداق قارايدۇكى، بالىنىڭ ئانىسىمۇ ئاددى ئانىلاردىن ئەمەستۇر، — دىدى.

شاھى ئىھرام بۇ گەپكە قوشۇلغانلىق مەنىسىدە باش لىڭشىتىپ قويدى.

×

بالا 4 ياشقا تولغان يىلى شاھى ئىھرام نەۋرىسىنىڭ مەكتەپ يېشىغا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەپ ئەل - يۇرتقا چوڭ نەزىر - چىراق بەرمەكچى بولدى ۋە ئەڭ مۆتىۋەر دەپ قارالغان موللىلاردىن ئوردا ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلماقچى بولدى.

ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىنىڭ ئەپ

لىك پۇرستى كەلگەنلىكىنى ھىس قىلغان بۇۋى
رابىيە شاھزادە بىلەن ئوبدان كېلىشۋالغان-
دىن كېيىن، شاھى ئىھرامنىڭ خاس خانىسى-
گە كىرىپ كەلدى.
— شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن،
بۇۋى رابىيە تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى:
—ھۆرمەتلىك ئاتا، پەرزەنتىمىزنىڭ غې-
مىنى يەپ ئوقۇتماقچى بولۇۋاتىسىلا، ھەممە ت-
لىرىگە يۈزمىڭ تەشەككۇر، بىراق تەۋەيىمىز-
دىكى نۇرغۇن پۇخرالارنىڭ ئوقۇش يېشىدى-
كى پەرزەنتلىرى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.
پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىمىز قىلاشى ئەل - يۇرت-
نىڭ جاھالەتكە يۈزلىنىشى دېمەكتۇر. ھازىر،
يۇرتىمىزدا بىرەرمۇ مەكتەپ يوق، ئانچە -
مۇنچە بالىلار پەقەتلا موللا - ئولىمالارنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ دەرس ئېلىۋاتىدۇ. پەيشەنبە-
لىك ئېلىپ بېرىشقا ماجالى يەتمىگەنلەر بول-
سا، ئوقۇشىمىز قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ
كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك بولغان زور ئىشتۇر.
بۇۋى رابىيە يەر ئاستىدىن شاھى ئىھرامغا
بىر قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى:
— ئەگەر ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە ئاشۇ
زىيابەت ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلغا بىر مەك-
تەپ سالساق، ئوقۇش يېشىدىكى مەھەللە
بالىلىرى، جۈملىدىن بىزنىڭ بالىمىزمۇ مەك-
تەپتە ئوقۇسا، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ كاتتا سا-
ۋاپلىق ئىش بولغان بولاتتى.
— ھىم ... — دېدى شاھى ئىھرام ئور-
نىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، — ئوغلۇم ھۆ-
سەيىن بولسا سىزنىڭ ئاقىلانە تەلىۋىڭىز بى-
لەن خۇدا خالىسا ھەم بىلىملىك، ھەم ھۆ-
نەرۋەن ئادەم بولۇپ قالدى. شۇڭا تەختىمى-
نىڭ ۋارىسىدىن كۆڭلۈم ئىمىن تاپتى. ئەمدى
نەۋرىمىزگە كەلسەك، بۇ بالا تۇلىمۇ ئەقىللىق
بالا بولدى. بۇ بالىنىڭ ئاتىسىدىن زىيادى-
رەك ئادەم بولۇشىدا شەك يوق. شۇ سەۋەپ
بالىنى ئايرىم تەربىيىلىمەك زۆرۈردۇر.
—ھۆرمەتلىك ئاتا، — دېدى بۇۋى رابىيە
بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي تۇرۇپ، — ئەل -
يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى ئىلىم - مەرىپەت بىلەندۇر،
شاھ تەختىنىڭ گۈللىنىشى ئەلنىڭ رازى -
رىزالىقى بىلەندۇر.
ئاتىسى بىلەن ئايالى بۇۋى رابىيەنىڭ-
سۆزلىرىگە جىمغىنە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ھۆ-
سەيىن ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن،
ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:
— ئۆزلىرى يۇرت ئاتىسى. يۇرتىمىز-
دىكى پۇخرالارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ
ھۆكمى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار
ئۆزلىرىنى ھۆرمەت قىلغان ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ-
مۇ ئۇلارنى ئىززەت قىلىپ، پۇخرالارنىڭ
جىمىكى پەرزەنتلىرىنى ئۆز نەۋرىلىرىدەك كۆ-
رۈشلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر...
بۇ ئورۇنلۇق گەپلەردىن تەسىرلەنگەن
شاھى ئىھرام مەكتەپ سېلىش تەكلىۋىنى قو-
بۇل قىلدى ۋە غەزنىچىنى چاقىرىپ يېتەرلىك
مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.
مەكتەپ پۈتكەن كۈنى شاھى ئىھرام
يەنە ئوردا ئۇستازلىرىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
كىشىنى مەكتەپكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىدى.
بۈگۈن بالىلارنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان
كۈنى — بۇۋى رابىيەنىڭ ئەڭ شاتلانغان كۈنى
ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەكتەپ سېلىش ئار-
زۇسى ئەمەلگە ئاشتى - دە!
ئۇ ئوغلىنى رەتلىك كىيىندۈرۈپ، بوينىغا
جىلىت ئېسىپ، يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئوغلۇم، بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە
بارىسەن، ئۇستازىڭدىن دەرس ئالىسەن. ئۆي-
گە قايتقاندىن كېيىن، مەندىن ئەدەپ - ئەخ-
لاق ھەققىدە تەلىم ئالىسەن. مەكتەپتە ھەر-
گىز ئۆزەڭنى مەن «شاھزادە» دەپ قارىما-
غىن، ھەممە بالىلار بىلەن ئوخشاش ئوقۇغۇ-
چىسەن؛ ئۇستازىڭنى ھۆرمەت قىل، بولامدۇ؟
— ئانا مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.
ياخشى ئوقۇيمەن، سەن ئۆگەتكەندەك كۆچەت
تىكىپ مىۋە ئالىمەن، — دېدى بالا ئانىسىنىڭ
مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ.
ئانا چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئوغلىنى باغ-

رىغا باستى:

— بالام ... قىزام! ...

ئانىنىڭ خىيالى ئاندىن كېيىنكى كۈنلەر — 1058-يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق، ناھەق قان تۆكۈشلەر، ھەق - ئادالەتنى ئۆزگە مىزان قىلغان ۋاپادار قەدىناسى ھۈسەيىننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلارنى قەلبىگە پۈككەن يالغۇز ئوغلى مەھمۇدنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشقىدا ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ «مۇرغ يولى» ئاتىلىدىغان مانا مۇشۇ يول بىلەن تاغۇ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريالار كېچىپ، چۆللەرنى كېزىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

— ۋاپاسىز پەلەك!... — دېدى ئانا چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، — ھەممە ئادەمنى مۇشۇنداق قاقشىتىپ ئاخىرىدا ئۆزەڭ نىممۇ تاپارسەن؟!

ئانا غەرىپ تەرەپكە ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر قارىغان ئىدى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان قىران ئوغلى مەھمۇد قولىدىكى «دىۋان» نى ئىككى قوللاپ كۆتىرىپ ئانىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

كۆتۈلمىگەن بۇ بەختتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالغان ئانا ھاياجان بىلەن ۋاقىرىۋەتتى:

— بالام، ... جېنىم بالام! ...

ئانىنىڭ ئوغلىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن كەرگەن قوللىرى جىمجىت ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى.

ئوردىدىكى ئادالەتسىزلىك، پىتنە - پاسات يۈرىگىنى تىلىپ، قەدىناسىنىڭ ھىجران ئوتىدا پۇچىلىنىپ، يالغۇز ئوغلىنى سېغىنىش پىراقىدا كۆيۈپ، ۋاقىتسىز موماي سىياقىغا كىرىپ قالغان بۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك سوقۇشى كېچە - كۈندۈز زارىقىپ ئوغلىنى كۈتكەن مانا مۇشۇ يول ئۈستىدە توختىدى. ئۇ يۇمشاق يالپۇز ئۈستىگە يەڭگىلگىنە يىقىلدى.

كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇردى. ئۇپۇق قان رەڭگىنى ئالدى، قىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرى تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتتى. كۈز شاماللىرى ئۇچۇرۇپ كەلگەن غازاڭلار ئانىنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقان تېنىنى كۆممەكتە ئىدى.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئىككى شېئىر

مەخمۇت مۇھەممەت

## مۇھەببەت ئېرىكىسى

ئادەم دىگەن بىر ئىزدىلا تۇرامدۇ،
ئۆمۈر بويى قىزىلگۈللا پۇرامدۇ؟
تىكىنى بار، غازىڭى بار ھەر گۈلنىڭ
جاپاسىنى تەڭ كۆرمىسە بولامدۇ؟

مۇھەببەتنى شۇ نۇقتىدىن ئىزلەيمەن،
ئۇنىڭدىنمۇ ئىسسىقلىكنى كۆزلەيمەن.
ۋاپادارلىق ھارۋىسىنى تەڭ تارتىپ،
قوش قېرىغان قوشماقلارنى كۈيلەيمەن.

## بېلىق بولۇپ ئېلىندىم ئەمدى...

گۆدەك ئىدىم، ئېرىق - كۆلچەكلەر،
ماڭا كاتتا بىر جاھان ئىدى.
قارمىقىمغا ئىلىنمىسىمۇ،
دىمىقىمدا بېلىقنىڭ ھىدى ...

ئۆتتى يىللار ... بېلىق تۇتۇشقا
پەرزەنتىمنىڭ نۆۋىتى كەلدى.
تۇرمۇش ئاتلىق چوڭ بېلىقچىنىڭ،
قارمىقىغا ئىلىندىم ئەمدى.

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

## «ھۇشىياروپ»

### تېيىپجان ئېلىيوپ

«ھۇشىياروپ» دېگەن ئادەم بىر سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ كەلگەندە، ئۆمەكتىكى بەزىلەر بۇ يېڭى باشلىقنىڭ ئىسمىنىڭ غەلىتىلىكىگە ھەيران بولۇپ، بىر - بىرسىگە سوئال-لىق قاراشقان ئىدى، ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىدىكى يانتاقوپ جاۋاپ بەردى.

— ئۇنىڭ ئۆزىمۇ غەلىتە بىر نىمە.

— قانداق غەلىتە؟

— سايىسىدىن ئۈركۈيدىغان ئەنسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسىلەن: «د» ھەرپىنى «لىڭگىل-چاق» دەيدىغانلارنىڭ بىرسى.

ئەتىسىلا يانتاقوپ «رەھبەرلىككە قارشى ئىغۋا تاراتقان» دېگەن ئەيىپ بىلەن خې-لىلا ئەدىۋىنى يېدى. ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا «مەن ئەيىپلىك» دەپ ئاران قۇتۇلغان بولسىمۇ، لې-كىن شۇ كۈنى كېچىسى ئوغۇرلۇقچە مۇنداق بىر شېئىرنى يازدى:

«باشلىق دەپ ئات قويۇلسا تىك مومىغا،
ئۇنى سەن «ئېلىپ» تەك تۈز رەھبەر دېگىن.
ئەگەر ئۇ بولۇپ قالسا ئەگرى ياغاچ،
ئېگىلىپ تۇرىدىغان كەمتەر دېگىن.

خۇش قىلغىن يالغان سۆزلەپ ماختاپ ئۇنى،
ھەزەر قىل، راست گەپ قىلىپ رەنجىتىشتىن.
ئېتىشسۇن باشلىق بىلەن بېشى يوقلار،
تۇرمىسا ياكى قورقۇپ باش كېتىشتىن.

1976 - يىلى ...»

ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۆمەكتىكىلەر يانتاقوپنىڭ ئىغۋاگەرلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ھۇشىياروپنىڭ ئۆزى سەۋەپچى بولۇپ قالدى.

ھۇشىياروپ ئۆمەككە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەجلىس ئېچىپ «زەھەرلىك چۆپلەرنى سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدا «زەھەرلىك چۆپ» دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن مىسالى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مەن ئۆزەم يوقسۇل يېتىم،
بالىلىرىمنىڭ ئەگلى يوق.
ئاندا - ساندا ئۇن تېپىپ،
ئەگلەكنى تاپسام، تەگلى يوق».

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشا ئىدى.

شۇ چاغدا يانتاقوپ ئۆزىنى تۇتالماي:

— يولداش ھۇشياروپ، بۇ ئۆتمۈشتىكى يوقسۇللارنىڭ دەردى كۈيلەنگەن تارىخىي ناخشىغۇ. بۇنى زەھەرلىك چۆپ دېسەك، قانداق بولار؟ — دېۋىدى، ھۇشياروپ:

— بىلىجىرلىماڭ، بۇ كونا گەپ ئارقىلىق بۈگۈنكى ۋەزىيەتكە ھۇجۇم قىلىش ... — دەپ يانتاقوپقا ھومايدى.

ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھۇشياروپ ئۆمەكتىكى بىر ناخشىچىنىڭ قەيەردىدۇ بىر يەردە:

«ئاخشىمى كېلىڭ يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار».

دېگەن قوشاق سېلىنغان ناخشىنى ئېيتقانلىقى ھەققىدە قايناپ:

— بۇ ئادەتتىكى سېرىق ناخشا ئەمەس، رەزىل سىياسى غەرەز يوشۇرۇنغان ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل غەزەل. بۇنىڭدا ئاي يۇلتۇزلۇق بايراقنى سېغىنىش ئىپادىلەنگەن. بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق پانتۇركىسىزىم ۋە پانئىسلامىزىم مۇقامىنى تووۋلاش! — دەپ ئۇستەلنى مۇشتلاپ، ھەممىگە بىر قاتار ھومىيىپ چىقتى ۋە بۇ ناخشىنى ئېيتقۇچىنىمۇ جازالىدى.

بۇ ئىشقا بەزىلەر (جۇملىدىن يانتاقوپمۇ) ئىچىدە كۈلدى.

يەنە بىر كۈنى ھۇشياروپ مۇزىكانتلارنىڭ مەشقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، بىردىنلا رەڭگى ئۆچتى - دە، دەرھال مەشقنى توختاتتى ۋە باش ئىسكىرىپكىچى چالغۇچى مۇزىكانتنى ئەيىپلەپ:

— ھەي، سەن قانداق نېمە؟ باشقىلار سازنى ئىزچىل چېلىۋاتسا، سەن سازىڭنى خۇشياقمىغاندەك ئاندا - ساندا بىر غىرداپ قويۇپسەنا، تازا ھورۇن، ھارامزادە ئىكەنسەن. چېلىش خۇشياقمىسا، باشقا ئىش قىل! — دەپ قايناپ كەتكەن ئىدى، زال ئىچىدە كۈلكە كۆتىرىلدى.

ھۇشياروپ بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، يەنە گەپ قوشتى:

— سەن ماۋۇ كۈلكىنىڭ مەنىسىنى چۈشەن - ھە. بۇمۇ ساڭا بىر خىل تەنقىت، ھوشۇڭنى تاپ!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەكتە ھۇشياروپتىن كۈلىدىغانلار كۆپەيدى. ھۇشياروپ بۇنى سەزگەندىن كېيىن رەھبەرلىك يىغىنىدا:

— بىزدە ئىنقىلاۋىي ھۇشيارلىق كەم ئىكەن. جۇملىدىن، مەندىمۇ كەم ئىكەن ... — دەپ، تېز ۋە بۇ ئىشتا يانتاقوپنىڭ «قارا قولى بار» دەپ سۈرۈشتۈرۈشنى تەكىتلەپتۇ.

يانتاقوپنىڭ قارا قولى بارمۇ - يوق. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ يازغان بىر شېئىرى قولغا چۈشۈپ قالغان بولسا، راستىنلا چاتاق بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى:

قانداق سەگەك جاناپلاردۇر بۇ،
سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ ئۆزى.

خۇش بولۇدۇ قىلغان سۆزىدىن،
باشقىلارنىڭ چەكچەيسە كۆزى.

قاقاقلىسا توخۇ كاككلاپ،
پالاقلايدۇ كەپتۇ تۇلكە دەپ.
مىياۋلىسا ئۆگزىدە مۇشۇك،
ۋاقىرايدۇ يولۋاس كەلدى، دەپ.

بوڭ - بوڭ قوڭغۇز ئۇچسا كېچىسى،
دەيدۇ: «كەلدى ياۋ ئايروپىلانى.»
شۇ چاغ پەستە يانغان چىراقنى
دەيدۇ: «ياۋغا بەلگە نىشانى.»

پىلدەك كۆرۈپ قىلدەك خەتەرنى،
دۈشمەن ياساپ، ۋەھىمە ياساپ،
دۈمبالايدۇ ئۆزىنى ئۆزى،
بۇ — ئىنقىلاپ قىلغانغا ھىساپ.

پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپىمىز،
ئۇخلىغىلى بولماس يۈرەكلىك.
يامان ئىكەن دەيدىغان بولدۇق،
بىخۇتلۇقتىن كۆرە سەگەكلىك.

(بۇ شېئىر 76 - يىلى يېزىلغان ئىكەن، 79 - يىلى قايتا تۈزۈتۈلۈپتۇ.)

## يالغان ماختاشمۇ بىرخىل تۆھمەت

تاشپولات ئاتلىق بىر كادىر خېلى يۇقۇرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئىدى، بىر سورۇندا رەخمەتىبەك دىگەن كادىر ئۇنى يۈزمۇ - يۈز ماختىغىلى تۇردى:

— ... تا شۇجىغا كۆپتىن بېرى ھەممە ئادەم قايىل. بىز بۇنداق قابىل رەھبەرلىرىمىز بىلەن قانچە پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ. كۆلۈۋاتىسىزغۇ تا شۇجى، مېنىڭ بۇنداق دىيىشىمنىڭ ئاساسلىرى جىق. مەسىلەن: «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلانغاندا يۇقۇرى رەھبەرلىك سىزنى ھىلىقى ئىنىستىتۇتقا بارىدىغان گۇرۇپپىغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەندە، سىزنىڭ بارمىغانلىغىڭىز ھەممىگە مەلۇم. مۇشۇ بارماسلىقىنىڭ ئۆزى سىزنىڭ ئالدىن كۆرەرلىگىڭىزنىڭ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان جاسارىتىڭىزنىڭ پولاتتەك پاكىتى. ئىسمىڭىزمۇ مۇشۇنداق جاسارىتىڭىزگە لايىق، يەنە مەسىلەن ...

— بولدى، بولدى، رەھمەت بېگىم، — دېدى قاتتىق ئوڭايسىزلانغان تاشپولات، — پاكىتلارنى خاتا ئىزاھلاپ، ئادەمنى ئازاپلىماڭلا. مېنىڭ ئۇ چاغدا ئۇ يەرگە بارمىغانلىقىم راست. بارغىنىم كەلمە گەنلىكىمۇ راست. چۈنكى ئۇ يەردە زىيالىيلار كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇرتۇمدا ئانام قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغاچقا، بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايتتى - دە، شۇڭا بۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. بۇنى قانداقمۇ ئالدىن كۆرەلىمەك، خاتا لۇ شىيەننى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىق دېگەنلىك بولسۇن؟ مەن بۇنداق بوھتاننى كۆتىرەلمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن رەخمەتبەگنىڭ «يەنە مەسىلەن ...»نى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئورۇن قالمىدى ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى رەھبەرگە بىلدۇرگەن «ئەقىدە» سىگە لايىق مۇكاپات ئالالمىغانلىقىدىن بەك بىئارام بولدى. لېكىن تاشپولاتنىڭ سۆزى سورۇندىكى باشقا ئاغىنىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. مەنمۇ شۇنداق تەسىرات ئىچىدە «تاشپولات راستىنلا سەممىمى ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئۆزى ھەققىدىكى يالغان ماختاشنى تۆھمەتتەك ئېغىر ئالىدىكەن» دېدىم ئىچىمدە.

مەرت كىشى ئەجرىنى پەش قىلغان قاچان
يوق قىلچە ساۋادى ئۇنىڭ بۇ باپتا.
خوشامەت ئالدىدا سېزەر ئۆزىنى
قارىلانغاندىنمۇ ئېغىر ئازاپتا.

كۆرەڭنىڭ پۇتىغا بىر خىشنى قويساڭ
ئۆزى توقتۇزىنى قويۇپ ئالىدۇ.
سەن ئۇنى ئاسمانغا تاقاشتىڭ دېسەڭ،
دەيدۇ: «ئاكاڭ ئايىنى يۇلۇپ ئالدۇ.»

مەرت ئادەم قاچىدۇ خوشامەتچىدىن،
بۇ، ئۇنىڭ پەستلىكنى قوغلىغانلىقى.
ئۆزىنىڭ ئەيىۋىگە رەھىمسىزلىگى
ئالىي پەزىلەتنى قوغدىغانلىقى.

خوشامەت، ماختاشقا مەپتۇن بولغىنىڭ
ئەقلىڭنى ئاتقىنىڭ تاۋىكا — قىمارغا.
نومۇسنى خورىتار ئۇنىڭ خۇمارى
ئۈگەنمىگۈلۈك بۇنداق خۇمارغا.

# ئېلىزابېت. كاكرۇن

ۋېرگىنا كېلىي (ئامېرىكا)

1885 - يىلى پېتېربۇرگ «تېز گېزىت» كە بېسىلغان «ئاياللار قانداق ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋاپىق؟» دېگەن بىر باش ماقالىدا: «ئابرويلۇق ئاياللار ئۆيىدىن چىقماي، ياتلىق بولۇشنىلا كۈتىشى لازىم. ئەگەر بىرەر ئايال بەختكە قارشى ياتلىق بولالمىسا، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە ھەقسىز ئىشلەيدىغان ئۆي باشقۇرغۇچى ياكى بالا باققۇچى بولۇشى لازىم» دەپ يېزىلغان.

بىر قىز بالا بۇنى ئوقۇپ ئاچچىقلانغانلىقىدىن قىزىرىپ كەتكەن ھەمدە دەرھال تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، باش ماقالىدىكى كۆز قاراشلارغا رەددىيە بەرگەن. بۇ خەتتە: «دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ يېرىم ئەقلى - پاراستى ۋە ماھارىتىنى بىكاردىن - بىكارغىلا ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. ئاياللار جەمئىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك» دەپ يېزىلغان. 18 ياشلىق بۇ قىز خەتكە ئىمزا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بىراق، بۇ ئۇنىڭ ئاياللار ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى دادىل ئىشلىيەلمىگەنلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى بولۇپ قالغان.

بۇ قىز ئېلىزابېت. كاكرۇن ئىدى. «تېز گېزىت» نىڭ تەھرىرى گېئورگى. مادىن بۇ ئىمزاسىز خەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن. بۇ خەت مەيلى ئۇسلۇپ ياكى لوگىكا جەھەتتىن بولسۇن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ دەرھال گېزىتكە «باش ماقالىمىزنى خەت ئارقىلىق تەنقىد قىلغان ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىشنى، بۇندىن كېيىن گېزىتىمىزگە ماقالە يېزىپ بېرىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشنى خالايمىز» دەپ ئېلان چىقارغان.

كاكرۇننىڭ كېلىشى مادىننى ھەيران قالدۇرغان. گېزىتخانىغا ئەزەلدىن ئايال كىشى كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىغاچقا، مادىن كەسكىن ھالدا: «گېزىتخانىمىز ئەزەلدىن ئاياللارنى يالLAP ئىشلىتىپ باقمىغان» دېگەن. كاكرۇن كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. مادىن مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قىسقا خەۋەرلەرنى يېزىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلغان. كاكرۇن بۇنى رەت قىلىپ، جىددىي تېمىدىكى ماقالىلارنى يېزىپ بېرىشتە چىڭ تۇرغان. مادىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە مۇرەسسە قىلغان بولسىمۇ، يازغان ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ

ئىسمىنى ئەمەس، ئەرچە ئىسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما كاكرۇن بۇنىمۇ رەت قىلغان. ئىككىسى تازا تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، گېزىتخانىدىكى بىر خىزمەتكار بالا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئامېرىكىدا خەلق ناخشىچىسى ستېفىن فورستېت يازغان «نىرى. بۇرەي» دېگەن ئەڭ كەڭ تارقالغان ناخشىنى ئىسقىرتقىنىچە ئۆتۈپ كەتكەن. كاكرۇن بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، ئۆزىدىگە «نىرى. بۇرەي» دەپ ئەدىبىي تەخەللۇس قويغان.

كاكرۇن ئايالىلار ئەزەلدىن ئىشلەپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشىپ، مۇخبىرلىق قىلىش ئۈچۈن، زاۋۇت، دوختۇرخانا، دارىل ئاجىزىنلارغا بارغان.

بىر قېتىم، ئۇ بىر بوتۇلكا زاۋۇتىدىن ئىش تېپىپ، چاشقانلار قۇتراپ يۈرۈدىغان سېخلاردا ئايال ئىشچىلار بىلەن كۈنىگە 14 سائەت ئىشلىگەن. ئۇلار 5 ئامېرىكىدا دوللىرى ئىش ھەققى ئېلىش ئۈچۈن ھەپتىسىگە 6 كۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. ئايال ئىشچىلار ئۇنىڭ ھەققىي سالاھىيىتىنى بىلمىگەچكە، ئۆزىنىڭ دەرتلىرىنى ئۇنىڭغا تۆككەن. كاكرۇن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى زېڭ قويۇپ ئاڭلاپ، ئەستايىدىل خاتىرىلەپ، پاش قىلىش ماقالىسى يازغان، ئۇنىڭ ماقالىسى پىتسبۇرگنى زىل - زىلىگە سالغان.

ئۇ 19 ياشتا مېكسىكىغا مۇخبىرلىق قىلغىلى بېرىپ، نامراتلىق توغرىسىدا، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ھەم ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى توغرىسىدا ماقالە يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى مېكسىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جېنىغا تەككەنلىكتىن، ئۇنى مېكسىكىدىن قوغلىغان. ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، داۋاملىق ماقالە يېزىپ، مېكسىكىدىكى ئاياللارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئامېرىكىدا خەلقىغە تونۇشتۇرغان.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كاكرۇن نيۇيوركتا بېرىپ، يۇسۇپ. پۇرس باشقۇرۇدىغان «دۇنيا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بولغان. ئۇ بلاكۋى ئارلى، يەنى شەرقىي نيۇ - يورك دەرياسىغا جايلاشقان ساراڭلار دوختۇرخانىسى ھەققىدە ماقالا يازماقچى بولۇپ، يۇسۇپ. پۇرسقا: «مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى — ئۆزەم ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىش، باشقا ساراڭلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسەم، ئاندىن 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولالايمەن» دەپ تەكلىپ بەرگەن. پۇرس بۇنىڭغا قوشۇلغان.

كاكرۇن تەييارلىققا كىرىشىپ، چىقىراش، چىرايىنى سەتلەشتۈرۈش ۋە كىشىلەرگە مىقتەنەك تىكىلىپ قاراشنى مەشق قىلغان. ئاندىن جەنۇبىي نيۇ - يوركتىكى بىر سارايدىن ئۆي تېپىپ، ئۆي ئىگىسىگە مېكسىكىدا ئۆگىنىۋالغان تاقىتا - تۇقتا ئىسپانچە سۆزى بىلەن: «مەن كۇبادىكى چوڭ بىر باينىڭ ۋارىسى بولۇمەن، ھازىر ھاۋانادىن مېنى ئالغىلى كېلىدىغان ماشىنىنى كۈتىۋاتىمەن» دېگەن سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، يىغلازار قىلىپ، ماللىرىنى چاقىرىشقا باشلىغان. كىشىلەر كاكرۇننى ئاۋال دوختۇرخانىغا، ئاندىن بلاكۋى ئارىلىدىكى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان.

كاكرۇن بلاكۋى ئارىلىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى دوختۇرلارنىڭ شەپقەتسىز، سېستىرالارنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىگىنى؛ كېسەللەرگە كىشىنىڭ كۆڭلى ئاينىيدىغان تاماقلارنى بېرىدىغانلىقىنى؛ تۇرارجايلارنىڭ ئىنتايىن پاسكىنا ئىكەنلىگىنى؛ كېسەللەرگە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى؛ بۇ ساراڭلار

دوختۇرخانىسى بولسىمۇ، قامالغانلارنىڭ ھەممىسىلا ساراڭ ئەمەسلىكىنى؛ بەزىلەر ياشانغانلىقى، ئاغرىقچان بولغانلىقى ئۈچۈنلا رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ تۈرمىگە ئوخشاش ئۆيلەردە تىل-ھاقارەت ۋە ئاچ-يالىڭاچلىق ئازاۋىنى تارتىپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بايقىغان.

كاكرۇن 10 كۈندىن كېيىن «كېپىلگە بېرىلىپ» بۇ يەردىن يېنىپ چىققان. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا «ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسى ئىچىدە» دېگەن ماۋزۇدا بىر مۇنچە ماقالە يازغان. بۇ ماقالىلار نيۇ-يوركنى، پۈتۈن مەملىكەتنى زىل-زىلىگە سېلىپ، ھۆكۈمەتنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىنى تەكشۈرۈشكە ھەمدە ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان.

كاكرۇن ئارقىدىنلا دىققەت-ئېتىبارىنى ئامېرىكىغا ئاغدۇرغان. شۇ چاغدا ئىش ھەققى تۆۋەن، ئەمگەك شارائىتى ناچار، ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان بىر تۈرلۈك كىچىك زاۋۇت يەنى «قان-تەر زاۋۇدى» بار ئىدى. ئۇ گېزىتتىن قەغەز ساندۇق ياسايدىغان بىر زاۋۇتنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ زاۋۇتقا بېرىپ، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن لامپا بىلەن يورۇتۇلىدىغان كىچىك ئۆيگە قامىلىپ، ئەتىگەن سائەت 7 دىن كەچ سائەت 6 گىچە ئىشلىگەن. بۇ زاۋۇتتا 12 ياشلىق قىز ئىشچىلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى 2 ھەپتىلىك ئىشىغا ھەق بېرىلمەيتتى. شۇڭا، زاۋۇت تەرەپ بۇ قىزلارنى ھەمىشە ئىككى ھەپتىلا ئىشلىتىپ، بىر پۇڭمۇ بەرمەيلا بوشىتىۋېتەتتى.

كاكرۇن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن پاش قىلىش ماقالىسى يېزىپ، قانۇننى بۇ ئايال ئىشچىلارنى قوغداشقا دەۋەت قىلغان.

كاكرۇن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئامېرىكا ئاياللىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن شان-شەرەپ ۋە ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن، ئەمما بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىغان. ئۇ، ئاياللارغا تېخىمۇ كەڭ زېمىن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، كۈرەش قىلماقچى بولغان. 1872 -يىلى فرانسىيە فانتازىيە يازغۇچىسى ژىيۇل ۋېرىن «يەر شارىغا 80 كۈنلۈك سەپەر» دېگەن بازىرى چاققان مەشھۇر كىتابىنى يازغان. بۇ كىتابتىكى ئاساسى قەھرىمان فورس فوگېر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 80 كۈندە يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققان. كاكرۇن بۇ رىكورتنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. «دۇنيا گېزىتى» ئۇنى قوللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1889 -يىلى 11 -ئاينىڭ 14 -كۈنى ئەتىگەندە نيۇ-جېرسى شىتاتىدىن يولغا چىققان.

كاكرۇن بوران-چاپقۇنلارغا، كېسىلگە قارىماي، ئۆز سەپىرىنى توختاتماي «دۇنيا گېزىتى»گە تېلېگرامما ۋە خەتلەر ئەۋەتىپ تۇرغان. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ قىزغا زور قىزغىنلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە دىققەت قىلغان. پۈتۈن ئامېرىكا شاتلىققا چۆمگەن، بەزىلەر كىتاب يېزىپ، بەزىلەر ناخشا ئېيتىپ ئۇنى مەدھىيىلىگەن. نۇرغۇن گۈللەر، پويىزلار، بەيگە ئاتلىرى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇ سان-فىرانسىسكوغا كەلگەندە، يۈز مىڭلىغان ئادەم پىرىستانغا بېرىپ، ئۇنى قارشى ئالغان. ئاياللار بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇ ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا ماڭغان، دوخۋوي ئوركېستىرى

ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇزىكا چالسا، تاماشابىنلار ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى. ئۇ پويىز بىلەن ئامېرىكىنى كېسىپ ئۆتكەندە، كىشىلەر ئۇنى ھەر بىر بېكەتتە قىزغىن قارشى ئالغان. ھەتتا كانزاس شتاتىدا بەزىلەر ئۇنى شتات باشلىقى سايلىمىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغان.

ئۇ 72 كۈندىن كېيىن نيۇ-جېرسى شتاتىنىڭ پېرستانىغا قايتىپ كېلىپ، يەر شارىنى ئايلىنىشتا يېڭى رىكورت ياراتقان. ئامېرىكا ئاياللىرى ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن. نيۇ-جېرسى شتاتىنىڭ باشلىقى مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن: «ئامېرىكا ئاياللىرى ئەمدى كەمسىتىشكە ئۇچرىمايدىغان بولدى، ئۇلار ئىرادىلىك، مۇستەقىل، ھەر قانداق شارائىتتا ئۆزىنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كىشىلەر، دەپ تونۇلدى» دېگەن.

كاكرۇن ئاخىرقى ئۆمرىدىمۇ ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ئورنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇ گېزىت چىقارغان، زاۋۇتمۇ قۇرغان، كېيىنچە زاۋۇدى تاقىلىپ، نيۇ-يوركقا يەنە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «نيۇ-يورك كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئادەتتىكى مۇخبىرى بولغان.

1922 - يىلى ئىلىزابېت. كاكرۇن ۋاپات بولغان، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 1920 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى تەرىپىدىن 19 - نومۇرلۇق تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى ماقۇللىنىپ، ئاياللار سايلام ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئاياللارنىڭ خىزمەت شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. دەۋر ئۆزگەرگەنچكە، ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشكە قانائەتلەنمەي، جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە باشلىغان.

(«مۇشتېرىلار ئورۇندىلىرى» ژورنىلىدىن) اياك چىڭيۇ تەرجىمىسى



www.uyghurkitap.com

# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىدىن

## دانا ناۋايى

بىر يېزىدا راخمانقۇل دېگەن بىر يىگىت ياشايدىكەن. راخمانقۇلنىڭ دادىسى ياش چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ ياڭغۇز ئانىسى بىلەن قاپتۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن بايلىقى بىرلا سىيىر ئىكەن. ئانىسى سىيىر بېقىپ، راخمانقۇل جاڭگالدىن تېرىپ كەلگەن ئوتۇننى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئانا-بالا ئىككىيلەن ئاران-ئاران تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. نىمە ئۈچۈندۇر راخمانقۇل بىردىنلا شائىرلىققا ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر شېئىر يېزىپ، يېزىداشلىرىغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. ئاڭلاپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي راخمانقۇل، سەن كاتتا شائىر بولىدىغان ئوخشايسەن. لېكىن مۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ، مەقسىدىڭگە يېتىش قىيىن. ئەڭ ياخشىسى، تاپقان-تەرگىنىڭنى ئېلىپ ھىرات دېگەن شەھەرگە بار. ئۇ يەردە ناۋايى ئاتلىق شائىرلارنىڭ پىرى بار ئىمىش. ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشسەڭ شائىرلىقنى راۋۇرۇس ئۆگىنىۋالىسەن.

راخمانقۇل بۇ گەپنى توغرا تېپىپ ھەزرىتى ناۋايىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ «پۇلنى نەدىن ئالىمەن؟» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى تاپقان-تەرگىنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە ئاران يەتكەچكە، ئۇنىڭ بىرەر سومىمۇ ئارتۇق پۇلى يوق ئىكەن. ئويلا-ئويلا ئاخىرى ھىلىقى ياڭغۇز سىيىرنى ساتماقچى بوپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئانىسى پەقەت كۆنمەي:

— مالدىن ئايرىلدىڭ — جاندىن ئايرىلدىڭ، — دەپ تۇرىۋاپتۇ.

— مەن شائىر بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، مۇنداق مالدىن بىرنى ئەمەس، بىرقانچىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ راخمانقۇل. ئانىسى نائىلاج رازى بوپتۇ. راخمانقۇل مالنى سېتىپ ھىرات شەھرى نەدە سەن، دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. سورا-سورا ئاخىرى ھىرات شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئادەملەردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، شائىرلارنىڭ شائىرى ناۋايىنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ناۋايى دوستى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن سەپەردە ئىكەن. راخمانقۇل: «كېلىپ قالار» دەپتۇ-دە، شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. سىيىرنىڭ پۇلىمۇ تۈگەپتۇ. راخمانقۇل سامساپەزگە ئوت قالاپتۇ، ناۋايچىغا شاگىرت بوپتۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەپتۇ. ئاخىرى كوچا-كويدا تەنتىرەپ يۈرۈپ، تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ كوچىنىڭ بويىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرسا، ئالدىدىن ئىككى كىشى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ياشانغانراق بىرسىگە ئۆتكەن-كەچكەنلەر چوڭقۇر سالام بېرىپ، ئارقىسىدىنمۇ تازىم قىلىشىپتۇ. ھىلىقى كىشىمۇ سالاملاشقانلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ھەتتا توختاپ بەزىلىرى بىلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان راخمانقۇل: «ھەممەيلەن بىلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپ ئۆتىۋاتقان بۇ كىشى كىمكىنا؟» دەپ

ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا قۇلىقىغا «ھەزرىتىم» دىگەن سۆز كىرىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا راخمانقۇل: «ھەزرىتى ناۋايى دىگەن شۇ بولسا كېرەك» دەپتۇ-دە، قارا كۆرۈنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. ناۋايى شەھەرنىڭ سەل چەترەگىدىكى بىر باغدا تۇرۇدىكەن. راخمانقۇل ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ، شائىرنىڭ بېغىغا كىرىپ قاپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا، باغ تولىمۇ گۈزەل، خىلمۇ-خىل گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇل، تۇتىلار سايراپ تۇرغان، تەرەپ-تەرەپتە ياش-ياش تالىپلار كىتاپ ئوقۇشۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلار ناۋايىنى كۆرۈپ دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. ناۋايى ئۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ. شۇ چاغدا ناۋايىنىڭ كۆزى بىردىنلا راخمانقۇلغا چۈشۈپ قاپتۇ. راخمانقۇلمۇ ئالدىراپ-تېنەپ سالام بېرىپتۇ-دە:

— شائىرلارنىڭ پىرى ناۋايى سىز بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، مەن ناۋايىمەن، ئەمما شائىرلارنىڭ پىرى ئەمەسمەن، — دەپتۇ ناۋايى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، — خوش، يىگىت، مەندە بىرەر ئىشىڭىز باردەك قىلىدۇ، تارتىنماي، ئېيتىۋېرىڭ.

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، — دەپتۇ راخمانقۇل، — مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدىم. مېنى شائىرلىققا شاگىرت قىلىپ ئالسىڭىز.

راخمانقۇلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان تالىپلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ناۋايى ئۇلارغا قارىغان ئىكەن، ھەممە تالىپلار دەرھال جاي-جايلىرىغا بېرىشىپ، كىتاپ ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ. ناۋايى راخمانقۇلنى سۇپىغا تەكلىپ قىپتۇ. نان-چاي كەلتۈرۈپتۇ. راخمانقۇل ناندىن تويغىدەك يەپ، چايدىن قانغىدەك ئىچىۋالغاندىن كېيىن، شائىرغا قاراپ سۆز باشلاپتۇ:

— يېزىمىزدا ئوتۇنچىلىق قىلىمەن، ئانام يالغۇز بىر سىيىرىمىزنى بېقىش بىلەن بەنت ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەپلەپ-سەپلەپ تىرىكچىلىك قىلىپ تۇراتتۇق. نىمە ئۈچۈندۇر شائىر بولۇشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم. بىر كۈنى بىر شېئىر يېزىپ يېزىمىزدىكىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋىدىم، ئۇلاردىن بىرسى: «سەن كاتتا شائىر بولۇدىغان ئوخشايسەن، ياخشىسى، ناۋايى دىگەن شائىرلارنىڭ پىرىدە ئوقۇشۇڭ كېرەك» دەپ قالدى. «شائىر بولسام بولاي» دىدىم-دە، ئۆيدىكى سىيىرنى سېتىپ، سىزنى ئىزلەپ يولغا چۈشتۈم. شەھەرگە كەلسەم، سىز سەپەردە ئىكەنسىز. كەلگىنىمگە ئون كۈندىن ئاشتى. مالنىڭ پۇلىمۇ تۈگىدى. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەمدىكى كۈنۈم تىلەمچىلىككە قالدى.

ناۋايى راخمانقۇلنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ. كېيىن قەلەم بىلەن قەغەز ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ-دە:

— قېنى، مانا مۇشۇنىڭغا بىرەر شېئىر يېزىڭچۇ؟ — دەپتۇ. راخمانقۇل ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئەمما مىڭىسىگە زادىلا شېئىر كەلمەپتۇ. ئۇ ناۋايىغا قاراپ:

— شېئىر يازالمىدىم، ئىلھام كەلمىدى، — دەپتۇ.

— بولمىسا، — دەپتۇ ناۋايى، — شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆزىڭىز پىششىق بىلىدىغان بىر-ئىككىنى ئوقۇپ بېقىڭچۇ؟

راخمانقۇل ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، مىڭىسىگە ھېچقايسى شائىرنىڭ شېئىرى كەلمەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ھېچقانداق شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇمىغان ئىكەن.

— ھەزرەت، — دەپتۇ ئۇ ئاخىرى ناۋايىغا قاراپ، — ھېچقايسى شائىرنىڭ شېئىرى مىڭەمگە كەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزىڭىزلا ئوقۇۋەتسىڭىز.

راخمانقۇلنىڭ بۇ سۆزىگە ناۋايى كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ. كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ:

ــ بولمىسا بىرەر ناخشا ئېيتىڭ، ــ دەپتۇ.

ــ ھە، مەيلى، ناخشا ئېيتسام، ئېيتىپ باقاي، ــ دەپتۇ راخمانقۇل ناۋايىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىۋېتىپ. ئۇ تەمبۇرنىڭ ئۇ قۇلىقىنى بۇراپتۇ، بۇ قۇلىقىنى بۇراپتۇ، زادىلا ساز قىلالماپتۇ. ئاخىرى ناۋايى ئۇنىڭدىن تەمبۇرنى سوراپ ئاپتۇ ـ دە، بىردەمدىلا سازلاپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ راخمانقۇل قانچىلىك ئۇرۇنمىسۇن تەمبۇرنى چالالماپتۇ. راخمانقۇلنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ناۋايى ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ يىگىت، شائىر بولۇش ئۈچۈن كەم دېگەندە ئۈچ نەرسىدىن خەۋەردار بولۇش زۆرۈر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، كۆپ ئوقۇش كېرەك. جىمىكى ياخشى شائىرلارنىڭ شېئىرىنى ياتقا بىلىش لازىم.

ــ سىز جىمىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا بىلەمسىز؟! ــ دەپ سوراپ قاپتۇ راخمانقۇل.

ــ جىمىكى شائىرلارنىڭكىنى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خاتىرەمدە ئانچە ـ مۇنچە شېئىر ساقلايمەن، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ناۋايى، كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ، ــ شائىر بولماقنىڭ ئىككىنچى شەرتى، ئەستايىدىل مېھنەت قىلىشتۇر. قايتا ـ قايتا مەشق قىلماق شەرتتۇر. كىشى ئانا قوسىغىدىن شائىر بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. مېھنەت بىلەن مەشق ئارقىلىقلا شائىر بولۇدۇ. شېئىرغا بولغان ھەۋەسنى كېچە ـ كۈندۈز دىمەي مەشق قىلىش ئارقىلىقلا ۋايىغا يەتكۈزۈش مۇمكىن.

راخمانقۇلمۇ بوش كەلمەپتۇ.

ــ سىزمۇ، ــ دەپتۇ ناۋايىغا قاراپ، ــ كېچە ـ كۈندۈز مەشق قىلامسىز؟

ــ ھەئە، ــ دەپتۇ ناۋايى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ شائىر بولماقنىڭ ئۈچىنچى شەرتى شۇكى، ناخشا ئېيتىش بىلەن ساز چېلىشنى بىلىش زۆرۈر. ناخشا ئېيتمىغان، ساز چالمىغان، شېئىرنى ئاھاڭغا سالالمايدىغان شائىر چالا شائىر، ــ ناۋايى بىر ئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ، ــ ھىلى «جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، بازاردا ساتاتتىم» دېدىڭىز. شۇ ئىشىڭىز بىلەنمۇ نۇرغۇن بىچارىلەرنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىسىز. قېنى، ئەمدى، كەلسە ـ كەلمەس شېئىر يېزىپ، ئۆزلىرىنى شائىر ساناپ يۈرگەنلەرمۇ سىزدەك بولسا ئىدى، ھېچ بولمىسا، دالادىن ئوتۇن يىغىپ بىرەر غېرىپنىڭ ئۆيىنى ئىسسىتسا نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ يىگىت مەزىسىز شېئىر يېزىپ كىشىلەرنى رەنجىتكەندىن كۆرە، قىردىن ئوتۇن توشۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مىڭ مەرتە ئەلا. مانا بۇنى ئېلىڭ ـ دە، يېزىڭىزغا قايتىپ، سىير ئېلىپ ئانىڭىزنى خۇرسەن قىلىڭ، مېھنەتتىن يۈز ئۆرۈمەڭ.

ناۋايىنىڭ دانالىقىغا قايىل بولغان راخمانقۇل ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ـ دە، شائىرلىقنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز يېزىسىغا قايتىپتۇ.

## غەزەل ۋە قىلىچ

ھىندىستاننىڭ بىر ۋاقىتلاردىكى پادىشاسى پەرغانىلىق مىرزا بابىر ھەم ئالىم، ھەم شائىر ئىدى، ئۇ ھىندىستاننىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىگە بىر باغ بىنا قىلىپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بەزمىلەر قۇرۇپتۇ. تۈرلۈك مەملىكەتلەردىن كەلگەن شائىر ۋە ئالىملار، سازەندە ۋە ناخشىچىلار،

ئويۇنچى ۋە ئۇسۇلچىلار قاتناشقان بۇنداق بەزمىلەر كەچقۇرۇن باشلانسا تاكى تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدىكەن. شۇنداق بەزمىلەرنىڭ بىرىدە بابىر شاھنىڭ ئۆزى غەزەل ئوقۇپ، مېھمانلارنى راسا مەمنۇن قىپتۇ. بەزمە ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ياش بىر شائىر بابىر شاھقا تارىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئۇستاز، سىز غەزەل بىلەن قىلىچ كۈچىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى ۋە شائىرلارنىڭ مەلىكۇششۇئەرا① سىز. بىر مەسىلىدە تالىشىپ قالدۇق، شۇنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— مەيلى، سورا، — دەپتۇ بابىر شاھ.

— ئېيتىڭا، قىلىچ كۈچلۈكمۇ ياكى غەزەل؟ — دەپ سوراپتۇ ياش شائىر. ھەممەيلەن بىردىن كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئولتۇرغانلاردىن بىرى كۈلكىدىن ئۆزىنى زورغا توختىتىپ:

— ئەلۋەتتە قىلىچ - تە، ئۇكا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ياق، خاتا دەيسىز، — دەپتۇ بابىر شاھ ئۇنىڭغا قاراپ، — ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ.

پادىشانىڭ سۆزىدىن غەيرەتلەنگەن شائىر:

— دەھشەتپىكىنىڭ ئېيتىشىچە، قىلىچ ھەممە نەرسىدىن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئىمىش، ئۇنىڭغا غەزەل ئانچىكىم قۇرۇق گەپ، ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەسمىش، — دەپتۇ.

بابىر شاھ:

— دەھشەتپىك ئەخمىقانە سۆزلەپتۇ. غەزەلمۇ، قىلىچمۇ قۇدرەت ۋە كۈچتە ئۆز جايى ۋە ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ. بەزى ھاللاردا غەزەل ھەتتا قىلىچتىنمۇ كۈچلۈكرەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئورنى كەلگەندە غەزەلنىڭ كۈچىنى ھېچقانداق قىلىچ باسالمايدۇ. كەمىنە بۇنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار:

بابىر شاھ شۇنداق دەپتۇ - دە، بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان نەۋقىران ۋاقتىم ئىدى. كامان بىلەن ئوچار قۇشنى، قىلىچ بىلەن دېۋنى، تۇلپار بىلەن ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىنى ئۆزەمگە بويسۇندۇراتتىم. رەقىپتىن قورقۇش، جەڭدە ۋەھىمىگە چۈشۈش ياكى دۈشمەن مەندىن كۈچلۈك بولسا، ئۆلۈمدىن قورقۇش ئادىتى مەندە ياشلىقىمدىنلا يوق ئىدى. سەپەردىمۇ، شىكاردىمۇ ئۆزەمنى ئوتقا ئېتىپ، سۇغا تاشلايتتىم. بىر قېتىم ئۇزاق سەپەرگە ئاتلاندىم. كېتىۋېتىپ پۈتۈن ئەتراپىنى قار قاپلىغان سىرلىق بىر تاغ - جەزىرە ئىچىگە كىرىپ قالدىم. شۇ يەردە نورۇزنى كۈتۈپ، كېيىن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.

مۇنداق يەرلەردە قاراقچى، يول توسارلارنىڭ تەمتىلەپ يۈرۈدىغانلىقىنى، كارۋانلارنىڭ يولىنى توساپ، ماللىرىنى بۇلاپ، ئۆزلىرىنى قۇلغا ئوخشاش سېتىۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ كاساپەتلەر بىزگىمۇ يولۇقتى. ئىككى ئارىدا قاتتىق جەڭ بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدىم. ئەسىرلەر ئىچىدە بىر ھۆرلىقانى كۆرۈپ قالدىم. قاراقچىلارنىڭ باغداتتىن ئېلىپ قاچقان ئولجىسى ئىكەن. بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئەسىرۇ - مەپتۇنى بولۇپ قالدىم.

ئۇ سەنەم ئاللاھ ئەۋە ياسالغان چېھرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىشنى

① مەلىكۇششۇئەرا — ئۆتمۈشتە ئەڭ ئۆتكۈر شائىرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

www.uyghurkitap.com

ئېيتتىم. يالۋۇرۇپ-يېلىندىم. قېلىچ كۆتىرىپ دوق ۋە پوپوزا قىلدى. ھېچبىرى سەنەمگە كار قىلمىدى. ئۇ قولىغا خەنجەر تۇتۇپ، ئەگەر كىم چېدىرغا باستۇرۇپ كىرسە، ئۆزىگە خەنجەر ئۇرۇۋېدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قاتتى. شۇ چاغدا سەپەر ۋە جەڭلەردە ماڭا يول كۆرسەتكۈچى ئۇستازغا مەسلىھەت سالدىم. ئۇ «بىر بېيىت شەھەر ئالغىنىنى كۆردۈققۇ. سەن شائىرسەن، سەنەمگە بولغان ئاشىقۇ-بىقارارلىغىڭنى نەزىم يىپىغا تىزىپ-دە، ئۇنىڭغا كۆرسەت. چۈنكى، كۆڭۈل مۈلكىنىڭ كۆرۈنمەس سۇلتانى بولغان غەزەل ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، باغرى تاش گۈزەلنى ئىنساپقا كەلتۈرسە ئەجەپ ئەمەس» دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن غەزەل يازدىم. ھەمرالىرىم ئىچىدىكى سازەندىلەر ئۇنىڭغا ئاھاڭ ئىشلىدى، ناخشىچىلار ئاھاڭغا سېلىپ، سەنەمنىڭ چېدىرى يېنىدا ئۇنى زوق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. غەزەللىرىم بۇلبۇلنى ئۆزىگە تارتىپ مەس قىلدى. چۆل تورغايلىرىنى سايراتتى. غەزەل سېھرىدىن كىشىلەر ئۆزىنى قويۇۋېتىدىغان يەر تاپالماي قېلىشتى. ئەمما سەنەمگە تەسىر قىلمىدى... تۆۋەندىكىسى شۇ غەزەلىمدىن پارچە:

سەن گۈلسەنۇ، مەن ھەقىر① بۇلبۇلدۇرمەن،
سەن شوئىلەيۇ، ئول شوئىلگە مەن كۆلدۇرمەن.
نىسبەت يوق دەپ ئىژتىناپ② ئەيلەمەكىم،
شاھمەن ئەلگە، ئەمما ساڭا قۇلدۇرمەن.

كۆڭلۈم شۇ تەرىقىدە ئۆتەۋەردى. سەنەم چېدىرغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەي خىيالغا پېتىپلا ئولتۇراتتى. مەن بولسام غەزەل يېزىشتىن، ناخشىچىلار ئۇنى ئېيتىشتىن ھارمىدۇق. سەنەم غەزەپ ئېتىدىن ئەسلا چۈشمىدى. ئىككى كۈن ئۆتتى، سەنەم يەنىلا يا سۆز قاتمىدى، يا قارىسىنى كۆرسەتمىدى... ھەپتە ئۆتتى. ئۇستازىم ئېيتقاندەك، نەزىم ئۆز سېھرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، سەنەمنىڭ قەھرى-غەزەپكە تولغان قەلبىنى خۇددى كىمياگەرلەر تاشنى ئېرىتكەندەك ئېرىتتى. ئۇ ئاخىرى ئاق چاچلىق خوتۇن ئارقىلىق مېنى چاقىرىپتۇ. يېنىغا كىردىم. سەنەمنىڭ غەزىۋى يېنىپ شۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇكى، بىر ھۆسنىگە ئون ھۆسن قوشۇلۇپتۇ. سىيادەك قارا چاچلىرى يەنىمۇ قويۇقلىشىپ، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى ھىلال ئايدەك قاشلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، چىرمىشىپ كېتىپتۇ. چىرايىدىن نۇر يېغىپ، كۆزلىرى ئاھۇنى خىجىل قىلىپ تۇرۇپتۇ. «غەزەلنى كىم يازدى؟» دەپ سورىدى سەنەم ئويىماقتەك ئاغزىنى ئېچىپ. «مەن» دەپ جاۋاپ بەردىم. «سەن؟» تەئەججۈپلەندى سەنەم. مەن ئۇنىڭغا شائىرلىغىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇ زامات قولۇمغا قەلەم بىلەن قەغەز ئېلىپ، بىر غەزەل يازدىم-دە، ئوقۇپ بەردىم.

— ياخشى يېزىپسەن. ياخشى ئادەم غەزەل يازىدۇ. سەنمۇ غەزەل يازىدىكەنسەن. دىمەك، قەھرىڭ زەھەر ئەمەس، باغرىڭ تاش ئەمەس. مېنى غەزەللىرىڭ شەيدا قىلدى. «غەزەل كىشى يارىسىنى ساقايتىپ، دەردىنى يېنىكلىتىدۇ، ياخشى غەزەل كۈندەك ئىللىتىپ، تۈنۈڭنى يورۇتىدۇ» دەيتتى دادام. رەھمەتلىكمۇ غەزەل يازاتتى. يارىماسلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتتى. سەن ئۆز غەزەللىرىڭ بىلەن دادامنى يادىمغا چۈشۈردۈڭ، ئۆلۈك تېنىمگە جان ئاتا قىلدىڭ، سەن ئۇتتۇڭ، مەن سېنىڭكى،— دىدى.

مەن شۇ غەزەل شەيداسىغا ئۆيلەندىم. ئاڭلىدىڭمۇ، غەزەل دوق-پوپوزىدىن، قورال-يا-

① ھەقىر — قەدىرسىز، خورلانغان.
② ئىژتىناپ — يىراقلىشىش، چېكىنىش، ساقلىنىش.

راقتىنمۇ يۇقۇرى ئىكەن. ھېچكىم يېشەلمىگەن، ئۆز ئۆلۈمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، نە قەھرى ـ غەزەپلىك قاراقچىلارغا، نەمەندەك سۇلتانغا بويسۇنمىغان، ئۆگىتىلمىگەن پەرىزات قەلبىنىمۇ غەزەل ئېرىتىپ تاشلىدى.

دىمەك، قىلىچنى غەزەلدىن ئۇستۇن دىگۈچىلەر قاتتىق يېڭىلىشىدۇ. قىلىچنىڭ شاقۇر ـ شۇقۇرىدىن كۆرە غەزەلنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كۆپرەك ئاڭلانسا، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى.

## شەيخ بىلەن مەشرەپ

بابارەھىم مەشرەپ ياشلىقىدا بىر شەيخنىڭ قولىدا خىزمەتكار ئىكەن. شەيخنىڭ تىنىم بەرمەي ئىشلىتىشى، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن تۆھمەت قىلىشلىرى شائىرنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى شائىر شەيختىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ تۆۋەندىكى ھەجۋىنى يېزىپتۇ:

كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە ئاچ ئىت كەبى ھۇۋلاپ ھامان،
نەپ، تاما بىرلەن قىلار تائەت ـ ئىبادەتنى شەيخ.
نەپسىچۇن كۆر، بەدناما① لار ئىچرە رەسۋادۇر ئۆزى،
مال ئۈچۈن ساتۇر ئىمان، دىنۇ، ئىناۋەتنى شەيخ.

شائىر بۇ ھەجۋىنى تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەيخ شائىرنى تىللاپ ئۆيىدىن قوغلىۋېتىپتۇ. مەشرەپ شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان بىر بىچارىنىڭ ئۆيىدە پانالاپ، ياشاشقا باشلاپتۇ. مەشرەپ يازغان غەزەل بىردەمدىلا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، شەھەرگە تاراپ كېتىپتۇ. شەيخ شەرمەندە يۇ ـ شەرمىسار بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «شەيخى كازىب①» دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ. شەيخ كوچىغا چىقىپ ئادەملەرگە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەشرەپتىن ئۆچ ئېلىشقا ئەھد قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم قويۇپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەشرەپ ئىلىم ئەھلى بولغان ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقىچە غەزەلخانلىق قىلىشىپتۇ. مەشرەپ ئۆزىگە ياققان بىر غەزەللەر كىتاۋىنى سوراپ ئېلىپ، تاڭ ئاتار پەيتىدە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئايغاقچى مەشرەپنى پايلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ شەيخكە:

— خوراز چىللاشقا باشلىغان باش تۇخۇ مەزگىلىدە، قارا ياغاچنىڭ تېگىدە ماراپ تۇرسام، مەشرەپ دىگىنىڭىز قاياقتىندۇر كېلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كۆزۈم قولتۇغىغا قىستۇرۇۋالغان بىر نەرسىگە چۈشتى. پەممىچە، ئۇ خېلى قىممەتلىك بىر نەرسە ئوغۇرلىغاندەك تۇرۇدۇ، — دەپ خەۋەر بېرىپتۇ.

شەيخ ئوپۇل ـ توپۇل كىيىنىپ، كەشىنى قولتۇقلاپ، ھەمتاۋىغى قازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. شەيخ قازىنىڭ ئالدىغا كىرە ـ كىرمەستىنلا:

— جانابى قازى ئەلەم، ئەشەددى ئوغرىنى قولغا چۈشۈردۇق، بۇيرۇسىڭىز، ياساۋۇل باشلىغى ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، زىندانغا تاشلىسا، — دەپتۇ ھولۇقۇپ.

ياساۋۇللار شائىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، نوقۇپ، دۈشكەلەپ، سۆرەشتۈرۈپ قازىخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئىت يوق يىمەستە قازىخانىغا كېلىپ ئولتۇرغان شەيخنى كۆرگەن مەشرەپ ئىشنىڭ تېگىگە دەرھال يېتىپتۇ.

— بۇ شائىر مەشرەپقۇ، — دەپتۇ شەيخنىڭ قۇلىغىغا قازى. شەيخ:

— ياق، بۇ شائىر ئەمەس، مۇتىھەم، ئوغرى. ئۇنى تېزدىن زىندانغا تاشلاش كېرەك، — دەپتۇ.

① بەدناما ـ چىرايى خۇنۇك، يىرگىنىچلىك.
① شەيخى كازىب — ساختا شەيخ.

— كىمسەن؟ تاڭ سەھەردە ئۆيۈڭگە نەدىن كەلدىڭ؟ قولتۇغۇڭغا قىستۇرۇۋالغان نەرسىنى نەدىن ئوغۇرلىدىڭ؟ — ئۆزىنى تونۇمىغانغا سېلىپ كەينى-كەينىدىن سوئال ياغدۇرۇپتۇ قازى. شائىر مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن بابارەھىم موللا ۋەلى ئوغلى مەشرەپمەن. شائىر كىشىلەرنىڭ ئارامىدىن باشقا يەنە نىمىلەرنى ئوغۇرلايتتى. بۇ ئوغۇرلۇق ئايرىملارغا راھەت بېغىشلىسا، بەزىلەرگە ئازاپ بېرىدۇ، — دەپتۇ شەيخ تەرەپكە قاراپ، — مەن شائىرمەن. قەلەم-قەغەز ئوغۇرلاي دىسەم ئۇلار ئۆزەمدە يېتەرلىك. غەزەل ئوغۇرلاشنى ئەزەلدىن ئادەت قىلغان ئەمەسمەن.

— ئوغرىسەن! بىر نەرسىنى ئوغۇرلاپ ئۆيۈڭگە كىرىپ كەتكىنىڭنى شەيخنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپتۇغۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— شەيخىم ئېيتقان بولسا ئىشەنمەك دەركار. يالغان بىلەن راستنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمايدىغان شەيخىم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم راست سۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەشرەپ.

مەشرەپ توغرىمەن دىسە، قازى ئوغرىسەن دەپتۇ. شائىر قانچىلىك كۆيۈپ-پىشىپ گەپ قىلمىسۇن، بەرىبىر قازىنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ. قازى بىلەن سەن-پەن دىيىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوقلۇغىغا كۆزى يەتكەن شائىر:

— ھەئە، ئوغرىمەن، — دەپتۇ.

— نىمە ئوغۇرلىدىڭ؟

— بەكمۇ قىممەتلىك نەرسىنى.

— كۈمۈشمۇ؟

— ياق.

— ئالتۇنمۇ؟

— ئالتۇندىنمۇ قىممەت.

— بولمىسا مەرۋايىت ئىكەن-دە؟ — دەپ سوراپتۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قازى.

— دۇر ۋە مەرۋايىتلاردىنمۇ قىممەتلىكرەك، — دەپتۇ مەشرەپ، — ئۆيۈمگە يوشۇرۇپ قويغان، ئادەم ئەۋەتسىڭىز ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى، شۇ نەرسە سىزنىڭ بولۇپ قالسۇن، مېنى ئوغرى دەپ زىندانغا تاشلاڭ. لېكىن مەندەك ئاسىي بەندىنىڭ سىزدەك ئالى پاناغا بىر ئەرزى بار. شۇنى بېجىرىڭىز، دەپ شەيخىم ئىككىڭىز قەسەم ئىچىڭلار. شۇ چاغدىلا ئوغۇرلىغان نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغان جاينى ئېيتىمەن. بولمىسا، بۇ سىر ئۆزەم بىلەن بىللە كېتىدۇ.

مەشرەپنى زىندانغا تاشلاپ، تېزرەك مەقسىدىگە يېتىشنى ئويلىغان قازى رازى بولۇپتۇ. ئالتۇن ۋە گۆھەرلەردىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنىڭ تېزرەك قولغا چۈشۈشىنى ئويلاپ تاقەتسىزلەنگەن قازى:

— مەيلى، شەرتىڭنى ئېيت، — دەپتۇ. مەشرەپ:

— مۆھتەرەم قازى، شەرتىم شۇكى، سىز شەيخىمنىڭ «شەيخى كازىب» يەنى ساختا شەيخ ئىكەنلىگىنى ئادەملەر ئالدىدا ئوچۇق ئېيتىسىز، — دەپتۇ.

— ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قازى.

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئالتۇن ۋە گۆھەردىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىغىنى ئېيتمايمەن، — دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ مەشرەپ.

ئالتۇن دىسە دادىسىنى سېتىشقا تەييار تۇرغان قازىنىڭ شائىرنىڭ شەرتىگە رازى

بولۇشتىن باشقا ئىلاجى قالماپتۇ.

— ئەمدى، شەيخىم سىز بولسىڭىز جامە ئالدىدا تۇرۇپ شائىر مەشرەپتىن كەچۈرۈم سورايسىز، بۇ ئىككىنچى شەرتىم — دەپتۇ مەشرەپ.

شەيخ دەسلەپ قەتئىي رازى بولماپتۇ. كېيىن مەشرەپنىڭ ئوغرىلىقىنى پاش قىلىنسا، شائىردىن بىر ئۆمۈر قۇتۇلۇدىغانلىقىنى ئويلاپ رازى بوپتۇ. قازى بىلەن شەيخ قولىرىغا نان ۋە قۇرئاننى ئېلىپ: «مەشرەپ شائىرنىڭ شەرتىنى بەجىرىمىز!» دەپ قەسەم ئىچىشىپتۇ. مەشرەپ ئوغۇرلىغان ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىكرەك، گۆھەردىنمۇ ئەلاراق نەرسىسىنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار بېرىپ، ئۇنى تېزلا ئېلىپ كەپتۇ.

قازى ئوراغلىق نەرسىنى ئالدىراپ ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىتاپ چىقىپتۇ.

— بۇ كىتاپقۇ؟ — ۋاقىراپتۇ قازى، — ئوغۇرلىغان ئالتۇندىن قىممەت، گۆھەردىن ئەلا نەرسەڭ قېنى؟

— شەيخىم، سىزگە خەۋىرى يەتكۈزۈلگەن ئوغۇرلانغان نەرسە ئەنە شۇ كىتاپ. دەرۋەقە كىتاپ مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن، يەنى ئالتۇن، گۆھەر، مەرۋايىتلاردىن ئەلاراقتۇر. ئىلىم ئەھلى ئاشنالىرىمدىن سوراپ ئېلىپ، شەيخىمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن، دەپ تىقىپ، يوشۇرۇپ يۈرگەن نەرسە — ئەنە شۇ سىز كۆرۈپ تۇرغان كىتاپ ئىدى.

مەشرەپ سۆزىنى تۈگىتە-تۈگەتمەيلا:

— يوقال، كۆزۈمدىن! — دەپ ۋاقىراپتۇ قازى.

— ياق، قازىيۇ-ئەلەم، — دەپتۇ مەشرەپ، — نان بىلەن قۇرئان سۆيۈپ قەسەم ئىچكەنسىز، ئېيتقىنىڭىزنى قىلمىسىڭىز، قۇرئان بىلەن نان ئۇرۇپ كېتىدۇغۇ، مېنى دىسىڭىز شەرتىمنى بەجىرمىگىچە ھېچقەيەرگە كەتمەيمەن.

قازى دەسلەپ ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، كېيىن پەسكارىدا چۈشۈپ، ئىسمىنى يېغىپتۇ-دە، شەيخنى «شەيخى كازىب» دەپ ئېلان قىپتۇ. قازىنىڭ قىستىشى بىلەن شەيخ شائىر ئالدىدا تىز پۈكۈپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ. شۇندىن باشلاپ شەيخ «شائىر»، «شېئىر» دىگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسىلا، دىر-دىر تىترەيدىغان بوپتۇ.

مەشرەپ:

خوجا، سەيىد، بەگۇ-خان، سەردارلار بەدكار① بولسا،
زۇلۇم تىغى تېز ئۆتۈشتە ھەر بىرى نامدار بولسا،
بەنىيەت كاززاپ شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار بولسا،
مەزلۇم ئەللەر ئىڭرىشىپ كىم پارچە نانغا زار بولسا،
كۇفىر ئېلىگە مەشرەپتەك رەھنەما② پەيدا بولۇر.

دەپتۇ-دە، بۇ شەھەردىنمۇ باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۆزبېكىستان «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان، پىلولوگىيە پەنلىرى دوكتۇرى مالىك مۇرادوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئەللامەلەر ۋە شائىرلار ھەققىدىكى خەلق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى» دىگەن كىتاپتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيبىۋرانى.

① بەدكار — يامان ئىش قىلغۇچى.
② رەھنامە — يول كۆرسەتكۈچى.

www.uyghurkitap.com

رومان: (فىرانسۇزچە. roman) — سىغىمچانلىقى ئەڭ زور بولغان بايان خاراكتېرلىق ئەدەبىي ژانىر.

رومان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەركىن بايان قىلالايدۇ. مۇرەككەپ تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تالاي قاتناشقۇچىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رومان ئەڭ چوڭ كومپوزىتسىيىگە ئىگە.

رومان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشتە چەكسىز ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە بىر روماندا بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: شى نەيئەننىڭ «سۇ بويىدا»، ماۋدۇننىڭ «تۈن يانغاندا» ۋە قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» قاتارلىق رومانلىرى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

رومانىس: (فىرانسۇزچە. romanis) — لىرىكىنىڭ بىر خىلى، كىچىك مۇزىكا ئەسىرى. مەسىلەن: ت. ئېلىيېۋنىڭ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دىگەن شېئىرىگە، ئىسكەندەر سەيپۇللانىڭ ئىشلىگەن مۇزىكىسى. ئانچە چوڭ بولمىغان لىرىك شېئىرمۇ رومانىس دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىزىم: (فىرانسۇزچە. romantisme سۆزىدىن كېلىپ چىققان) — ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، قەدىمقى زامان ئەپسانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بەرپا بولغان ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ بېيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان ھەم مۇكەممەللىشىپ بارغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىدۇر.

رومانتىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىدا رېئاللىقتا بولمىغان، لېكىن بولۇشقا تېگىشلىك ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان تۇرمۇش كارتىنىسى، غايىۋى دۇنياغا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش تەسۋىرلىنىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى غايىۋى دۇنياغا قىزغىن ئىنتىلىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، بۇ خىل مېتودنى ئىگەللىگەن يازغۇچىلار ھەرقاچان باي، ھەيران قالارلىق تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە، ئاجايىپ-غارايىپ سىيۇژىتلار، ئەپسانىۋى قىياپەت، باي ۋە جانلىق تىلنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ.

رومانتىزىم — 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدە بىر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ سىياسىي جەھەتتە، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت كىلاسسىزىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆرلەش دەۋرىدىكى ئىدىيىۋى ھالەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.

رومانتىزىمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى: ئۇنىڭدا غايە ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇ ئىلغار خاھىشقا ۋەكىللىك قىلسا ئاكتىپ رومانتىزىم، رېئاللىققا خىلاپلىق قىلسا پاسسىپ رومانتىزىم دەپ ئاتىلىدۇ.

رۇبائىي: (ئەرەبچە. رباعى. كۆپلۈكى «رباعيات» تۆتلىك سۆزىدىن) — شەرق شېئىر-

ۋىيىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان شېئىرىي ژانىر. رۇبائىي كىچىك شېئىرىي شەكىل سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ پەقەت تۆت مىسرادىنلا تەركىپ تاپسىمۇ، چوڭقۇر غايىۋىي مەزمۇننى، يەنى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى مۇكەممەل بەدىئىي تۈستە ئىپادىلىيەلەيدۇ.

رۇبائىنىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيە تەرتىۋى بولۇدۇ، ئادەتتە رۇبائىدا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالار قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ. بەزىدە رۇبائىنىڭ ھەممىلا مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيە بىلەنمۇ كېلىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتتا بۇنداق رۇبائىلار «تارا نائىي رۇبائىي» دەپ ئاتالغان ئىدى.

**رۇجۇئ:** (ئەرەپچە. رجوع — قايتىش سۆزىدىن) — شائىر بەزىدە كىشى، نەرسە ياكى ھادىسىنى دەسلەپ خىيالىغا كەلگەن مەلۇم ئوبرازلىق ئىپادىلەر بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەينى زاماندا پوئېتىك ئىپادە ۋە ئىستىتىك تەسىرنى كۈچەيتىش نىيىتىدە ئاۋالقىدىن كۈچلۈك سۆز — ئوبراز يارىتىدۇ ۋە بۇنى ئىلگىرىكىسىدىن كېچىش ياكى قايتىش يولى بىلەن بېرىدۇ. بۇنداق شەكىل ئەدەبىياتشۇناسلىقتا «رۇجۇئ» دېيىلگەن. مەسىلەن:

«بۇدۇررى. نوياپ ۋە فامۇ ئىكەن،
گەر ئۇل ئەمەس، مېھرى گىيامۇ ئىكەن؟
مېھرى گىيا دېمەككى، ئەنقادۇر ئۇل،
جەۋھەرى فەردۇ، دۇرى يەكتادۇر ئۇل.»
(ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»)

«ئەزىم ئەيلە سەبا ئۇل گۈلى خەندانىگە،
نە گۈلكى، قۇياشتەك ماھى قابانىگە.»
(بابىر)

**ژانىر:** (فرانسۇزچە. genre — تۈر، خىل سۆزىدىن) — ئەدەبىي ئەسەرلەرنى شەكلى جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىش. بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يا ئۇ خىلدىكى، ياكى بۇ خىلدىكى ژانىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ كونكرېت فورمىسى — ژانىر بولمايدىكەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى مەۋجۇت بولالمايدۇ.

**جەڭنامە:** تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغۇچى قەدىمى قىسسىلەر، ئېپىك مەسنىۋىي شەكلىدىكى يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر. شەرق ئەدەبىياتىدا فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى بولالايدۇ. رۇس ئەدەبىياتىدا «ئىگور جەڭنامىسى» مۇ مۇشۇ تۈردىكى ئەسەر دەپ نەقىل قىلىنىدۇ.

**جانلاندۇرۇش:** بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسانغا خاس قابىلىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى: سۆزلەش، ھىس قىلىش، پىكىر قىلىش ۋاھاكازالارنى ھايۋانلارغا، جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت. كىلاسسىك يازغۇچىلار بۇ ئۇسۇلدىن تولا پايدىلانغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە جانلاندۇرۇش كۆپ ئۇچراپ تۇرۇدۇ. بۇ ئۇسۇل ئايىرىم بېيىت ۋە مىسرالاردىمۇ قوللىنىلغان:

«... پىغان ئەيلەر رابابى ياد قىلۇر،
ئۇرار كۆكسىگە يۇ پەرياد قىلۇر،

ئۇزارتىپ بويىنىنى بىچارە تەمبۇر،
مېنىڭ ھالىمغا يىغلار، نالەشىن كۆر...»
(مەجلىسى، «قىسسەئى سەيفۇل مۇلۇك»)

**سەجئى:** (ئەرەبچە، «سجع») — قاپىيىلىك نەسر. بۇ كۆپرەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر شەكىل. تارىختا بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەر مۇشۇ يول بىلەن يېزىلغان. خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلارنىڭ نەسرى يول بىلەن يېزىلغان جايلىرىمۇ «سەجئى» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باشلانمىسى بولۇپ كەلگەن «بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۆرى باقاۋۇل، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن...» دېگەن گەپلەر ئەينەن «سەجئى» نىڭ بىر كۆرۈنۈشى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس بۇ ئۇسۇل يازما ئەدەبىياتقىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن. 11 - ئەسىردە ياشىغان مەھمۇت قەشقىرى ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا «سەجئى» لەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان. ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» (كۆڭۈللەر سۆيگۈسى) دېگەن ئەسىرىنىڭ ئايرىم جايلىرىنى يۇقۇرقى ئۇسۇل بىلەن يازغان.

«سەجئى» نىڭ بىر خىلىنى «مۇتەۋازىن سەجئى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنى «مۇرەججەز نەسر» دەپمۇ ئاتايدۇ. رۇس ئەدەبىياتىدا بۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنى «نەسرى شېئىر» دەيدۇ. نەسرى شېئىر لىرىك خاراكتىرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭغا ئى. س. تۇرگېنېۋنىڭ «گۈللەر قانداق ياخشى تازا ئىدى» دېگەن ئەسىرى مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سەجئىنىڭ ئەنئەنىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈمىز.

**سەنئەت:** (ئەرەبچە. ھىكمەت سۆزىدىن) — 1. سەنئەت، 2 ھۈنەر، كەسىپ، 3. ئىشلەپ چىقىرىش - سانائەت مەنىلىرىنى بىلدۈرگۈچى سۆز. سەنئەت ئىدېئولوگىيىگە خاس ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسۇل، مېمارچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، كىنو، سەھنە سەنئىتى قاتارلىق خىلمۇ - خىل سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماھىر ئەدىپ، ئۇستا چالغۇچى ئاجايىپ ئۇسۇلچى ۋە باشقا سەنئەت ئەھلىلىرى «سەنئەتكار» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى — ئىجتىمائى تۇرمۇش. سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋەقەلىكنى ئوبرازلار ۋە يارقىن مەنزىرىلەر ئارقىلىق بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. ئۇ، شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا شەكىللىرى (سىياسەت، ئەخلاق ۋە باشقىلار) دىن پەرق قىلىدۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە سىنىپىي خاراكتىرى جەھەتتىن ئۇ، ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا شەكىللىرىدەك ئۇستقۇرۇلما ھادىسىسىدۇر.

سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى خەلق ئاممىسىغا ئىستېتىك زوق ۋە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. سەنئەت ئىپادىلەش شەكلى ھەم ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن تىل سەنئىتى، سەھنە سەنئىتى، سۈرەتلەش سەنئىتى ۋە ئونىۋېرسال سەنئەت قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**ساتىرا:** (گرىكچە. satura — تۈرلۈك، ئارىلاش سۆزىدىن) — ئىجتىمائى ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى ئايرىم گورۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ يارىماس، سەلبى خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاچچىق كۈلۈپ ۋە ئۇنى تەنقىدىي تەسۋىرلەپ يېزىلغان ھەجۋىي ئەسەر. ساتىرىك ئەسەرلەر تۈرلۈك

ژانىرلار (رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە باشقا ژانىرلار) دا يېزىلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا مۇنداق ئەسەرلەر «ساتىرىك رومان»، «ساتىرىك پوۋېست»، «ساتىرىك ھېكايە»، «ساتىرىك شېئىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

يازغۇچى ساتىرادا مۇبالىغىدىن، فانتازىيىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن ۋەقەنى قەستەن كۆپتۈرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ساتىرىك ئوبرازنىڭ تاشقى قىياپىتىنى مەسخىرە قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي نۇقسانلىرىدىن كۈلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ھەجۋىي ـــ تەنقىت ئاستىغا ئېلىنغان كىشىنىڭ يارىماس خۇسۇسىيەتلىرىنى، مىجەز - خۇلقىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەنلىكىدۇر. چۈنكى: «ساتىرا كەمچىلىكلەرنى، كىشىلەرنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى، يامان قىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىش بولماي، بەلكى ئاچچىقلانغان ھىسنىڭ كۈچى، ئالىجاناپ غەزەپنىڭ گۈلدۈرمامىسى ۋە چاقمىقى بولۇش كېرەك» (ۋ. گ. بېلىنسكىي). مانا مۇشۇنداق ساتىرا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ۋە ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ساتىرا، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ساھەلىرىنىڭ بىرىدۇر.

**سېنتىمېنتالىزىم:** (فرانسۇزچە. sentimental ـــ سەزگۈچى سۆزىدىن) ـــ 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئېقىم. دەسلەپ ئەنگلىيىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئوداللىزىمنىڭ كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇزۇق ئەخلاقىغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئېقىم نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە دىخانلار ھاياتىي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا قارىمۇ - قارشى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا فېئوداللىزىم خورلىغان كىشىلەرگە ئىچىنىش ھىسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئېقىم كلاسسىزىمغا ۋە شۇ يۆنىلىشتىكى ئەسەرلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: كىشىنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئارتۇقچە تەسۋىرلەش بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

سېنتىمېنتالىزىمنىڭ ئەينى زاماندا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلغارلىقى بولغان.

**سىياسىي لىرىكا:** شائىرنىڭ ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئالغان تەسىراتى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىدىيىسى ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى. بۇ خىل شېئىرلاردا چوڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنىپ، شائىر ۋەكىللىك قىلغان سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا لىرىكچانلىق ئىنتايىن كۈچلۈك، مەزمۇن ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ خەلقنى ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىققا، قەھرىمانلىققا، ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرىدۇ ۋە شۇ روھتا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**سىمۋول:** (گرېكچە. symbolom ـــ قەدىمقى گرېكلاردا مەخپىي بىر تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن قوللىنىدىغان شەرتلىك بەلگىسى ـــ رەمزى) ـــ مەجاز تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقە ياكى چۈشەنچە ھەمدە پېرسوناژلار (نەرسىلەر) ئىپادىسى ئۈچۈن شەرتلىك ھالدا كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى. مەسىلەن: كەپتەر ـــ تىنچلىق سىمۋولى. تاڭ ـــ يورۇقلۇق، ئىستىقبال سىمۋولى. تۈن ـــ بەختسىزلىك، ھالاكەت سىمۋولى.

مەلۇم ۋەقەنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى ۋە غايىسىنى بەلگىلىگۈچى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە يارقىن مۇجەسسەملەشتۈرگەن بەدىئىي ئوبرازغا نىسبەتەن سىمۋول سۆزى قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

«ئاق چاچلىق قىز» كىنو فىلىمىدىكى ئاق چاچ قىز ئوبرازى ئۆتمۈشتىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئەمگەكچان، جاپالىق تۇرمۇشىنىڭ ۋە پارتىيىسىنى، ۋەتىنىنى سۆيۈدىغان روھىنىڭ سىمۋولى. ئارمىيە بولسا، خەلق ئازاتلىقىنىڭ سىمۋولى.

**سىمۋولىزىم:** (گرېكچە. symbolon — شەرتلىك بەلگە سۆزىدىن) — 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەيدانغا چىققان ئاساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بىرسى. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىغا ئومۇمى يۈزلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى سوبيېكتىپ ئىدىئالىزىم بولۇپ، رېئال دۇنيانى قۇرۇق، جاپالىق، «ئۇ دۇنيا» نى بولسا، ھەقىقى ھەم گۈزەلدۇر، دەپ قارايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، سىمۋولىزىم بويىچە يېزىلغان شېئىرلاردا چۈشكۈنلۈك ۋە قايغۇ ھىسسىياتى تولۇپ - تاشقان، شەخسىيەتچىلىك ۋە سىرلىقلاشتۇرۇش تەرغىپ قىلىنغان بولىدۇ.

**سيۇژېت:** (فرانسۇزچە. syjet — پىردىمېت، نەرسە سۆزىدىن) — ئېپىك، لىرىك ياكى دىراماتىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان، ئۆزئارا باغلانغان ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى. ۋەقەلەردە ئىپادىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا تەسىرى كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ تۈرلۈك خىسلەتلىرىنى، پېرسوناژلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، خاراكتېرلارنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى ۋە جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

سيۇژېتتا ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم توقۇنۇشلار، قارىمۇ - قارشىلىقلار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەكس ئېتىدۇ. ماكسىم گوركى سيۇژېتنى «ئالاقىلار، قارىمۇ - قارشىلىقلار... ۋە ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئۇ ياكى بۇ خاراكتېرنىڭ ئۆسۈش ۋە تەشكىل تېپىش تارىخى» دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.

**سوتسىيالىستىك رېئالىزىم:** پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېپ - يېڭى، مىللى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى مەھسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ سەكرەش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئى تونۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتەردى.

سوتسىيالىستىك رېئالىزىم — رېئالىزىمنىڭ يېڭى دەۋردىكى يەنى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى تەرەققىياتى بولۇپ، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن رېئالىزىمدۇر.

سوتسىيالىستىك رېئالىزىم تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە ھەققانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ ئۇسۇل شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ماھىيەتكە ئىگە بولىدۇكى، ئۇ، ھاياتنى تارىخىي، كونكرېت ۋە ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىش جەريانىدا، يەنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزىم ماكسىم گوركىنىڭ نامى بىلەن چىڭ باغلانغان بولۇپ، 1934 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق سوۋېت يازغۇچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا رەسمى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تۈزگۈچى: م. زەيدى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككى مەسەل

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

## قەلەم بىلەن قەغەز

قەلەم دەپتۇ قەغەزگە
ئۆز رولىنى كۆپتۈرۈپ:
«مەن سىنىڭدىن ئەۋزەلمەن!
بىلسەڭ، تۆھپەم شۇنچە كۆپ.
ئامراق ماڭا شۇڭلاشقا
ئەدىپ، ئالىم، زىيالى.
ئايرىمايدۇ يېنىدىن
چىن دوستىدەك مىسالى».
ئاڭلاپ قەغەز بۇ گەپنى
بوپتۇ بەكمۇ دەرغەزەپ.
قىلماق بوپتۇ تۆت ئېغىز
لايىقىدا ئاڭا گەپ.

بۇ چاغدا رەڭ قەغەزگە
بوپتۇ ھىسداش، خەيرىخاھ.
لەت قىلغىلى قەلەمنى
يۈرۈشمەپتۇ زادىلا.
سىزالماستىن ئېلىپمۇ
بوپتۇ قەلەم بەك ئوسال.
تاپالماپتۇ بۇ ھالدىن
قۇتۇلۇشقا ھېچ ئامال.
قايىل بولۇپ دەپتۇ ئۇ:
«رولۇم مېنىڭ چاغلىقكەن.
ھەرقانداق ئىش ئۆزئارا
ھەمكارلىققا باغلىقكەن.»

## شاخ بىلەن يوپۇرماق

(مەسەل)

ئاياقلىشىپ ياز پەسلى
كەپتۇ سېرىق ئالتۇن كۈز.
ئالما شېخى ياپراققا
ھەسرەت چېكىپ قىپتۇ سۆز:
«ياپراق دوستۇم، سەن ئىدىڭ
ئەڭ ۋاپادار ھەمرايىم.
گۈزەل ئىدىم، شات ئىدىم
سېنىڭ بىلەن ھەر دائىم.
مەن بولغاچقا ھەمىشە
كۆڭلۈم شۇنچە توق ئىدى.
بوران، يامغۇر، ئاپتاپتىن
ھېچ ئەندىشەم يوق ئىدى.
بەخش ئەتسەڭ ھۆسنۈمگە
سەن يېشىللىق زىننىتى.
ئوخشايتتى زەپ مەن بىلەن
مېۋىلىرىم لەززىتى.

ئەپسۇس، سېنىڭ ھاياتىڭ
بارماس ئەمدى ئۇزاققا.
سەنسىز قانداق چىدارمەن
يالغۇزچىلىق ـ ئازابقا؟!»
بېرىپ شاختا تەسەللى
دەپتۇ ياپراق شىۋىرلاپ،
«غەم يېمىگىن بىھۇدە
ئۆز ـ ئۆزەڭنى ئازابلاپ
سۆيسەم چۈشۈپ زېمىننى
ئۇزاق قالماي چىرەرمەن.
مەن ئايلىنىپ ئوغۇتقا
ساڭا قۇۋۋەت بېرەرمەن.
كەلسە كۆكلەم سەن يېڭى
ياپراقلارغا تولارسەن.
گۈزەل يازنى مېۋەڭنىڭ
ھىدلىرىغا ئورارسەن.»



13 ياشلىق مەمەتتۇرسۇن دار ئۈستىدە
سۈرەتنى تۇرسۇن تۇردى تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

